ش ئۇ ئا ر قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقى مۇناسىۋىتى
بىلەن تاللانغان شېئىرلار

# توي چاچقۇسى



جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسى تۈزدى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
1985 - يىل

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: مەھەممەت ئايۇپ

**توي چاچقۇسى**

(شېئىرلار توپلىمى)

جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسى تۈزدى

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھەر ئازاتلىق كوچا № 306)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 17.5 قىستۇرما ۋارىقى: 3
1985 - يىل 2 - ئاي 1 - نەشرى
1985 - يىل 7 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: M10098·996
تىرازى: 1 — 5.000
باھاسى: 1.37 يۈەن

# تۈزگۈچىدىن

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىق تويى يېتىپ كەلدى. ھەر مىللەت خەلقى زور خوشاللىق بىلەن ھەر ساھەدە قولغا كەلتۈرۈلگەن شانلىق غەلىبىلەرگە تەنتەنە قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، چېگرا رايوننىڭ شېئىرىيەت گۈلزارىدا ئېچىلغان رەڭمۇ - رەڭ گۈللەرنى كۆرەك قىلىش ۋە ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن بۇ توپلامنى تۈزۈپ چىقتۇق.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغان 30 يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ پارتىيە 11 - قۇرۇلتىيى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر ساھە خىزمەتلىرىدە غايەت زور نەتىجىلەر قولغا كەلدى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋي ھاياتىدا زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. بۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا بىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىمىزمۇ گۈللەپ ياشنىدى. بولۇپمۇ يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان ئەدەبىيات قوشۇنىمىز يىلدىن - يىلغا كېڭىيىپ، زور بىر تۈركۈم شائىرلار سەپكە قوشۇلدى. مول مەزمۇن ۋە يۈكسەك بەدىئىلىككە ئىگە بولغان بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى. بىر ھەقلىق يوسۇندا شۇنى ئېيتالايمىزكى، بىزنىڭ شېئىرىيەت گۈلزارىمىز ئۆتكەن ھەر قانداق ۋاقىتتىكىگە قارىغاندا، تېخىمۇ چىرايلىق ۋە رەڭدار گۈللەر بىلەن تولماقتا.

بۇ توپلامغا پارتىيە 3 - ئومۇمى يىغىلىشىدىن كېيىن ئىجات قىلىنغان بىر قىسىم ئەسەرلەر ئاساس قىلىنىپ، 121 شائىرنىڭ 310 پارچە شېئىرى تاللاپ كىرگۈزۈلدى. تاللانغان ئەسەرلەر ئىچىدە بىر قىسىم ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىدىن باشقا خەنزۇ، قازاق، موڭغۇل، خۇيزۇ، قىرغىز، شىبە، تاجىك ۋە ئۆزبېك قاتارلىق قېرىنداش مىللەت شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىمۇ؛ پېشقەدەم شائىرلار ۋە ئوتتۇرا ياشلىق شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدىن باشقا، بىر قىسىم ئۈمىتلىك ياش شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىمۇ بار. شۇڭا، بۇ توپلام ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك شېئىرىي ئىجادىيىتىنىڭ يېڭى مەنزىرىسىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. توپلامغا كىرگۈزۈلگەن شېئىرلاردا بىزنىڭ ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىز قىزغىن كۈيلەنگەن، مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى مەدھىيەلەنگەن، چېگرا رايوننىڭ گۈللەپ - ياشناۋاتقان يېڭى مەنزىرىسى سۈرەتلەپ بېرىلگەن، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ شىنجاڭنى ئېچىش ۋە گۈللەندۈرۈش يولىدىكى ئىرادىسى، ئارزۇ - ئارمانلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. شۇڭا، بۇ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن شېئىرلاردىن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيىگە ۋە ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزگە بولغان قىزغىن مۇھەببىتىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

توپلام سەھىپىسىنىڭ چەكلىك بولۇشى تۈپەيلىدىن بىر تۈركۈم شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىنى توپلامغا كىرگۈزەلمىدۇق، تەھرىرلىك، تەرجىمە سەۋىيىمىزنىڭ تۆۋەنلىكىدىن بەزى خاتالىق ۋە سەۋەنلىكلەرنىڭ بولۇشىمۇ ئېھتىمالغا يېقىن، كەڭ كىتابخانلارنىڭ تەنقىت ۋە تۈزىتىش بېرىشىنى ئۈمىت قىلىمىز.

جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسى.

1985 - يىل، يانۋار.

## مۇندەرىجە


تۆمۈر داۋامەت ...... جەنۇپ تەسىراتلىرى ...... 1
ئەزىزوپ قاسىم ...... جەڭچى ناخشىلىرى ...... 5
ئەلقەم ئەختەم ...... شېئىرلار ...... 9
تېيىپجان ئېلىيوپ ...... شېئىرلار ...... 17
ئابدۇكېرىم خوجا ...... يېزىدىن كەلگەن
شېئىرلار ...... 26
ئابلىز نازىرى ...... ياشلىق بىزگە ئەبەدى
يولداش ...... 34
ئەھمەت زىيائى ...... نەي ساداسى ...... 40
ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ...... شېئىر ۋە رۇبائىلار ...... 44
ئىمىن تۇرسۇن ...... قىزىلگۈل ...... 50
تۇرغۇن ئالماس ...... ياشلىق چىچەك ئاتقان
شۇ كۈندە ...... 56
قۇربان ئىمىن ...... تاشتى ئىلھامىم مېنىڭ دەريا
بولۇپ ...... 60
رەھمىتۇللا جارى ...... شىمالغا سەپەر ...... 65
مۇھەممەت رەھىم ...... شۇنچە گۈزەل بىزنىڭ بۇ
ۋەتەن ...... 69

ئەرشىدىن تاتلىق ...................... شېئىرلار ..................... 75
تۇردى سامساق ...................... شېئىرلار ...................... 79
پەتتارجان مۇھەممەدى ............. ئۆمۈر چىچەكلىرى ......... 83
جاپپار ئەمەت .......................... تاشلىنار ئەتىگە يېڭى
بىر قەدەم .................. 88
غىنىزات غەيىۇرانى ..................... ئىككى شېئىر .............. 93
مۆمىن سەپىرى ...................... ئالمىزارلىق ناخشىسى ... 98
مۇھەممەتجان سادىق ................ يېزا تەسىراتلىرى ......... 101
ئابدۇۋېلى خەلپەتوپ ..................... شېئىرلار .................. 107
رەخىم قاسىم ............................ تۆت پەسىلدە بولدۇم
يېزىدا ....................... 113
ئابدۇسالام تېختى ....................... توي چاچقۇسى ............ 118
ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىن ...... ۋەتەن ھەققىدە غەزەل
ۋە رۇبائىلار ............... 123
مۇھەممەت ئىمىن توختىنىياز ... زامان ماڭا قاراپ
(سۆزلۈك) كۈلگەندە ................. 130
تۇرسۇن مۇھەممەت پەخىرىدىن ... ئىككى شېئىر ................ 134
ئابلىمىت سادىق ....................... ئەل ۋە مەن ................ 138
مەھمۇت زەيدى ........................ ئىككى شېئىر ............... 140
ئابدۇسەمەت خىلىل ..................... زەرەپشان ................. 144
بوغدا ئابدۇللا ......................... ھىسلىرىم گۈلخان ......... 147
مەمتىلى زۇنۇن ........................ ئىككى شېئىر ................ 153
قۇربان بارات .......................... سەن بۈركۈت ئۇۋىسى،
سەن ئالتۇن بۆشۈك ......... 158
ئارسلان ................................. تۇپراق قىسمىسى .......... 165
ئوسمانجان ساۋۇت .................... سۆزلۈك قەتىردىلەر ........ 171
ئەبەيدۇللا ئىبراھىم .................. غەزەل ۋە مۇخەممەسلەر ... 178

مۇھەممەت شاۋۇدۇن ...... شېئىرلار ...... 184

ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر ...... ۋەتەن ئىشقى يۈرەكتە يالقۇن ...... 190

ھاجى ئەخمەت ...... پامىر ناخشىلىرى ...... 195

مىرزاھىد كېرىمى ...... شىمالغا زىيارەت ...... 201

مامۇت زايىت ...... خىيال ئۇچقۇنلىرى ...... 207

تۇرسۇنئاي ھەسەيىن ...... كېلىمەن يېقىملىق ناخشىلار ئېيتىپ ...... 213

ئابلىكىم خېۋىر ...... چىمەن قىرغاق ...... 218

مۇھەممەتجان راشىدىن ...... ناخشىلىرىم ياڭرار سامادا... 227

تۇرغان شاۋۇدۇن... ...... شېئىرلار ...... 232

ئېزىز نىيازى ...... شېئىرلار ...... 236

ئىمىن ئەخمىدى ...... تارىم بويى قانداق گۈزەلسەن ...... 240

نۇرىيە ئىلاخۇن قىزى ...... باغلار ئاچتى گۈل چىراي ...... 245

مىركامىل ياقۇپ ...... ئىككى شېئىر ...... 249

ئابلىز ئۆمەر ...... شېئىر ۋە رۇبائىلار ...... 252

زەينۇرە ئەيسا قىزى ...... ئوركېستىر ...... 255

سەلەي قاسىم ...... مەن شەرققە يول ئالدىم ... 258

جېلىلى ...... شىمال ئىلھاملىرى ...... 261

ئابلىكىم روزى ...... يېڭى يىل چاچقۇلىرى ... 265

ئابلەت ئابدۇللا ...... ئىككى شېئىر ...... 268

ماخمۇتجان ئىسلام ...... كۆڭۈل كۈيلىرى ...... 273

ئابدۇللا سۇلايمان ...... تاغ ناخشىلىرى ...... 277

قەييۇم سوپى ...... ئىلھام جامى تولدى شەرۋەتكە ...... 282

تۇرسۇن زېردىن ........................ تەسرات ئۆلچىلىرى ...... 288
مۇتەللىپ جۇماخۇن ..................... باللارنىڭ دوستلىرى ...... 292
روزى سايىت .......................... غەزەل ۋە رۇبائىلار ...... 296
تاھىر تالىپ .......................... مارالۋېشى .................. 302
دىلبەر قەييۇم قىزى .............. ۋەتەندىن نۇر ئىمىپ قەلبىم .... 308
ئابدۇللا ساۋۇت ..................... ئىككى شېئىر ................ 311
ئابابەكرى ئەمەت .................... ئىككى شېئىر ................ 316
مۇختەر مەخسۇت ..................... قۇمۇل بوستانلىرى ............ 318
مەتتوختى ئەخمەت ................ جەرەنبۇلاق ئىلھاملىرى ... 325
ئەركىن ئىبراھىم ..................... نۇر ئىچىدە تۇغۇلغان
قوشاق ...................... 329
ياسىن ئىمىن (زىلال) .............. ئىككى شېئىر ................ 333
ئابدۇرېھىم ئابدۇللا ................ ئەللەي ۋە شېئىر ............ 338
ئىلغارجان سادىق .................. ناخشىلار پەرۋاز قىلار كۆكتە
ئۇچۇپ ...................... 342
باتۇر روزى .......................... ئورمان ...................... 346

## قېرىنداش مىللەتلەر شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىدىن

**خەنزۇ شائىرلىرى:**

لىيۇ شاۋۋۇ .......................... جۇخۋار گۈل ................. 352
ياڭ مۇ .............................. ئىككى شېئىر ................ 355
جۇتاۋ ................................. شېئىرلار .................... 364
جاڭ دېيى ............................ ھاياتلىق ..................... 370
لىي تىڭ .............................. ئىلى دەرياسىنىڭ مەيىن
دولقۇنى .................. 375
لىيۇ يۈەن ............................ ئىككى شېئىر ................ 379

گو ۋېيدوڭ ...... شېئىرلار ...... 384
ساۋ يۇڭجىڭ ...... مەن ــ قۇم دېڭىز ئادىمى ... 388
لى يۇي ...... شېئىرلار ...... 396
بەي خۇا ...... چېگرىدىكى شەھەر ...... 401
جاڭ شاۋ خۇڭ ...... ماي ...... 404

قازاق شائىرلىرى:

قۇرمانئەلى ئوسپان ئوغلى ...... ئىككى شېئىر ...... 410
ماغاز رازدان ئوغلى ...... شېئىرلار ...... 415
ماقاتان شارىپقان ئوغلى ...... ئىككى شېئىر ...... 418
ئومارغازى ئايتان ئوغلى ...... ئىككى شېئىر ...... 421
ئالىمجان قاتبايېۋ ...... ئىككى شېئىر ...... 425
شاكەن ئوڭالبايېۋ ...... يايلاق ناخشىسى ...... 429
ئابدۇرەقىم شاڭبايېۋ ...... ئىككى شېئىر ...... 435
مادى ئابدىراخمانوۋ ...... ئىككى شېئىر ...... 439
زاداقان مىڭبايېۋ ...... ئىككى شېئىر ...... 443
دۇتان ساكەي ...... قويچى ...... 448
رايخان ئىبىن قىزى ...... ئىككى شېئىر ...... 450
شامەن ئەيسا ئوغلى ...... كۆچۈش يولىدا ...... 453
جۇمادىل مامان ...... بۇرادەر ...... 455
بەردىبېك قۇرچىقايېۋ ...... پالۋان ...... 461
ئەيتقالى ئوسپان ئوغلى ...... ئىككى شېئىر ...... 463
سالى سادىۋاقاس ...... غۇلجىدا يېزىلغان ئىككى
شېئىر ...... 466
بايتىك دۈيسەبايېۋ ...... تارىم غۇنچىلىرى ...... 469
جۇمان ئەبىش ئوغلى ...... يۇرت مېھرى ...... 473
ئەزىلبېك كىنەزبېك ئوغلى ...... ئاقىقۇلار، مەرگەن دەپ
قالماڭلار مېنى ...... 477

موڭغۇل شائىرلىرى:
ن . لوتا ........ مەن سۆيۈمەن قۇياشنى ... 480
س . ئارا ........ مەن تىپچاق ئۇتمەن ... 484
شىنخۇ ........ يايلاق خاتىرىلىرى ...... 487
ن . سەرە ........ ئۆسمۈرلەر ........ 491
ب . نىمجاپ ........ يۇرتۇم ........ 494
دو . نادە ........ ئاقتاغ ........ 498
خۇيزۇ شائىرلىرى:
خەلىم سالىخ ........ شېئىرلار ........ 500
قىرغىز شائىرلىرى:
ئامانتۇر بايزاق ........ شېئىرلار ........ 505
ئوشۇر مامبەت ........ يېشىل ئارچا ........ 510
تۇرغانباي قىلىچبېك ........ شېئىرلار ........ 512
م . ئېرگى ........ غايە ........ 517
ئاسانباي ماتىلى ........ ئۆمۈر ناخشىلىرى ........ 521
شىۋە شائىرلىرى:
گو جىنەن ........ تۇيۇقتا زىيارەت ........ 525
ئەن خۇگيى ........ يايلاقتا مۇھەببەت ........ 528
تاجىك شائىرلىرى:
مۇنى تابىلدى ........ پامىر شاتلىقى ........ 532
ئاتىكە زەمىر ........ شېئىرلار ........ 536
شىرىن قۇربان ........ سەرىكوي ........ 539
ئۆزبېك شائىرلىرى:
پەرھەتى ........ ئاپىرىن ........ 541
نۇرمۇھەممەت ئېركى ........ غەزەللەر ........ 543
تەلئەت ناسىرى ........ شېئىرلار ........ 548

تۆمۈر داۋامەت

# جەنۇپ تەسىراتلىرى

## كۆلگەن قەشقەر

ئەسسالام، بەختى كۆلگەن گۈزەل قەشقەر،
ئەسسالام، پەسلى كۆكلەم گۈللىگەن يەر.

*    *

ھەر قېتىم بوسۇغاڭدىن كىرگىنىمدە،
بەك بەلەن دىخانلارنى كۆرگىنىمدە؛
ھىساپسىز خىياللارغا چۆمۈلەتتىم،
ئاجايىپ ئۈمىتلەرگە كۆمۈلەتتىم؛
شۇ ئىشچان، ئاق دىل خەلقىڭ كۆلسە دەيتتىم،
پاراغەت باغلىرىدا يۈرسە دەيتتىم.

نە ئامال، بالا - قازا يىللىرىدا،
ئىستەكلەر كۆپۈكچىدەك توزۇپ كەتكەن،
قالىغاچ مىڭ تەسلىكتە ئۇۋا سالسا،

ئۇ ئېيتقان باتۇر قوشاق قۇلىغىمدا،
باتۇرلۇق قوشىغىنى ئۇنتاي قانداق؟!
قوشاقلار سەرەڭگىسى ھەر كۆرەشنىڭ،
شۇنىڭدىن ئوت ئېپ كەلگەن جەڭدە چىراق.
ئون ئىككى مۇقام سەندە تۆرەلگەنتى،
قەددىڭنى ئاسمان قىلغان ئامانىسا.
ئالدىمدا ئالتۇن چوققا زورىيدۇ،
سازەندەڭ مۇقاملارنى جارى قىلسا.
ئەدەپلىك، دىيانەتلىك خەلقىڭ شۇنچە،
ئالدىدا ھۆرى-غۇلمان ئۇيۇلىدۇ.
مېھماندوست، دىلكەش ئىنسان لەتاپىتىڭ،
قەلبىمگە كەۋسەر بولۇپ قۇيۇلىدۇ.
خۇش ھۆنەر-سەنئەت بىلەن تونۇلغانسەن،
مەن ئەمەس ئالەم ساڭا قول قويىدۇ.
تائام ۋە مېۋىلىرىڭ شۇنچە شېرىن،
جەننەتنىڭ نېمىتىدەك تويۇلىدۇ.
غۇرۇرۇم، شەۋكىتىمنىڭ تاجىسى سەن،
ساياق باش ئەمەسمىزكى، پاكىتى سەن.

*          *

كۆل قەشقەر، زامان بەرگەن پاراغەتتىن،
بۇ كۆلكەڭ تا ئەبەتكە ئۆزۈلمىسۇن،
مەڭزىڭدە ياقۇت جامدەك زىناقلىرىڭ،
ساقلانسۇن، تا ئەبىدى بۇزۇلمىسۇن.
پارتىيەم باي بول، دەيدۇ سېنى قەشقەر،
قاناتلان، ئۇچقىن كۆككە قېنى قەشقەر.

مولۇنلار ئايۋانچىنى بۇزۇپ كەتكەن ...
مۆھتەرەم بوسۇغاڭدىن كىردىم بۈگۈن،
بىر دۇنيا شاتلىق باستى ۋۇجۇدۇمنى.
ئېھتەرەم، سۆيگۈلىرىم ئېقىن دەريا،
دولقۇنى چايقاپ ئۆتسۈن گۈل بويۈڭنى.
خەلقىڭنىڭ لەۋلىرىدە كۈلكە كۆردۈم،
تۈمەندە دولقۇنلىنىپ كۈلكە ئاقار.
باغلىرىڭ جامالىدا چاقنايدۇ نۇر،
گۈل رەڭدار، گۈلگە ئوخشاش ھايات رەڭدار.
ھاياجان خىيال بىلەن كىرەلەشتى،
خىياللار ئەسىرلەرگە مەجلىس ئاچتى.
ئەسىرلەر بەس - بەس بىلەن چۈشتى سۆزگە،
ئالتۇندەك تارىخىڭدىن كۆز قاماشتى.

*　　*

پەن - ئىلىم بابىدا سەن چولپان ئىدىڭ،
بىھساپ يۇلتۇز سېنى چۆرىدەيتتى.
فارابى، مەھمۇت يانغان ئاسمىنىڭدىن
سىرلارنىڭ دەشتىگە نۇر تۆكىلەتتى.
نىزارى، مەشرەپ، ھاجىپ سەندە ئۆسكەن،
پاراسەت غەزنىسىگە ئۈنچە تۆككەن.
ئەسىرلەر تاجىسىغا ياقۇت بىزەك
ئاتا قىپ، تارىخىڭنى زەردە پۈتكەن.
تۇزۇگۇم ئويناپ ئۆسكەن تۈمەن بويى،
ھىلىمۇ ياد ئېتەمسەن شۇ قىزىڭنى؟
ئىككى يۈز ياشقا كىرگەن قېرى سۆگەت،
كۆرۈشكە ئىنتىلەمسەن تۇزۇگۇڭنى؟

ئەزىزوپ قاسىم

# جەڭچى ناخشىلىرى

## تەكلىماكان شاتلىغى

ۋەتىنىم — گۈلزار بېغىمىنىڭ پارچىسى تەكلىماكان،
قانچە يىل قانچە ئەسىر سەن ئۇيقىدا ياتتىڭ ھامان.
كۆرگىنىم سەندە تېنىمسىز ئاشۇ تارىخنىڭ ئىزى،
ئەسلىسەم، ئات ئوينىتىپ ئۆتكەن ئىكەن كۆپلەپ خاقان.
ئەسلىسەك، باغرىڭ گۈزەل، گۈلشەنگە تەڭداش يەر ئىكەن،
باغلىرىڭ، ئورمانلىرىڭنىڭ داڭقى كەتكەن ھەر تامان.
جۇشقۇنى دەريالىرىڭنىڭ بارچە ئەلگە زوق بېرىپ،
يېزا - قىشلاق ھەم شەھەرلەرگە سىڭىپ ئاققان راۋان.
كى جاھانغا داڭقى كەتكەن مىسلىسىز يىپەك يولى،
سەن بىلەن تاپقان ئىكەن قانچە بېكەت - قانچە ماكان.
مەشرىقۇ - مەغرىبنى باغلاپ بىر - بىرىگە يار ئېتىپ،
رىشتىنى شۇ كۈنگىچە قىلغان ئىكەن ئۈزمەي داۋام.
بىمەھەل چىققان بوران، ئاققان ياۋۇز كەلكۈن سۈيى،
ئۇچۇرۇپ قۇم - لاتقىلارنى سېنى ئەيلەپتۇ خازان.
ئول پەلەكنىڭ گەردىشى يايغاچ قارا تۈن پەردىسىن،

# ئۆرلە قىزىلسۇ

كېلىپ قوينۇڭغا كۆرۈپ ھۆسنۈڭنى،
چەكسىز شاتلىقتا چۆمدۈم قىزىلسۇ.
يېشىل مەخمەلدەك ئوتلاقلىرىڭنى،
ئېتىز - قىرىڭنى كۆردۈم قىزىلسۇ.

كۈلۈپتۇ دەريا، قات - قات تاغلىرىڭ،
كۈلۈپتۇ گۈلگە تولغان باغلىرىڭ؛
كۈلۈپتۇ مالچى، كۈلۈپتۇ دېھقان،
كېلەتتى شۇنى كۆرگۈم قىزىلسۇ.

بىر يولدا بىر سەپ، ھەر مىللەت خەلقى،
گۈزەل ئەتىگە تەلپۈنەر قەلبى.
ئاۋات ۋە گۈزەل ئوبلاست قۇرۇشقا
تاشلاپسەن مەزمۇت قەدەم قىزىلسۇ.

ئىگىلىك چوقۇم تاپقۇسى راۋاج،
پارتىيە نۇرى يولۇڭ يورۇتقاچ.
نامراتلىق بۆكى چۆرۈلسۇن باشتىن،
ئىشەنچىم كامىل بۇ دەم، قىزىلسۇ.

ئۆرلە قىزىلسۇ، گۈللە قىزىلسۇ،
گۈلگە پۈركەنسۇن چۆللەر قىزىلسۇ.
ئېرىقلىرىڭدا سۈت - قېمىز ئاقسۇن،
پاراغەت بېغى بول ھەم، قىزىلسۇ.

1981 - يىلى، نويابىر.

ئەلنىڭ ئىشقى ۋۇجۇدۇڭدا بولۇپ گۈلخان،
بېغىشلىدى ساڭا جۈرئەت، غەيرەت-ئىلھام.
جەڭدە ئەسكەر، قۇرۇلۇشتا قۇرغۇچى بوپ،
ئەل-ۋەتەنگە كەلتۈردۈڭ سەن زور شەرەپ-شان.

ۋەتەن، خەلقىم بەرسە ئەگەر ساڭا پەرمان،
تەييار تۇردۇڭ كۆكرىكىڭنى قىلىپ قالقان.
پەخىرلىنەر شۇڭا ئاق چاچ ئاناڭ سەندىن،
تاغدەك يۆلەك بولۇپ تۇرغاچ سەندەك ئوغلان.

1980-يىل.

## كۆرەڭ قاشقا

مېنىڭ ئېتىم كۆرەڭ قاشقا، قومۇش قۇلاق،
بېشى كىچىك، غاز بويۇنلۇق يۇمران تۇياق.
كۆرگەنلەرنىڭ ئاڭا زوقى كېلەر شۇنچە،
كۆكرىكى كەڭ، بېلى زىلۋا، كۆزى بۇلاق.

مىجەز-خۇلقى چۈچۈپ تۇرغان جەرەندەك شاش،
مىنسەڭ ئۇچار كۆزلىرىڭدىن ئاققۇزۇپ ياش.
دۇلدۇلمىكىن دەيسەن ئۇنىڭ چېپىشىنى
يۈرسە ئەگەر تۈندە سىلىق، چاچرىماس تاش.

مەرت يىگىتكە جۈپ قاناتتۇر ئاشۇنداق ئات،
مىنسەڭ ئەگەر ئاشار دىلدا غەيرەت-سۇبات.
ئۇچسام قېلىچ ئوينىتىپ مەن ئات ئۈستىدە،
غەزىۋىمدىن دۈشمەن چېكەر دادۇ-پەريات.

1984-يىل، فېۋرال.

سىر بولۇپ ئەل ئاغزىدا ياتقان ئىكەنسەن كۆپ زامان.
ۋە لېكىن، تەكلىماكان، كۆردۈم بۈگۈن ئەسلىڭنى مەن،
كەلگۈسى مەنزىلىسىرى كۆز ئىككىنىمدە ھەر قاچان.
سىر ئەمەستۇر ئەمدى بىزگە ھەر سىقىم قۇم، ھەر تېشىڭ،
تۆتلىنىش يولى بىلەن ماڭغاچقا بىز باغرىڭ تامان.
سەددىچىندەك چوڭ سېپىل قۇرغان خەلق ئەۋلادى بىز،
بىز ئۈچۈن ھىچ گەپ ئەمەس ئاشماق سېنىڭدە تاغ - داۋان.
يان - يېنىڭغا تۇشمۇ - تۇشتىن باشلىغاچقا بىز ھۇجۇم،
قەد كۆتەردى قانچە بوستان، قۇملىرىڭغا كىردى جان.
شۇ بۈيۈك پامىر - تيانشاندىن كۇمۇش يىپنى ئېشىپ،
ئېتىگىڭگە باسىمىز گۈل - كەشتىلەرنى شادىمان.
بولۇسەن شۇندا ئاجايىپ مىسلى جەننەتنىڭ ئۆزى،
قالغۇسى كۆرگەندە گۈل ۋەسلىڭنى ھاڭ - تاڭ بوپ جاھان.
ئويغىتىپ دەس تۇرغۇزۇپ، قايتا ساڭا جان كىرگۈزۇپ،
كۈلدۈرەرمىز سېنى گۈل باھار ئارا تەكلىماكان.

1980 - يىل، 29 - ئىيۇن.

## قەيسەر ئوغلان

مەرتلەر ئارا نامىڭ مەشھۇر قەيسەر ئوغلان،
قامىتىڭگە بۈيۈك تاغلار بولار ھەيران.
ۋۇجۇدۇڭغا نۇردەك سىڭىپ ئانا سۈتى،
قەلبىڭ ۋەتەن ئىشقى بىلەن سۇغۇرۇلغان.

بەستىڭدىكى گاڭ قورالىڭ خوپ ياراشقان،
جەڭدە ماھىر، ھەركەتلەردە ئۆزەڭ چاققان.
چىكەڭدىكى بەش يۇلتۇزلۇق كاكارىڭغا،
زوقمەن بولۇپ قارار كۆكتە سانسىز چولپان.



**ئەقەم ئەختەم** 1922 - يىلى تۇغۇلغان. 1942 - يىلى ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىن مەكتەۋىنى پۈتتۈرگەن. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ مۇھىم قاتناشچىلىرىدىن بىرى. ھازىر ئۇ جۇڭگو يازغۇچىلار جەمىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋە كەسپىي يازغۇچىسى.

شائىر شېئىرىيەت سېپىگە 1939 - يىلى كىرگەن. شۇندىن بېرى ئۇنىڭ شېئىرلىرى گېزىت-ژورناللاردا داۋاملىق ئېلان قىلىنىپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ «ئۈمىت دولقۇنلىرى» «كۆرەش دولقۇنلىرى» قاتارلىق شېئىر توپلاملىرى بار. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى باھالاشتا ئۇنىڭ «بەردىم جاۋاپ»، ناملىق شېئىرى مەملىكەت بويىچە، «تاڭ ئاتقاندا» شېئىرى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

# شېئىرلار

## ئۇلۇغ ۋەتىنىم

مەن چېگرىدا، ئۇلۇغ ۋەتىنىم.
تۇرۇمەن قاراپ ئەڭ يىراق چەتتە،

# ئىتتىپاقلىق ئەلا

بىلىپ قوي، تەمتىرەپ تەنها، ۋىسالغا يەتمىگىڭ قېيىن،
ئەگەردە بولمىسا بىرلىك كۆڭۈلنىڭ تاپمىغاي ئىمىن،
ئىناقلىق — ئىتتىپاقلىقتۇر يېڭىلمەس كۈچ — قەۋەت بىرگە،
ئاشۇ كۈچ بەھرىدىن ھەر چاغ كۆكەرگەي بۇ ئانا زېمىن.

ئىناقلىق — ئىتتىپاق، بىرلىك — ئۇدۇر بىرگە ھاياتىي جان،
يۈرەك بولسا ئەگەر ساغلام، ئاقار تىنماي تومۇردا قان.
چىقارساق بىر ياقىدىن باش ۋە بىر يەڭدىن چىقارساق قول،
يېڭەرمىز ھەرنە مۈشكۈلنى، ئىگەر باش تاغ بىلەن داۋان.

ئىرادەڭ رۇستەمى داستان، ساداقەت ھەمرىيىڭ بولسا،
ئېقىن تارماق سۈيى جەم بوپ، پايانسىز كۆللىرىڭ تولسا،
تۆكۈلگەن تامچە قان تەردىن بىنا بولمامدۇ گۈل-بوستان،
كۆڭۈل كۈلمەمدۇ دوستلۇقتىن ئېچىلسا گۈل-چېچەك رەنا.

قوشۇلسا زەررە ۋە قۇملار بىلۇر ھاسىل قۇرام تاشمۇ،
ئۈسۈشسە قان قېرىنداشلار كۆكۈم تالقان بىلار باشمۇ،
يېپىشماي ئۆزئارا مەھكەم، تېرىقتەك چېچىلىپ يۈرسەڭ،
جاھاندىن ئۆتكىنىڭ ئۆتكەن، كۆزۈڭدىن قۇرۇماس ياشمۇ.

ئىناقسىزلىق، ھەسەت-خورلۇق بېشىڭغا ياغدۇرار بالا،
ئەگەردە بولمىسا بىرلىك بولۇرسەن غەمگە مۇپتىلا.
«ئاق تاغلىق، قارا تاغلىق» ئەمەسمىز ئەمدى بىز ھەرگىز،
قۇرۇپ كەتسۇن پاسات-پىتنە، ھەممىدىن ئىتتىپاق ئەلا.

1982 - يىل، ئاپرېل.

مەن چېگىرىدا، ئۇلۇغ ۋەتىنىم،
دىلىم، يۈرىكىم، ھەمىشە تۇيغاق.
سېنى كۆزىتىپ تۇرۇمەن شۇنداق،
كۆز يۇماي پەقەت، دەريادەك ئويغاق.

1981 - يىل، ئۆكتەبىر.

## بەردىم جاۋاپ

ياز كېلىپ كۆلدى تەبىئەت ياسىنىپ قىزدەك قاراپ،
تولغىنىپ نازغىپ شۇ تاللار يارىدەك ساچىن تاراپ.
باغدىكى ئالما، ئۆرۈكلەر كۆز ئېچىپ قىسقاندا گۈل،
خۇش بولۇپ قاندى يۈرەكلەر، بۇ باھار دىلغا ياراپ.
كۆزلىرىم چۈشتى ئېتىزغا ياپ-يېشىل باغرى ئۇنىڭ،
قىرلىرى گۈل، باقتى ماڭا، كۆكسىگە غۇنچە قاداپ.
بۇ باھار بىرلەن ئاجايىپ شاد بولغان بارلىق ھايات،
توي قىلىپ دېخانلىرىم چېلىشىپتۇ دۇتار ۋە داپ.
قايىنغان ئەمگەك ئېتىزدا، بەس-بەستىكەن رەنالىرىم،
ئوت يېقىپ كۆلگەندە شۇ چاغ، يۈرىكىم بولدى كاۋاپ.
زەپ كۆكۆلمۆك، زەپمۇ خۇشلۇق، زەپ يېقىملىق بۇ باھار،
گۈللىسۇن، كۈلسۇن ۋەتەن دەپ قانغۇدەك ئىچتىم شاراپ.
دەل شۇ چاغ ئېسىمگە تۇت دەپ، بۇ يۈرەك ئېيتتى ماڭا:
«بولغىن ھۇشيار گۈلشىنىڭگە ياۋ كېلەر سىرتتىن ماراپ.»
ھە دېدىم، ھۇشيار دېدىم مەن، ھەر قاچان ھەر دەم يۈرەك،
جان تىكىپ تۇرغان كۆزەتچى، مەن دېدىم بەردىم جاۋاپ.

1980 - يىل، ئىيۇل.

كۆزىتىپ سېنى مەڭگۈ ساقلايمەن،
ھوشيارمەن ئۆزەم، ئەمەس غەپلەتتە.

ھەمرا ئاسماندا يۇلتۇزلار ماڭا،
يوق چېگرىدا ياۋلارغا يوچۇق.
بايقاپ كۆرۈمەن ھەممە ياقنى تەڭ،
يۇلتۇز نۇرىدا ئاشكارا - ئوچۇق.

جىمجىت كېچىدە دەريا شاقىراپ،
ئۆركەشلەپ ئۆرلەپ، ھەيۋەتلىك ئاقار.
ئاۋازى ئۇنىڭ كېتەر ھەر ياققا،
ھەم قۇلاقلارغا ھەجەپ خۇش ياقار.

كۆلگەندەك دەريا قاشلارنى سۆيۈپ،
ئۇپقۇنلار ياساپ، ئېقىپ تۇرۇدۇ.
سەگەك بول دائىم دىگەندەك قىلىپ،
دولقۇنلاپ ماڭا بېقىپ تۇرۇدۇ.

قايىناملار گۈزەل، كۆپۈكلەر كۆركەم،
كۆزىنى ماڭا تىكىپ تۇرۇدۇ.
ئولتۇرۇپ قىردا خىياللار سۈرسەم،
«ئۆگدەپ قالما» دەپ چېكىپ تۇرۇدۇ.

ئۇلۇغ ۋەتىنىم، تۇرۇپ قىرغاقتا
دەرياغا مېنىڭ زوقۇم كېلىدۇ.
كېچە ۋە كۈندۈز ئۇخلىماس دەريا،
ياۋ قەستىنى ئۇ، چوقۇم بىلىدۇ.

بىرلىك ۋە ئۈملۈك قۇدرەتلىك كۈچ دەپ،
دانا پارتىيەم ئۆزەڭ كۆرسەتكەن.
ھەممە مىللەتلەر بولدۇق ئىتتىپاق،
سۈركۈلۈشلەر يوق، كەلمەسكە كەتكەن.

دىللار خاتىرجەم، خۇشال كۆڭلىمىز،
مىللەتلەر ئىناق، ئارىدا يات يوق.
ئېچىلدى بۈگۈن دوستلۇق گۈلىمىز،
بار قولىمىزدا سەن بەرگەن ھوقۇق.

يۈرۈش يولىمىز كەڭتاشا، ئوچۇق،
يوق بۇ يوللاردا ياۋلارغا يوچۇق.
ئۆزەڭ يولباشچى، بۆسۈپ ئۆتۈمىز،
تاغلار، داۋانلار، گەر بولسا توسۇق.

1983 - يىل، 5 - ئىيۇل.

## ھەقنى سۆزلەر تىل

كۆڭلۈڭنىڭ كۆزى بولمىسا سېنىڭ،
تۇرغان بۇ كۆزۈڭ، تامنىڭ تۆشۈكى.
دەيدۇ يۈرىكىم بۇنى بىلمەسەڭ،
سېنى قىلار قول غەپلەت بۆشۈكى.

يورۇيدۇ پەقەت، قەلبىڭنىڭ ئۆزى،
ھايات ۋە تۇرمۇش، ئىلىم بىلەن بىل.
ئۆگەنسەڭ تىنماي، كۆڭلۈڭنىڭ كۆزى
ئېچىلىپ كۆرۈپ، ھەقنى سۆزلەر تىل.

# ئۇلۇغ پارتىيە

ئۇلۇغ، شەرەپلىك، دانا پارتىيە،
سېنىڭسىز بىزگە بەخت-ئامەت يوق.
ئۇرناپ دىلىغا، سىڭگەچ قەلبىگە،
غايەڭ، ئىرادەڭ، ئەلنىڭ كۆڭلى توق.

كۆرەشلەردە سەن ئەلگە باش بولۇپ،
يېڭىش يولىنى بىزگە ئۆگەتكەن.
ئېزىش-يانچىشنىڭ، زۇلمەتلەرنىڭ ھەم،
يىلتىزلىرىنى ئۆزەڭ تۆگەتكەن.

دانا پارتىيە، ھوشيارلىق بىلەن
ھايات يولىنى ئۆزەڭ كۆزەتكەن.
ئېشىپ تاغلارنى، يېيىپ سىرلارنى،
قىڭغىر يوللارنى ئۆزەڭ تۈزەتكەن.

نىشانىمىزنى كۆندەك يورۇتتۇڭ،
قايىندى، تاشتى دىلىمىزدا زوق.
قۇرۇلتاي روھى چاچقاندا نۇرنى،
قاندى يۈرەكلەر، ئەلگە ئۇ ئوزۇق.

ئۇلۇغ بۇرۇلۇش سائادەتلىك يول،
بۈيۈك قۇرۇلۇش كامۇنىغا ھۇل.
سوللۇقغا تولۇق بەردىڭ خاتىمە،
كۆلدى بەختىمىز، سەن تۇتقاچقا رول.

ھىممەت قىلىپ مەن تەرسەم بېغىمغا،
ھوزۇر ئالارمەن، ھەشقى-پېچەكتىن.
ئەمگەك قىلمىسام پەرقىممۇ بولماس،
ئۆگدەپلا ياتقان، ھورۇن ئېشەكتىن.

1984 - يىل، ئاۋغۇست.

ئىشچى، دېخاننىڭ روشەن كۆزلىرى،
كۆرگەن ھاياتنى، ساناقسىز يىلى.
بىلىپ تۇرمۇشنىڭ ئىچى، سىرىنى،
يورۇغان كۆڭلى، كۆز ئاچقان دىلى.

تۇغۇتلۇق ئۆينىڭ بەلگىسى مەن دەپ،
تۇرار ئىشكتە سامان كۆشۈگى.
بىلمەستىن تۇرۇپ دېمىگىن ھەرگىز
بۇنى ئادەتنىڭ ئوشۇق - تۆشىگى.

يامان ھەممىدىن ئەللەي دەپ پەپلەپ،
ئۇخلىتىپ ئالسا غەپلەت بۆشۈكى.
قىلىپ قويارمۇ نادانلىق ئەپلەپ،
مېنى بىراۋنىڭ، ئوغرى مۈشۈكى.

1984 - يىل، ئىيۇل.

## ئەمگەك قىل دائىم!

ئىشلىگەن بېيىپ، ئات - ئۇلاق قىلىپ،
غېمى ھەم بولماس يەم ۋە خەشەكتىن.
ياسىنىپ كىيىپ، دېمىنى ئېلىپ،
يۈرسە قىنىلماس كىيىم - كېچەكتىن.

ئالى ئىمارەت سالغىلى بولماس،
بۇنى بىلىپ ئال، خاملا كېسەكتىن.
تەر تۆكمىسەڭ يوق ھوسۇلمۇ، دوستۇم،
داتلىشىپ تۆككەن، تۆمۈر - تەسەكتىن.

# شېئىرلار

## بوغدا شاتلىغى

ئەنە بوغدا —
ھەممىگە بەرداشلىق قاۋۇل ئانىدەك
تۇرۇدۇ تەمكىن.
تارىخنى ئەسلەپ،
يېنىدىكى ئاسمان كۆلىنى
ئۇنىڭ كۆز يېشىغا ئوخشىتىش مۇمكىن.
بىراق،
ياشىمۇ ئاچچىق-تاتلىق بولۇدۇ،
شۇڭلاشقا ئۇنى
دېگۈلۈك ئەمەس ھېلىمۇ غەمكىن.

كۆرگەنسىلە،
شۇ تاپتا ئۇنىڭ
زىناقلىرىغا چۆككەن كۆلكىنى.
بېشىدىكى ئاق — تارىخنىڭ ئىزى،
گويا پەسىللەرگە سېلىشتۇرمىدەك
كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ شۇنچىلىك روشەن
زىمىستان بىلەن باھار پەرقىنى.
شۇ تاپتا مېنىڭ
قەلبىم تولدى ئىپتىخار بىلەن
كۆرۈپ ئۇنىڭ ئاشۇ ھۆسنىدە
زامانىمىزنىڭ يارقىن كۆركىنى.

ئۇنىڭ كۆلكىسىدە جىلۋىلىنىدۇ



**تېيىپجان ئېلىيوپ** 1930 ـ يىلى 1 ـ ئاپرېلدا قورغاس ناھىيىسىدە تۇغۇلغان، ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى 1945 ـ يىلىدىن باشلانىدى. ھازىرغا قەدەر «شەرق ناخشىسى»، «تېنچلىق ناخشىسى»، «تۈگىمەس ناخشا»، «ۋەتىنىمنى كۈيلەيمەن»، «زەپمۇ چىرايلىق كەلدى باھار»، «باھار ئىلھامى» قاتارلىق شېئىرلار توپلىمى ھەم خەنزۇچە ئىككى شېئىر توپلىمى نەشر قىلىندى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى باھالاشتا بىرنەچچە قېتىم 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 1982 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى باھالاشتىمۇ 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

تېيىپجان ئېلىيوپ شېئىرىي ئىجادىيەتتىن باشقا، ئەدەبىيات تەتقىقاتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە. ئۇ ئۆتكەن 2 ـ 3 يىل ئىچىدە «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» دىگەن كىتاپنى نەشرگە تەييارلاشقا قاتناشتى ۋە ناۋايىنىڭ 260 غەزىلىنى شەرھىسى بىلەن نەشر قىلدۇردى. بىر قانچە ئۇنلىغان ئەدەبىي ئوبزور يازدى.

شائىر تېيىپجان ئېلىيوپ ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، كەسپىي يازغۇچى.

كۆلۈۋاتىدۇ بوغدا زوقلىنىپ،
چۈنكى بايىقى سوغاق بازارلار
بۈگۈن ئاجايىپ قايناۋاتىدۇ.
تېلېۋىزور ئالغىلى كەلگەن سەرالىق
پۈكەي ئالدىدا
«ئۇنى ئېلىمەن»، «مانى ئېلىمەن» دەپ،
تەرقىنى سورىماي تالىلاۋاتىدۇ.
ئەنە بىر ياندا
كاۋاپچى، سامسىپەز بەس-بەسكە چۈشۈپ:
«ياغ يەپ كېتىڭ!» دەپ توۋلاۋاتىدۇ.
خېرىدار رايىغا بېقىپ باققالمۇ
تۇرپان ئۈزۈمى،
كورلا نەشپۈتى،
قەشقەر ئانارى،
ئىلى ئالمىسىنى جىڭلاۋاتىدۇ.

بوغدا بۇ يىل كۆلدى بۆلەكچە
ئۇن بىر يەرنىڭ
مۇختارىيەت تويىنى كۆرۈپ،
مىللى ئىناقلىق پەيزىنى سۈرۈپ.
هە، كېلەر يىلى
تېخىمۇ چوڭ بايرام بولۇدۇ،
كېلىڭلار دوستلار، تويغا ئۈلگۈرۈپ.
مىللى ئىناقلىق تەنتەنىسىگە
بوغدا بىلەن بىللە ئىچەيلى
ئاسمان كۆلىدەك قەدەھ كۆتۈرۈپ.

بوغدا ھەقلىق كۆلۈشكە بۈگۈن

ئاخشامقى چۆلدىن ئۆزگەرگەن ئىتىز،
ئىغائىلاپ تۇرغان
چاناقلىرى توق مىغ-مىغ باشاقلار؛
لىق چىڭدالغان دىخان تاغارى،
ئاق ئالتۇنغا تولغان قۇچاقلار؛
ئۆزىسەك «ۋاك» قىلىپ يېرىلىدىغان
كۆكچە، مىژگانلار؛
ياپراقتىن قويۇق
«شىلدىر شىكەر» ياقۇت ساپاقلار؛
ئەنە،
پاخلانغا تويۇپ،
قىمىز كېكىرىپ
كېلىۋاتىدۇ تاغدىن چارۋىچى،
ئويناقلاپ تۇرۇدۇ سېمىز ئۇلاقلار...
توي-مەشرەپنىڭ نۇرغۇنلىغىدىن
باسمىخانىمۇ ئالدىراپ قالدى
ئۇلگۈرمىگەچكە قىزىل باغاقلار.

بوغدا نىمىشقا كۈلمىسۇن بۈگۈن
يان-يېنىدا
ياڭراپ تۇرسا گۈدۈك ساداسى؛
لايچىنىڭ ئوغلى بىتىرن ياسايدۇ،
ئوغاقچىنىڭ قىزى كومبايىن؛
ئەستەرگىمۇ يارىماس بولدى
بىر چاغلارنىڭ سەرگەز-ماتاسى.
«ئېلىپ» نى كۆرسە «تاياق» دەيدىغان—
تۇردىنىڭ بۈگۈن نەۋرىسى ئالىم،
كارامەت كۆرسىتىپ تۇرار ئىلكىدە
ئېلېكترونلۇق جاھاننىاناسى.

چۈشەندىم، ئارچا،
نېمە ئۈچۈن سولماسلىقىڭنى،
چۈشەندىم، رەڭگىڭنىڭ ئۆلمىگەنلىكىنى،
چۈشەندىم، ھەتتا تۇتۇنلىرىڭنىڭ
نېمانچە ئەتىۋا شىپالىق ئىسرىقلىغىنى.

1980 - يىل، ئاۋغۇست، چىڭگىل.

## مىللەت ھەققىدە

سۆيۈمەن دەيدۇ ھەر كىم مىللىتىنى،
مىللەتنى ساتقۇچىمۇ دەيدۇ شۇنى.
سۆيۈشنىڭ راست - يالغىنى شۇندىن ئايان:
يەمدۇ، يوق مىللىتىنىڭ قايغۇسىنى.

تىللىساڭ ھامان باشقا مىللەتنى سەن،
بولامسەن مىللىتىڭنىڭ قەھرىمانى.
مىللەتكە باشلاپ كېلەر يېتىمچىلىك
مىللەتنىڭ بۇنداق نادان مېھرىۋانى.

ئۇ مىللەت پۇتۇنلەيلا داشقال بولۇپ،
بۇ مىللەت كەم - كۈتىسىز ئالتۇن ئەمەس:
ئۇ مىللەت پەگادىكى پالاز بولۇپ،
بۇ مىللەت تۆرگىلا خاس دۇردۇن ئەمەس.

مېغىزى، شاكىلى بار ھەر نەرسىنىڭ،
ئەي ئەقىل، شۇنداق چۈشەن مىللەتنىمۇ.
بېيىيدۇ مىللەتنىڭمۇ پەزىلىتى
چۈشەنسە ئۆزىدىكى ئىللەتنىمۇ.

چۈنكى ئالدى ئۇ ئۆزگىچە لەززەت
زاماننىڭ يېڭى كەيپىياتىدىن.
ئەنە، ئۇنىڭ ئالدى ـ كەينىدە،
چەكسىز ۋادىدا
نادامەتنىڭ ئورنى تارايدى،
ھالاۋەتنىڭ يولى كېڭەيدى
ئەلنىڭ ئازات تەپەككۇرىدىن
ۋە ئۇنۇمدار مەشغۇلاتىدىن.
ئۇ شۇنچە مەمنۇن
ئەلنى خۇش قىلىشنىڭ يولىنى بىلگەن
جۇڭنەنخەينىڭ ئىرادىسىدىن
ۋە ئۇنىڭ يېڭى ئىسلاھاتىدىن.
مەن بەختلىك
شېئىرىم ئارقىلىق
كۆرسىتەلىسەم بىرەر قەترىنى
بوغدا ئانامنىڭ
خۇددى دېڭىزدەك تەسىراتىدىن.

1984 - يىل، سېنتەبىر.

## ئارچا

ئارچىغا سوئال قويدۇم: «نىمىشقا
ھەممىشە ئىللىق پۇراپ تۇرىسەن؟
يازلىغى ئەسلا،
ھەتتا قىشتىمۇ
ياپ ـ يېشىل بولۇپ يايراپ تۇرىسەن؟»

جاۋاپ بەردى ئارچا شىۋىرلاپ:
«ياشايمەن تۆرەلگەن يەرنى قۇچاغلاپ.»

چۈشەندىم بۇ گۈلنى شېئىرىمگە
بېسىلغان مەمنۇنلۇق مۆھرى دەپ.

1982 - يىل 3 سېنتەبىر، يۇگوسلاۋىيە.

## رۇبائىيلار

1

ھاقارەت تۆھمىتى كەلسە ھەر قاچان،
ئۇنى قاراقچىدەك كۆرۈسەن ھامان
مېھماندەك كېلىدۇ ماختاش تۆھمىتى،
بىراق، قاراقچىدىن مىڭ ھەسسە يامان.

2

ئېگىلىدىكەن ئالما شاخلىرى
مېۋىسى قانچە ئوخشىغانسېرى.
كەمتەرلىك بىلەن ئادەم چىرايلىق،
سەتلىشىدىكەن غادايغانسېرى.

3

بىر ئېشەك بېشىغا ئوراپ سەللىنى
قاپتۇ بەك كۈلكىگە دوراپ موللىنى.
تېخىمۇ كۈلكىلىك ئەمەسمۇ مېنىڭ
تۆرگە باشلىغىنىم «تەخسىر» دەپ ئۇنى.

ياراتقان سېسىقلىقتا سەسكىنىشنى،
چىقارغان خۇش پۇراقتا ئىشتىياقنى.
يۇماستىن سېسىغىنى، ماختانسا كىم
بولغايدۇ ئۆزىدىكى خۇش پۇراقنى.

1981 - يىل، يانۋار.

## گۈل①

بىلەيىي پولىيە شەھرىدە
جۇشقۇنلۇق شېئىرىيەت ئاخشىمى
قېرىلار ھەم ياشلار ئالدىدا
ئوقۇدۇم تۈگىمەس ناخشىنى.

قېرىلار كۈلۈشتى زوقلىنىپ،
كۈلكىدىن پۈرۈشتى يۈزلىرى:
گۈل تۇتۇپ يۈگرۈشتى ئالدىمغا
بىر تۈركۈم قارا تاغ قىزلىرى.

ئالقىشلار ئىچىدە گۈل تۇتتى،
يۈزلىرى يۈزۈمگە ياندىشتى.
تولدۇرۇپ كۆكسۈمگە گۈلدەستە،
ھەم ئىككى مەڭزىمگە گۈل باستى.

چۈشەندىم بۇ گۈلنى دوست ئەلنىڭ
جۇڭگولۇق قەلبىگە مېھرى دەپ؛

① شائىر بۇ شېئىرىنى 1982 - يىلى يۇگوسلاۋىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقارا شېئىرىيەت يىغىنىدا ئوقۇغان.



**ئابدۇكېرىم خوجا** 1928 - يىلى 20- نويابىر كۈنى قۇمۇلدا تۇغۇلغان. 1946 - يىلى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جۇچۈەن ۋىلايىتىدە ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگەتكەن. ھازىر مەملىكەت- لىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى. جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبە- سىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەملىكەتلىك مىل- لەتلەر ئەدەبىياتى كومىتېتىنىڭ ئەزاسى. «كۆۋرۈك» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى.

شائىرنىڭ دەسلەپكى ئىجادىيىتى 1955 - يىلدىن باشلانغان ئە- دى. 1960 - يىلى ئۇنىڭ بىرىنچى شېئىرلار توپلىمى — «ئون باھار» جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى. 1979 - يىلدىن كېيىن ئۇنىڭ يەنە «باھار ناخشىسى»، «تۇپراق، باھار ۋە مەن» ناملىق شېئىر توپلاملىرى ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ تىللىرىدا نەشر قىلىندى. 1982 - يىلى «بەش قىتئە» ناملىق شېئىرى ئاز سانلىق مىللەتلەر مۇنەۋۋەر ئەسەر- لىرى بويىچە مەملىكەتلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. شائىرنىڭ يەنە خەنزۇ- چىدىن تەرجىمە قىلغان بىرمۇنچە ئاتاقلىق ئەسەرلىرى بار.

4

چاغلىقتۇر دۈشمەننىڭ ئەزۋەيلىگىنى،
يامىنى يېشۇرۇن قەستلەيدىغىنى.
خەتەرلىك ئەمەسمۇ قاۋىغان ئىتتىن
ئەركىلەپ تۇرۇپلا چىشلەيدىغىنى.

5

ئۇرۇشتىن كېيىن بىر قەھرىمان چىقتى،
ئاۋازى ھەممىدىن بەك يوغان چىقتى.
بىراق، شېھىت قېنى تىلگە كىرگەندە،
ئۇنىڭ ئاغزىدىن نە زۇۋان چىقتى.

6

سۆكۈشلەرگە چىداپ تۇرۇپسەن،
بۇ خىسلەت بىلەن يېرىم يىگىت سەن.
پۈتۈن يىگىت بولۇمەن دىسەڭ،
ماختاش ئالدىدا كەتمە ئېرىپ سەن.

سەن ماڭا ئاچتىڭ قۇچاق ئانام بولۇپ،
شۇڭا مەن سۆيدۇم سېنى بالاڭ بولۇپ.

لەۋلىرىڭ مەڭزىڭدە قالدى خال بولۇپ،
يۈرىكىم كەتتى ئېرىپ قەن-بال بولۇپ.

## يارنىڭ قولى گوياكى بوينىدا

ياتىدۇ دەريا بويىدا بىر كىشى،
دەم ئېلىپ، ئارام خۇدا پۈتكەچ ئىشى.

زەپ ياراشقان ياستۇغى-كەتمەن ئۇنىڭ،
كۆرپىسى داق يەر ئەمەس، چەكمەن ئۇنىڭ.

قويلىرىمۇ يېنىدا ياتار كۆشەپ،
قويۇۋەتكەن ئىتنى ئوتقا چۈشەپ.

ئۆتتۇدۇ شامال ئۇنى يەلپۈپكىنە،
گۈل-چىچەكلەر ھىدىنى پۈركۈپكىنە.

ئاقسا سۇ دەريا ئارا ئەللەي ئېتىپ،
باردۇ ئۇيقۇغا ئۇ چوڭقۇر پېتىپ.

چىرىيى گويا جىگەر رەڭ گۈل-چىچەك،
قاشلىرى شۇ گۈلگە قونغان كېپىنەك.

لېۋىنى تامشىپ قويار ئۇ دەممۇ-دەم،
تۇرقىدىن قىلچە كۆرۈنمەس غۇسسە-غەم.

# يىزىدىن كەلگەن شېئىرلار

## سالام قەشقەر!

چىن دىلىمدىن شەھرى قەشقەرگە سالام!
بەلكى ئۆز يۇرت، ئەھلى قەشقەرگە سالام!

مەن تىمىسپ كەلدىم ساڭا قەترە بولۇپ،
كەتكىلى جىسمىڭدىكى زەررە بولۇپ.

سەن چېقىپ كەلگەندە ئاي جامال بولۇپ،
ئۆيىنىدىم كۆكسۈڭدىمەن شامال بولۇپ.

ئاچتى كوچاڭمۇ قۇچاق ئېرىق بولۇپ،
شۇڭغۇدۇم ئەركىن ئۈزۈپ، بېلىق بولۇپ.

يېزا ـ سەھرايىڭ كۆرۈندى گۈل بولۇپ،
سايرىدىم گۈل شېخىدا بۇلبۇل بولۇپ.

ئاقتى باغرىمدىن تۇمەن زەمزەم بولۇپ،
مەن ئاڭا كەتتىم سىڭىپ شەبنەم بولۇپ.

ئېچىلىپتۇ بەشكىرەم چېچەك بولۇپ،
بەرگىگە قوندۇم بىرىپ كېپىنەك بولۇپ.

شۇ چېچەك چاچقاندا بۇي ئەترە بولۇپ،
كەلمىدى كەتكۈم مېنىڭ ھەرە بولۇپ.

شۇ ئەمەسمۇ راستلا چوڭ سەكرەش دېگەن،
خەلقىمىزگە تۆقچىلىق بولسا نېسىپ.

1981 - يىل، نويابىر، ئۈرۈمچى - قەشقەر.

## ئانامنىڭ تەقدىرى

مەن يېتىپ كەلگەندە يۇرتقا تاڭ بىلەن،
چىقتى ئالدىمغا ئانام دەسسەپ تىمەن.

ھاسىسىزلا كەلدى ئۇ تاشلاپ قەدەم،
لېۋىدە كۈلكە ئۇنىڭ، كۆزىدە نەم.

باستى باغرىغا مېنى كېرىپ قۇچاق،
ئانىلىق مېھرى بىلەن سۆيدى ئۇزاق.

دۈمچىكىمۇ قاپتۇ راۋرۇس تۈزلىنىپ،
رەڭگى-روھى خېلى ئوبدان سۈزۈلۈپ.

قاپتۇ ئوبدان ئىش-غىزاغا كىرىشىپ،
تۈزۈۋاپتۇ ئۆز كۈنىنى تىرىشىپ.

ئەمما، ئاغرىق دەردىنى تارتقاچقا كەڭ،
چىرايى ساغۇچ ئۇنىڭ، خېلى جۈدەڭ.

كۆزىدە چاقنايدۇ ئۈمىت يۇلتۇزى،
قايتىدىن كەلگەچ يېتىپ رىسقى-تۇزى.

تىنچ ياتار شېرىن ھاياتىنىڭ قوينىدا،
يارىنىڭ قولى گوياكى بوينىدا...

## مانتىپەز دۇكىنىدا

مانتىپەز توۋلايدۇ رىتىمغا سېلىپ،
مانتىنى چىنتەخسىگە بىر - بىر ئېلىپ.
شۇنچە جانلىق، شۇنچە مەغرۇر بۇ سادا،
جىلۋىسى ئەرتىسىنىمۇ چۈشكەي بېسىپ.
بۇ ساداغا ئالدىدىن شاھىت بولۇپ،
كېلىدۇ خۇش بۇي — پۇراق دىماق يېرىپ.
بۇ پۇراقنى پۇزىغان يېلۇچىنىڭ
ھاردۇغى كەتكەي تۇساتتىن يېشىلىپ.
ئاچ قورنىنىڭ نەپسى كەتكەي ئالدىراپ،
توق قىرنىنىڭ ئىشتىھاسى ئېچىلىپ.
بۇ سادانى ئاڭلا - ئاڭلا ئويلىرىم
كەتتى بىردىن ھەرقايانغا چېچىلىپ.
جار سالاتتىۇق ئاشۇ سەكرەش يىللىرى،
كەتكىچە كانايمۇ ئوبدان يىرتىلىپ.
قانچە چىقسا ئەۋجىگە ئاۋازىمىز،
شۇنچىلىك كۆپەيدى نامرات ۋە غېرىپ.
شۇكرى دىدىم، كەلگىنىدە ئاشمۇ نەق،
زەپ چىرايلىق تەخسىلەرگە تىزىلىپ.
سەكرىمەيمۇ ئالغا بىز ئىلگىرلىسەك،
ھەر قەدەمنى پۇختا ۋە مەزمۇت بېسىپ؛
مانتىپەز ئاۋازى چىقسا ئەۋجىگە،
خەيرىچىنىڭ نالى پۈتسە پەسىيىپ؛

قارىسام، تا كونا ئۇقلار ئىزىدىن،
قاپتۇ گۈللەپ ھۆپپىدە مىلىيون چېچەك.

شىشىدىن سۈزۈك ئۇنىڭ نىساقىمۇ،
ھىر يولى كەتكەن تاراپ ئاچچىق تۈتەك.

گەلدى ئۇ بىرنى تۇغۇپ، پەرۋىش ئېتىپ،
ۋەتىنىم ئاسمانىغا بولۇپ تىرەك.

بىر ئۆلۈك جىسىم دىمە ياتقان قېتىپ،
ئۆلسە ئۇ، ئۇيغا پاتامدۇ ئۇيچىدەك.

ئەلمىساقتىن كەلدى كۆپ ئىشنى كۆرۈپ،
تىلغا باي ئۇ، تىلى بار بىرىدىنىمۇ بەك.

## قوڭغۇراق

تال بېشىدا تۇرۇدۇ بىر قوڭغۇراق،
تاڭدا، يامغۇر — يادىدا غۇربەتسىراپ.

مەڭزىدىن شۇرغۇيدۇ ياش تارام-تارام،
تىلى لال، كۆڭلى سۇنۇق، باغرى كاۋاپ.

قارىسام، تاڭدىن بۇرۇن تەۋرەپتۇ يۇرت،
ئېتىزىغا بىر-بىرىدىن ئالدىراپ.

ئۇنتۇلۇپ قاپتۇ بۇلۇڭدا قوڭغۇراق،
بۇيرۇغىغا تۇرمىغاچ ھېچكىم قاراپ.

رازى ئۇ لوقمان ھېكىمدىن، دىلىدىن،
خالى قىلغاچ بىر يولى غەم ـ غۇسسىدىن.

چۈشتى چىپ مېنىڭمۇ كۆڭلۈم ئورنىغا،
بىر قاراپلا جان ئانامنىڭ روھىغا.

تەقدىرىنى ئېلكىگە ئاپتۇ ئانام،
ئەتە ـ ئۆكۈن ساقىيىپ كەتكەي تامام.

## شارلار تېغى ①

ئاتا ـ ئانا نارىسىدىگە تاغدەك يۆلەك،
يوق جاھاندا چوڭ يۆلەك بۇندىن بۆلەك.

چۈشتى شارلار تېغىنى كۆرگەندە مەن ؛
جان ئانام يادىمغا، خوي كۆيدى يۈرەك.

ئولتۇرۇپتۇ سۈكۈنات ئىچىدە ئۇ،
قولىدا تەسۋى، بېشىدا ئاق لىچەك.

ئۈستىدە مەخمەل چاپان ماشتىن قېنىق،
چېتىگە تۇتقان تېخى زەردىن جىيەك.

تۇرۇدۇ ماڭا بېقىپ ئىللىق كۈلۈپ،
قويندىن بەركەت تۆكۈپ ئېتەك ـ ئېتەك.

---

① شارلار تېغى ــ قۇمۇلنىڭ ھازىرقى غەربىي تاغ كۆكشىبىسى جايلاشقان تاغنى تارىختىن بۇيان خەلق شۇ نام بىلەن ئاتاپ كەلگەن. شارلار «شەھەرلەر» دىگەن سۆزنىڭ بۇزۇلۇپ ئېيتىلىشى.

ئۆيمۇ-ئۆيدىن چاقنىدى نۇر ھۇللىدە،
چۇشتى يۇلتۇزلار گويا يەرگە كۆچۇپ.

تېلېۋىزور ئانتىنىسى ئۇستىگە ئاي
قوندى گۇل چىراي بىلەن يەرنى ئۇپۇپ.

دىمىگىن، چۇشمەيلا خۇپتەندىن تېخى،
قالدى ئۆيلەردە نىچۇن چىراق ئۆچۇپ.

كۆرمىدىگمۇ يەتتە ئىقلىمنى خەلق
ئۆيدە ئولتۇرغىنىنى نەق كۆرۇپ.

ۋەجنى ئۇقتۇم شۇ دەم كۆز يېشىنىڭ،
بەلكى ئىشسىزلىق ئاڭا ساپتۇ ئازاپ.

## ئۆي

مەن بىلەن كېلەتتى توختى ئۇمىدىن،
يول بويى سوقۇپ پارالڭ ئاچ - توقىدىن.
مەن ئاڭا سوئال بېرەتتىم پاتمۇ - پات،
ھەم تولۇق بىلمەك بولۇپ بار - يوقىدىن.
ئۆتتى بىر ئۆي ئالدىمىزدىن ئاڭغىچە،
بەلكى ئويناقلاپ چۇشۇپ دۆڭ - يوتىدىن.
قاپتۇ پاتماي قىنىغا بەك شاتلىنىپ،
يېڭى چىققاندەك ئېغىلدىن - سوقمىدىن.
«نىمە ئانچە دىغ بولۇپ كەتكەندۇ؟» دەپ
سورىسام، قىزىقىسىنىپ مەن توختىدىن،
دەيدۇ توختى: «ۋەجى بەك ئاددى ئۇنىڭ،
ئۆيمۇ قۇتۇلدى ئەمەسمۇ نوختىدىن.»

## تاراتى كېچىسى ①

ئۆتتى تاغ كەينىگە كۈن ئاستا مۆكۈپ،
قوينىغا تاراتىنىڭ شولا تۆكۈپ.

ياندى ئۆيلەرگە پادا سۈرۈك - سۈرۈك،
ھەرىشىپۇ - مۆرىشىپ يولدىن ئۆتۈپ.

پۇقراپ چىقسا تۈتۈن - ئىس مورىنىڭ
كەتمىسىدى چېكىنى دەيمەن سۆكۈپ.

① تاراتى — قۇمۇلدىكى 12 تاغنىڭ بىرى.

مانا، سەھەر باشقىچە ئالەم،
باغ يېتىپتۇ ھال رەڭ تۈس ئېلىپ.

كەلگىنىدە ۋاقتى - سائىتى
چىچەك پەسلى گۈل چىراي ئاچتى؛
كۈنى تۈگەپ، قىش - قىرو پەسلى
قەيەرگىدۇ يوقالدى، قاچتى.

قاراڭ، ئەنە كۆز قاماشتۇرار
گۈل بەرگىدە مەرۋايىت شەبنەم.
كۈنمۇ چىققاچ كېلىندەك كۈلۈپ،
بار گۈزەللىك بۇندا بولغان جەم.

كۆپۈلدەيدۇ شۇنداق خۇش پۇراق،
مىڭ كېسەلگە داۋا دىسە ئاز؛
قۇشلار سايرار بەئەينى بىھۇش،
قىلىشقاندەك مىڭ نەغمىچى ساز.

بۇ ئەتىياز، يېڭى بىر باھار،
لەرزان ئۇرۇدۇ يېقىملىق شامال.
قىن - قىنىغا پاتمايدۇ كۆڭۈل،
ياز كېلىدۇ، بىر ساھىپ جامال.

1979 - يىل، مارت.

## قار ۋە مايسا

قار ياغىدۇ ئاق لەيلىدەك ئاق،
قار ياغىدۇ لەپىلدەپ لەرزان.



ئابلىز نازىرى 1925-يىلى تۇرپاندا تۇغۇلغان. 1942-يىلى ئۈلكىلىك دارىلمۇئەللىمىن مەكتىۋىنى پۈتتۈرگەن. ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ رەئىسى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

شائىرنىڭ ئىجادىيىتى 1944-يىلى باشلانغان. ئۇ، 1947-يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىغا قاتناشقاندىن كېيىن، «كۆڭلۈم سەندىدۇر»، «مىجىلغان يۈرەك»، «شانلىق قۇربان» قاتارلىق شېئىر-داستانلىرى بىلەن جامائەتچىلىككە تونۇلدى. شائىر ئۇزاق يىللار مابەينىدە گېزىت-ژورنال ئورۇنلىرىدا ژورنالىستلىق ۋە ئەدەبىي مۇھەررىرلىك خىزمىتىدە بولدى. شائىرنىڭ شېئىرلىرىدىن تاللانما — «چېچەك پەسلى» 1980-يىلى جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

# ياشلىق بىزگە ئەبەدى يولداش

## چېچەك پەسلى

تۇرماپمىدى ئاخشاملا تېخى
دەل-دەرەخلەر پوتلا چىقىرىپ،

يۈكۈرۈدۈ ئۈيناقلاپ تىنماي،
مىسالى بىر دۈلدۈل قۇلۇنى.

شۇڭا دەيمەن: كۆرەڭلىمە يىل،
قىرتتىمغۇ، دەپ سىنى بىر ياش.
قىرىسامۇ مەن،
قىرىماس ئىنسان،
ياشلىق ئاڭا تائەبەت يولداش.

ساقاللىرىم ئاقارسۇن ئۇچتەك،
نەۋرىلىرىم يېتىلەر ھامان.
يىل بوينىغا ئاسىدۇ زۇننار،
مەندە ئۇ چاغ قالار نەئارمان؟!

## پەرھات بول

تاغۇ - دەشتنى چېپىپ يول ئاچ،
مەگەر شىرىنغا ئاشىناسەن؛
كېزىپ چۆللەرنى ئۆستەڭ چاپ،
سۈيى كەۋسەرگە تەشنا سەن.

ھالاۋەت ھەم جاپا - مۇشكۈل،
بىلەرسەن نەسلىدىن قوشماق.
جاپانى يەڭمىسەڭ ئاخىر،
ھالاۋەت كېلىدۇ قانداق؟

شۇڭا بىل پارتىيەمىزنىڭ
سۆزىنى نەڭ ئىسىل گۆھەر.

تەبىئەتنىڭ مۆجىزاتى بۇ،
خوشاللىقتىن كۆڭلۈمدە قىيان.

ئاق چىچەككە قاراپ زوقلىنىپ،
تۇرغىنىمدا، ئۇي سۇرۇپ تەنها:
بىر پەستىلا (ھەجەپمۇ تېز - ھە!)
ئاق شايىدىن تون كىيدى دالا.


تاغ ئېدىرغا، قىر ۋە سەھراغا
زەپ ياراشتى بۇ قىشلىق بېزەك.
ئېتىزدىكى يۇمران مايسىغا
گويا پۈتتى ماموقتىن تۆشەك.

قىشلىق ئۇيقۇ پەسلى بۇ ئاڭا،
زەخمەت كۆرمەي غەمسىز ياتىدۇ.
باھاردىن سوڭ ياز كەلسە، كۆرۈڭ،
مول ھوسۇلدىن قوشاق قاتىدۇ.

## مەن ۋە نەۋرەم

يەنە ئۆتتى، ئۇزىدى بىر يىل،
كالىنداردىن يىرتىلىپ ۋاراق.
يىل، قىلغىنىڭ شۇمۇ، نىھايەت،
ساقىلىمغا سانچىلىپتۇ ئاق.

لېكىن نەۋرەم، ئايىغى چىقىپ،
ئۆيگە پاتماي قالدى شۇ كۈنى،



**ئەھمەت زىيائى** 1913 ـ
يىلى قەشقەردە تۇغۇلغان.
ئۇ، باللىق ۋە ئۆسمۈرلۈك
چېغىدىلا ئۆز ئاتىسى مول ـ
لاخۇن ھاجىدا ئوقۇپ، كـ
لاسسىك ئەدەبىيات بىلەن
تونۇشقان، ئەرەپ، پارس ۋە
تۈرك تىللىرىنى ئۆگەنگەن.

ئۇنىڭ دەسلەپكى شېئىرلىرى 1937 ـ يىلى قەشقەردە چىقىدىغان
«يېڭى ھايات» گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان. ئۇنىڭ ئازاتلىقتىن ئىلگىرى
سەھنىلەردە ئوينالغان «قارا كۆزلەر»، «نۇزۇگۇم ھايات»، «رابىيە ـ
سەئىدىن» قاتارلىق دىراما ـ ئوپېرالىرى ھەمدە مەتبۇئاتتا ئېلان قى ـ
لىنغان ۋە كىتابچە قىلىپ بېسىلغان «تاك پاجىئەسى»، «سەپەر
خاتىرىسى»، «لاداخ يولىدا كارۋان»، «تۇزىماس چېچەكلەر»، «ۋىجدان
مۇھاكىمە» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. ئازاتلىقتىن كېيىن ئۇنىڭ نۇرغۇن
شېئىر ۋە مۇھاكىمە ماقالىلىرى ئېلان قىلىندى. شائىر يەنە «تۈركى
تىللار دىۋانى» نى نەشرگە تەييارلاش، «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ نەزمە
يەشمىسىنى تۈزۈش ئىشلىرىغا قاتناشتى. ئۇ ھازىر شىنجاڭ ئىجتىمائى
پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئىلمىي خادىمى، 1957 ـ يىلىدىن باشلاپ
جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.

ئۇزۇن سەپەرگە ئات سالغىن،
بولۇپ خۇگجۇن① كەبى قەيسەر.

بىنا قىل تەرۇ - ئەجرىڭدىن
ئېلىمنىڭ چارباغىنى.
سېنى پەرھات دىگەي خەلقىم،
شىرىن تۇتقاي شارابىنى.

1978 - يىل، ئاپرېل.

① خۇگجۇن — قىزىل ئارمىيە.

هورۇنلۇق ھەمدە تەييارتاپ بولۇش بەكمۇ يامان ئادەت،
بەشارەتتۇر بۇ ئىككىسى يىگىتلىكنى يوقاتقاندىن.
ئۇپۇقتا ھال شەپەقتىن ھەر سەھەر شۇ خەت يېزىلغايكىم:
ئەمەس ھېچنەرسە تاتلىقراق ئۆزى ئىشلەپ يىگەن ناندىن.
تاپالمايسەن ھەقىقەت گەۋھىرىنى چەكمىسەڭ مېھنەت،
قاچان چىققان مۇشەققەتسىز باھالىق لەئلىلەر كاندىن.
مۇشەققەت تارتمىغۇنچە تاپقىلى بولمايدۇ راھەتنى،
بوتا① دا ئېرىگەن چاغدا تاپار ئالتۇن باھا ئاندىن.
كۆزى ئاچ، تويمىغۇرلۇقتىن ئۆزەڭنى ساقلىغىن زىنھار،
بولۇپ قالما چۈمۈلىدەك كى چىشلەپ ئۇچرىغان داندىن.
قانائەت تاغىغا قون، بول ھوما② دەك ئەيىپتىن خالى،
كېتەر قەدرىڭ چىۋىندەك شىرىلىك ھەر جايغا قونغاندىن.
ئۆزەڭدە يوق تۇرۇپ ھۈنەر، غادايما كېرىلىپ ھەرگىز،
كۆرۈپتۇ كىم ياسالغاننى چىمەن ئالەمدە جىغاندىن.
ئۆزەڭنى تۇت كىچىك، ھەرگىز تەكەببۇر بولمىغىن ئەسلا،
نە ھاسىل مېۋىسىز شاختەك ئۆسۈپ شۇنچە غادايغاندىن.
كىچىكلەرگە ھاقارەتلىك قاراشتىن دائىما ساقلان،
قىلۇر بەزىدە يىگىنە ئەڭ مۇھىمراق ئىشنى بازغاندىن.
يىراق تۇتقىل ئۆزەڭنى كىشىلىككە زىت يامان ئىشتىن،
بولۇر خالى ئەيىپتىن كىشىلەر ياخشى تىرىشقاندىن.
ئۆزىنى پاك تۇتالماستىن، كىشىدىن رەنجىسە بولماس،
نەسۇد③ كىر يۈز بىلەن ئەينەك قاراپ ئەينەكنى چاققاندىن.
ئۆزەڭگە دوستنى كۆپ توپلا، كى ئاسرا ئىتتىپاقلىقنى،
ۋاپالىق دوست يىغىش ياخشى كۈمۈش، ئالتۇننى يىققاندىن.
ۋاپالىق دوستتىن كۆرۈلسە نامۇۋاپىق ئىش، كەچۈر ئانى،

① بوتا — ئالتۇن ئېرىتىدىغان قاچا.
② ھوما — چېرىگەن سۆڭەك يەيدىغان قۇش، قانائەت سىمۋولى.
③ نەسۇد — نېمە پايدا.

# نەي ساداسى

كەل، ئى دوست، نەي ئۈننى ئاڭلا ھەر تاڭدا تيانشاندىن،
چىقار بۇ ئۈن جاراڭلاپ، ياڭرىتىپ شاۋقۇننى ھەرياندىن.
ئەجەپ جان كۆيدۈرەر بىر ئۈن بىلەن كۈيلەيدىكەن ھەركۈن،
ئۈنىڭ جۇشقۇن ساداسى تىترىتىپ دىلنى، ئۆتەر جاندىن.
قىلىپ ھەيران، قۇلاق سالدىم بۇ ئۈنلەرگە بولۇپ تەشنا،
ئالاي دەپ ھەسسە بۇ نەيدە كۆمۈلگەن سىرى پىنھاندىن.

*     *

دېدىم: ئى نادان، گەر ئىزلىسەڭ ئۆمرۈڭگە بىر مەنا،
ۋۇجۇدىڭنى مۇنەۋۋەر قىل پۈتۈنلەي ئىلمۇ - ئىرپاندىن.
يېتەكلەيدۇ ھەقىقەت سەيرىگاھىغا سېنى بۇ نۇر،
تاپالمايسەن بۇ نۇرنىڭ سىرىنى خۇرشىدى تاباندىن.①
ھاياتتا قانچە سىرلار بار، ئەقىل بىلمەكتىن ئاجىزدۇر،
بۇ سىرلارنى چۈشەنمەك تاشقىرىدۇر ھەددى ئىمكاندىن.
شۇڭا ئىزلەر ھايات سەبرۇ - ساباتۇ ھەم تىرىشچانلىق،
كۈرەشنى، ئىلمۇ، غەيرەتنى، پىداكارلىقنى ئىنساندىن.
ئەگەر سەن ئۇشبۇ خىسلەتلەردە مەھكەم تۇرمىساڭ دائىم،
ئۈزەلمەيسەن مۇراتىڭنىڭ غۇنچىسىنى بۇ گۈلىستاندىن.
تىرىش، ئىشلە، يىقىلساڭمۇ قوپۇپ قايتا يولۇڭنى ماڭ،
كىشى ھەرنەرسىكىم تاپتى، ئۇنى تاپتى تىرىشقاندىن.
تىرىشماستىن بېغىڭنىڭ گۈللىگى ھەرگىز چېچەك ئاتماس،
بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى سەن سوراپ كۆر گۈلچى باغباندىن.

① خۇرشىدى تابان — پارلاق قۇياش.

بۇلۇڭ ئەسرارى شۇدۇركىم، ئىچەرمەن سۇنى لەيسىتاندىن①
ئانا تۇپراققا باغلانغان مېنىڭ يىلتىزلىرىم چوڭقۇر،
ۋۇجۇدۇمدا تۆشۈكلەر ئۇن بىرەر خوشلۇققا تولغاندىن.

*　　　*

ئىشتكەچ بىباھا شۇنچە نەسىھەتلەرنى شۇ تاغدا،
كۆكۆل ئائىنەسى② تاپتى جۇلا، ھەر تۈرلى توزاغدىن.
تەپەككۇر قۇشلىرى قوندى قەلەمنىڭ ئۇچىغا ئەگىپ،
دېدى: «ئىلھامغا چاچماسەن مۇشۇنداق مەنىلىك داندىن.»
ئۈزۈلدى نەي ساداسى، بۇ زىيائى ئىنتىزارلىقتا،
ئېچىلدۇرسام ئىسىل گۈللەرنى خالى ئەيبۇ نۇقساندىن.

1982 - يىل، ماي.

① لەيمستان — قومۇشزارلىق.
② ئائىنە — ئەينەك، كۆزگۈ.

ئەمەس ئەيىپلىك سۆزلۈك سۆ ئانچە - مۇنچە خەس ئېقىتقاندىن.
كىشىنىڭ ئېتىۋارى، ئىپتىخارى، قۇدرىتى سۆزدۇر،
بىلەمسەن، پەرق قىلار ئىنسان مۇشۇ سۆز بىرلە ھايۋاندىن.
شۇڭا بۇ قۇدرىتىڭنى نامۇۋاپىق جايغا سەرپ ئەتمە،
قەلەم تەگلىك چېكەز ئىلكىڭدە ناچار سۆزنى يازغاندىن.
تەپەككۇر ئەيلە، ياز، يازغان سۆزۈڭ كۆپ مەنىدار بولسۇن،
ئەھاسىل پايدىسىز سۆزدىن قۇرۇق قۇرلارنى تىزغاندىن.

* *

ئاخىرىدا نەي ساداسى شۇ قەدەر ياڭراق تۇس ئالدىكىم،
بۇ ئۇن تەسىرىدىن تولدى يۈرەكلەر ھىس - ھاياجاندىن.
دىدى نەي: ئى كىشى، ئويغان، كى غەپلەت ئۇيقۇدا ياتما،
كېتۇر بىر خىش ھاياتىڭدىن مىنۇت ئۆمرۈڭ يوقالغاندىن.
غەنىمەتتۇر ھاياتىڭ، ياشلىغىڭ، ھەرگىز زايە قىلما.
نە پايدا ۋاقتى ئۆتكەندە يىگەن قاتتىق پۇشايماندىن.
بولۇر بىر كۈن قارا باشىڭ چېچەكلىك شاخ كەبى ئاپپاق،
ئېگىلۇر سەرۋىدەك قەددىڭ، قالۇرسەن ھەممە دەرماندىن.
ئاچارسەن شۇندا ئۇيقۇدىن كۆزۈڭنى سەسكىنىپ، ئەمما
تاپالمايسەن بۇ دەردىڭگە داۋا ھەتتاكى لوقماندىن.
نەتىجە شۇ ئىكەن، ئەمدى نىمە ئىش قىلغۇلۇق ئاخىر؟
ئۆزەڭ تاپ چارىسىنى تەكشۈرۈپ سەن ئەقلى دىۋاندىن.

* *

يېپىل - كۆك گۈمبىزى، گىرۋەكلىرى ئالغاچ شەپەقتىن رەڭ،
چىقاردى نەي ئاخىرقى ئۇن گۈزەل ئارزۇيۇ ئارماندىن.
دىدى: مەن بىر قومۇشمەن، چىقتى مەندىن شۇ قەدەر ھىكمەت،

ھەر قاچان كۆرسەم سېنى ئەي، گۈلئۇزار، بوغدا ئانام،
جۇش ئۇرۇپ قەلبىمدە چىن بىر ئىپتىخار، بوغدا ئانام،
خوشلۇغۇمدىن كۆز يېشىم دۇردەك تامار، بوغدا ئانام.

ھەر سابا باقسام سېنىڭ چېھرىڭدە ئىقبال جىلۋىسى،
جىلۋە بىرلە قامىتار كۆزلەرنى قارىغاي جىلغىسى،
جىلغىلاردا گۈل - چىمەن، ياشنار يەنە قار لەيلىسى،
قايىندى شامۇ - سەھەر سەندە ھايات تەنتەنىسى،
چۈنكى، تاج كىيدىڭ قۇياشتىن بەختىيار، بوغدا ئانام.

شۆھرىتىڭ ئالەمچە بار، لېكىن قاراڭغۇ ئۆتمۈشۈڭ،
نەچچە ئۇن قىسسە، رىۋايەت بولدى ھەر بىر كەچمىشىڭ،
دەردۇ - مېھنەت، غەم ۋە ھەسرەتتە ئاقارمىشتۇر بېشىڭ،
قانچە مىڭ يىللار كۆزۈڭدىن بىر ئۈچۈن تۆككەن يېشىڭ،
شۇ ساماۋى كۆلدە تىنماي چايقىلار، بوغدا ئانام.

چايقىلىپ تۇرغان بۇ كۆل كۆز ياشلىرىڭ دۇردانىسى،
بەلكى نەپرەت ھەم مۇھەببەت نەزمىسى، پەيمانىسى،
يا قەدىمقى قېرى شەرق تەقدىرىنىڭ ئابىدىسى،
ئەمدى ئاندا ئاڭلىنار كۈلگەن بەخت شادىيانىسى،
چۈنكى، سەندە باشلىنىپ كەتتى باھار، بوغدا ئانام.

مەڭگۈ كۈلسۇن نۇر قۇياش باشىڭدا، سەن بولغىن ئامان،
باسمىغاي ئۈستىڭنى ھەرگىز ئەمدى زۇلمەتلىك تۇمان،
سۈزۈلۈپ تۇرغاي ساماۋى كۆل كەبى كۆك ئاسمان،
سەن ھايات، بىزمۇ ھايات، ئەۋلاتلىرىڭ ئويغاق ھامان،
ئاق لىچەككە قونمىغاي دەپ بىر غۇبار، بوغدا ئانام.

1982 - يىل، ئاپرېل.



ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر 1923 - يىلى قۇمۇلدا تۇغۇلغان. 1942 - يىلى سابىق شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىنى پۈتتۈرگەن. ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئىلمىي خادىمى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

شائىرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى 1940 - يىللاردا باشلانغان ئىدى. ئۇنىڭ شۇ مەزگىلدە يازغان جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىنى ئاساسىي تېما قىلغان «يېڭى جۇڭگو گۈلىستانىغا» داستانى ۋە بىر مۇنچە شېئىرلىرى بار. شائىرنىڭ «قەشقەر كېچىسى» داستانى 1980 - يىلى جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى باھالاشتا مەملىكەتلىك ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. يېقىندا ئۇنىڭ «ئىز» ناملىق رومانى نەشرگە بېرىلدى.

# شېئىر ۋە رۇبائىلار

## بوغدا ئانام

ئاق لېچەك باشىڭدا قۇددۇس غەمگۇزار، بوغدا ئانام،
تۇرۇسەن كۆپكۆك گىلەمدەك بەر قارار، بوغدا ئانام،

يەتتىنچى ئاسمان يەتتىسى ۋە بېشىك.
پۈتلىرىڭ يەنە شۇ تۇپراقتا تۇرار.

5

ئاقار دەريا يۈزىمۇ قىشتا مۇزلار،
قىزىلگۈلنىڭمۇ بىر كۈن خازانى بار.
ئۇلۇغ غايە بىلەن سۇغۇرۇلسا دىل،
ئۇنىڭدا تۇرت پەسىل ھەمىشە باھار.

6

باھار كەتسە توزار گۈلشەندە غۇنچە،
تەرىكىنىڭ قەدرىمۇ كۆز يۇمۇلغۇنچە،
لېكىن ئۆلمەس كىشىلەر ھەم بار جاھاندا،
قۇياشنىڭ ئۆمرى قانچە، ياشار شۇنچە.

7

بىراۋلار ئەلگە قىلدى جانىنى قۇربان،
بىراۋلار تەر بىلەن گۈللەتتى بوستان.
ئالار قۇش تۈلكىنى ئۈنسىز - تاۋۇشسىز،
قاقاقىلار بىر تۇخۇم تۇغقانغا مىكيان.①

8

بۇلبۇل ئېيتار: گۈلزارىمدىن ئايرىما،
لاچىن ئېيتۇر: قاناتىمنى قايرىما.

① بۇ كۈپلېتنىڭ ئاخىرقى ئىككى مىسراسى كىلاسسىكلاردىن ئىقتىباس.

# رۇبائىلار

1

تاھىرغا دىلرەبا زوھراسى ياخشى،
مەجنۇنغا ھۆردىنمۇ لەيلاسى ياخشى،
مېنىڭ بۇ سۆيگۈگە چاڭقاق دىلىمگە
ۋەتەن گۈلزارىنىڭ رەناسى ياخشى.

2

مەجنۇنـتـال قەددىنى ئېگىپ مۇلايىم،
سۇ بەرگەن ئۆستەڭگە قىلىدۇ تازىم.
سۈت بېرىپ ئۆستۈرگەن ئانا ئالدىدا
بۇرچىمىز قانچىلىك، ئويلايلى دائىم.

3

ئانا سۈتى ئاقارتقاي دىلىڭنى سېنىڭ،
مەرىپەت يورۇتقاي يولۇڭنى سېنىڭ.
ۋەتەنىنىڭ سۆيگۈسى كۈچ - ئۈمىت بېرىپ،
پەلەككە يەتكۈزگەي قولۇڭنى سېنىڭ.

4

ھەرقانچە ئېگىزدە قۇش پەرۋاز قىلار،
ئوزۇغى، ئۇكىسى يەر ئۈززە بولار.

كۆر، پىلە قۇرۇتى چېغىدا ھەر ياز —
پۈتتۈرگەچ غوزىنى، بى مىننەت ئۆلەر.

13

شۆھرەت كەمىرىگە ئۇزاتقىچە قول،
ئوتتۇنچى بوۋاينىڭ ئارغامچىسى بول.
تاجدارلار تاجىنىڭ كۆزى بولغىچە،
كۆكلەم يامغۇرىنىڭ بىر تامچىسى بول.

14

شېئىر يازماق ئاسان، ھەق سۆزلىمەك تەس،
شائىرغا ھېرىس - تاما بولمىغاي ھەۋەس.
يازغاننى قەدىرلە ئاۋال سەن ئۆزەڭ،
سېتىپ خەجلىگىلى ئۇ تاۋار ئەمەس.

15

كۆڭۈل بوستانىغا جاھان سىغىدۇ،
جاھان تۇرماق ھەتتا ئاسمان سىغىدۇ،
مۇبادا رەشك - ھەسەت قاپلىسا ئۇنى،
تېرىقنىڭ قاسىرىغىمۇ ئاران سىغىدۇ.

1944 - يىل، ئۆكتەبىر.

مەن ئېيتۇرمەن: بىلىق سۇسىز نە قىلسۇن،
مېنى خەلقىم قۇچاغىدىن ئايرىما.

9

ئۆمۈر مەنزىلى ئاق قەغەزگە ئوخشار،
ھەر باسقان قەدەمدىن بىر ئىزىڭ قالار.
يا ماختان، يا ئۆكۈن، ئۆزەڭنىڭ ئىشى،
ئەلڭ ئادىل ھۆكۈمنى ئەل ئاڭا يازار.

10

ئالتۇن جام ئىچرە مەي قوزغاتسا ھەۋەس،
گۈزەلنىڭ كۆزلىرى سېنى قىلسا مەس،
كۈنۈڭ ئۆتسە ئالقىش - ماختاشلار ئارا،
ئاگاھ بول، ھاياتىڭ بۇ ئۆزى ئەمەس.

11

ئالتۇن ھەل يالاتساڭ، كېسەكتۇر كېسەك،
گەر ھالۋا بەرسەڭمۇ، تىزەكلەر ئېشەك.
كۆرۈمسىز شۇ پىلە قۇرۇتىغا باق،
يەپ ئاددى يوپۇرماق بېرىدۇ يىپەك.

12

بۈيۈك تاغنى تالقان قىلسىمۇ گەر،
ئۆزىگە تەمەننا قويماس يىگىت ئەر.

1

باش باھاردا تاڭ يورۇپ، شەپەق تۆر چاچتى،
تۆن قوينىدىن پەلەكنىڭ يۈزىنى ئاچتى.
ۋىساللىق قۇياشىدىن يورۇدى يۈزلەر،
كىكەچ تىلغا جان كىردى، ئۇرغىدى سۆزلەر.
گۈل باھار ئاپتىۋىدىن نۇر ئىمىپ ئۆلكەم،
سائادەت نەقشىدىن بولدى خوپ كۆركەم.
بارچە ئىناق، سورۇندا كۆرمەكتە ئىززەت،
نىمەت بەرگەن خۇش ئەمگەك تاپماقتا لەززەت.
ئانا تۇپراق جانلىنىپ بولدى گۈل - چىمەن،
جۆرچى بۇلبۇل چىمەندىن بولدى بەھرىمەن.
كىيدى ئۆلكەم كۆكلەمدە لىباس ئەتلەستىن،
خۇش مۇبارەك، دىدىم مەن ئوتلۇق نەپەستىن.
قىلدى جەۋلان قىزىل تۇغ، يولىمىز داغدام،
شۇنچە مەنزىل بىر ئۈچۈن بولدى بىر چامدام.

2

تارتىماس تومۇر گۈل - گىيا بولمسا تۇپراق،
ئالمسا نۇر قۇياشتىن تۈسلەنمەس ياپراق؛
سۇسىز چۆلدە گۈل تۈگۈل شىۋاق ئۈنمەس ھىچ،
گۈل كۆكەرمەس باغۋەندىن كۆرمىسە پەرۋىش.
گۈل باراقسان بولغۇسى سۈزۈك ھاۋادا،
قىلۇر جىلۋە بۇي چىچىپ ئىللىق سابادا.

مىنىپ خىيال ئىتىغا قىلغاندا پەرۋاز،
كۆڭۈل تارى چالغاندا تەپەككۇردىن ساز؛
ھەجەپ خۇش بۇي پۇردى پەنجىر ئالدىدا،



ئىمىن تۇرسۇن 1925 - يىلى ئۇرۇمچىدە تۇغۇلغان. 1941 - يىلى ئۇرۇمچىدە گىمنازىيىنى تۈگەتكەن. ئۇ ھازىر مەملىكەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى.

ئىمىن تۇرسۇن ئەدەبىيات سېپىگە 1941 - يىلى قەدەم قويغان ئىدى. شۇندىن بۇيان نۇرغۇن شېئىر ۋە پۇبلىتسىستىك ماقالىلارنى يازدى. شائىرنىڭ «ھەۋەس» ناملىق شېئىرلار توپلىمى بار. ئۇ يەنە «قىزىل بايراق شەجەرىسى»، «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»، «غەرپكە ساياھەت»، «ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلەر كىم؟» قاتارلىق ئەسەرلەرنى خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلدى ۋە تەھرىرلىدى. ئۇنىڭ تىلشۇناسلىقتا ۋە تەرجىمەشۇناسلىقتا دائىر ئەسەرلىرىمۇ بار. ھازىر ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى بىلەنمۇ شۇغۇللانماقتا.

# قىزىلكۆل

(باللادا)

ئادالەت بۇلىقىدىن كۆكۆل سۇ ئىچتى،
قاناتلىنىپ ئىلھامىم پەلەكنى قۇچتى.

غورۇرلانىماس سۆلەتتە شۆھرىتىم يار دەپ.
پۇراق ئۇچۇن چىن مىزان بولۇش ئاڭا خاس،
نەزەر سالسا ئايرىلۇر يالغان بىلەن راست.
يىگەي خەنجەر قىلسا قەست مەلئۇن كۆشەندە،
خىسلىتىگە مەھكۇمدۇر چاققاق - گىبزەندە.
شۇڭا تۇرلۇك گۆللەردىن ئاڭا خاستۇر تاج،
سەردانىسى گۆللەرنىڭ تاپقۇسى راۋاج.

3

ئىگەلمىگەن زىمىستان گۆلنىڭ بەستىنى،
ئۇنتۇمايدۇ يەنە ئۇ جۇتنىڭ قەستىنى.
سالغاندا گۆل قەددىگە جۇدۇن پەنجىنى،
تاتماق بولۇپ بەرگىگە سولغۇن رەنجىنى؛
لىباس تىكىپ شىۋىرغان قاردىن غولىغا،
سوغاق نەشتەر ئۇرغاندا يىلتىز - ھۇلىغا؛
گۆل سولمىدى ھىچقاچان ئاياز قەھرىدىن،
مەدەت ئالدى، كۆكلىدى باغۋەن مېھرىدىن.
رەقىپلەرنى لەت قىلىپ ئۆتكۆن - خەتەردە،
يەتتى! كۆكلەم پەسلىگە مۆشكۆل سەپەردە.
گۆل ئېچىلغاچ قايتىدىن كۆلدى ھەم باھار،
غۇبارسىز پاك زاتىدىن ھەق بولدى ئىزھار.
بارچە گۆللەر چېھرىگە ئىدى ئىنتىزار،
گۆل - يار بىلەن جانلاندى باھاردا گۆلزار.
كۆرسىتىپ گۆل ھۆسنىنى چىچەكلىدى جان،
سارغايغان بۇ يۈزلەرگە يۈگۈردى ھەم قان.
قىلدى بۇلبۇل ئىشقىدىن تاڭدا خۇش ناۋا،
بولدى بويى يۈرەككە شىپالىق داۋا،

يېنىپ چوغدەك چاقنىدى گۈلكۈن پاللىدا.
تويماي باقتىم چىمەنگە ئېچىپ روجەكنى،
كۆرسەتتى گۈل يۈزىنى يېشىپ لىچەكنى.

قۇشلاپتۇ گۈل باھارنىڭ ساباسىدىن بوي،
پۈتۈپ شاخى زۇمرەتتىن غوللاپتۇ خۇشخۇي.
غۇژمەك - غۇژمەك غۇنچىسى شىڭگىل - شىڭگىل ۋاي،
قىلۇر مەپتۇن ئاشىقنى جىلۋىسى، ھاي - ھاي.
قاماشتۇردى كۆزلەرنى بەرگلىرى شۇنچە،
ئېچىپ يۈرەك قېتىنى قىرمىزى غۇنچە؛
ئېشىپ شەۋقى ئېچىلغان ئازادە كۆركەم،
غولى مەزمۇت، غولىدىن يىلتىزى مەھكەم؛
چاشگاھ ئالدى شەپەقتە پۈركۈپ قۇتتىن تەم،
ھەتتا بولۇر ئايدىڭغا مۇڭداشچى ھەمدەم.
ئارزۇ قوزغار جامالى زوقمەن ئادەمدە،
دەرمان بولۇر ئادەمگە يۈرۈق ئالەمدە.
دىمەس بۇ گۈل جاھاندا بولسام يىگانە،
داڭلاپ ئۆزىن، ئۆزگىنى دىمەس بىگانە؛
سۇۋادانىدەك گىدەيمەس سوزۇپ قەددىنى،
قىزدىللىقتا ئۇنتۇماس ئەسلى - جەددىنى؛
ئۇ شاپتۇل چىچىگىدەك بولماس تېز توزان،
قەلەمپۇر پۈچەكىدەك ئەمەس زەر - خازان.
ياسىمەندەك تۇراقسىز ئەكە - ناز ئەمەس،
ئاقشىماردەك يۇمۇلغاق، بوش، تەنناز ئەمەس.
ھېچ بىلىنمەس كۆرەڭلىك ئىسىل تۇرقىدىن،
ھەم كۆرۈنمەس بىرەڭلىك تەمكىن خۇلقىدىن.
ئايناقلىماس مىنىڭلا ئۇز ھۆسنۈم بار دەپ،

ئىللىق قۇياش يورۇتۇپ سۇنۇق دىلىمنى،
گۈلنىڭ ئىشقى سۆزلەتتى تۇتۇق تىلىمنى؛
كۆكلەم يورۇپ كۆزلىرىم بولدى خوپ روشەن،
كۆردۈم كۆڭۈل كۆزىدە ئاجايىپ گۈلشەن.
قىزىلگۈلنى تاللىدىم گۈللەر ئارا، بەس،
قىزىلگۈلدىن ئۆزگىسى مەڭگۈ كېرەكمەس.
بولاي ياپراق بويۇڭغا، مەھلىيادۇرمەن،
بويۇڭ بىلەن كۆكەرسەم خۇش كىيادۇرمەن.
جېنىم ساڭا تەسەددۇق، سەنلا بىر دىلكەش،
شۇنىڭ ئۈچۈن ئاجىزلىق قىلدى قەلەمكەش؛
گۈلنى تەرگەن باغۋەنگە قىلدىم تەشەككۇر،
يېتەلمىدى ۋەسپىگە قەلەم ـ تەپەككۇر.

ياشنا ـ ياشنا، ئەي گۈلۈم، قاپلا چىمەننى،
باشلا چىمەن سەھنىدە ئەلۋان ـ تۈمەننى؛
ئىلىم ـ سەنئەت بابىدا ئېچىلغىل قات ـ قات،
ھەر قېتىمدىن ئېچىلسۇن يېڭى گۈل پات ـ پات!
بەردى قايتا گۈل ماڭا ياشلىق قىرانىنى،
چۈشتۈم يېڭى سەپەرگە بىلىپ ئورانىنى!

1978 - يىل، ماي.

شۇڭا بىلگىل، گۈلشەندە گۈلنىڭ قەدرىنى،
سۆزلە، ئوقۇپ مەدھىيە باغۋەن ئەجرىنى؛
گۈلگە سۇنغان سوغاق قول قەستىنى سۆزلە،
ئوقۇپ ناخشا گۈل ئۈچۈن يىراقنى كۆزلە.
گۈلنى ئاسرا، گۈل ئۈچۈن جاننى پىدا قىل،
چەمەنزاردا بۇرچۇڭنى تۈگەل ئادا قىل.

گۈل چىللايدۇ: سورۇننى ئەمگەك بىلەن تۈز،
دەرياسىدا ھاياتنىڭ غۇلاچ تاشلاپ ئۈز.

4

يارىتىپمەن ئۆتمۈشتە ئاخشامشىمارنى،
كۈننى كۆرسە يۇمۇلغاق كېچە خۇمارنى؛
مەجنۇن كەبى لەيلى دەپ ساراپنى كۆزلەپ،
پىل - پىل چىراق تۈۋىدە شاراپتىن سۆزلەپ؛
چېتىنلىكتە مەستانە كېپىنەك پايلاپ،
سەرسانلىقتا بەڭگىدەك ھەر نېمە ئويلاپ،
كۆزۈم خىرە بولغاچقا كىميا ئىلغىماي،
تازا گۈلنىڭ بويىنى دىلغا چۈلغىماي؛
گۈل دەپ سۇنسام قولۇمنى تەگدى تىكەنگە،
رەنجىدىن ئاق چېكىلدى ئىككى چېكەمگە.
ئۆتتى ئۆمرۈم بىھۇدە ئەسلىسەم ئەمدى،
پۇشايماننىڭ ئوتىدا دىل - باغرىم ياندى.

تاڭ چولپىنى باشلىغان شەپەق پەسلىگە،
دانا باغۋەن يەتكۈزدى گۈلنىڭ ۋەسلىگە.

شۇ دەريا يويىدا، يالغۇز قەۋرىدە
ياتىدۇ مۇتەللىپ ھۆرلۈك سىيماسى.

كەلگەندە مۇقەددەس قەۋرە تۈۋىگە،
جۇغۇلداپ تەنلىرىم، ئېگىلدى بېشىم.
قوشۇلدى دولقۇنلۇق دەريا سۈيىگە،
ھەسرەتتە تاراملاپ ئاققان كۆز يېشىم.

سەن ئىدىڭ بىر يۇلتۇز قاراڭغۇ تۈندە،
بۇلۇتلار كۆكسىنى يېرىپ چاقنىغان.
سەن ئىدىڭ بىر بۇلبۇل ئەلنى ئويغىتىپ،
ئازاتلىق كۈيچىسى بولۇپ سايرىغان.

سېنىڭدىن ئۆلگۈدەك چۆچىگەن قانخور
بېشىڭنى كەسكەندە كۈلدى قاقاقلاپ.
ۋە لېكىن كۈلكىسى بارمىدى ئۇزاق،
ئازاتلىق مەشئىلى ياندى چاراقلاپ...

ھەيۋەتلىك خانتەڭرى قىيا تېشىغا
شۇ ئۆلمەس نامىڭنى نەقىشلەپ ئويدۇق.
قەۋرەڭنىڭ ھەسرەتلىك، مۇڭلۇق بېشىغا
ياپ-يېشىل ئارچىدىن كۆچەتلەر قويدۇق.

ھەر كېچە رۇجەكتىن باقسام يىراقتا،
چاقنايدۇ بىر يۇلتۇز قەۋرەڭ ئۈستىدە.
شۇ يۇلتۇز غايەڭگە بولۇپ بىر نىشان،
ھېچ ئۆچمەي چاقنايدۇ ۋەتەن كۆكىدە.



**تۇرغۇن ئالماس** 1924 - يىلى 30 - ئۆكتەبىر كۈنى قەشقەردە تۇغۇلغان. 1942 - يىلى ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىن مەكتىۋىنى پۈتتۈرگەن. ئۇنىڭ دەسلەپكى شېئىرى — «قايتمايمىز» 1940 - يىلى ئېلان قىلىنغان ئىدى. ئازاتلىقتىن كېيىن ئۇنىڭ «لەيلىگۇل» داستانى، «قىزىلبايراق» ھېكايىسى، «پىچاق» درامىسى ئېلان قىلىندى. شۇنىڭدەك ھازىر-غىچە ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىن «تارىم شامالىرى»، «تاڭ شەھەر» توپ-لاملىرى نەشر قىلىندى. ئۇنىڭ يەنە ئەدەبىيات ۋە تارىخقا دائىر نۇرغۇن ئىلمىي ماقالىلىرى، خەنزۇچە ۋە رۇسچىدىن تەرجىمە ئەسەرلىرى بار. ئۇ ھازىر «بورانلىق يىللار» رومانى ئۈستىدە ئىشلىمەكتە.

شائىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە ئىشلەيدۇ.

# ياشلىق چېچەك ئاتقان شۇ كۈندە

## ئازاتلىق كۈيچىسى

خانتەڭرى باغرىدىن كېلىدۇ ئېقىپ،
كۆكىرەپ، دولقۇنلاپ ئاقسۇ دەرياسى.

ۋە لېكىن ئۆرلىلىپ كېتىپتۇ چېھرىڭ،
بىلمىدىم بەختىڭنىڭ بەلگىسىمۇ بۇ؟

1984 - يىل، فېۋرال.

## ئېشەنچىم

ۋىجدانىم، ئىرادەم ماڭا جان بېرىپ،
جۇشقۇنلۇق يېڭى كۈچ قوشتى بۇ تەنگە.
دېدىم مەن: «مۇھەببەت ۋە ئەزىز جانىم،
ھەر زامان تەقدىمدۇر ئۇلۇغ ۋەتەنگە».

قەددىم تىك ئارچىدەك تەگرى تاغىدا،
تۆلدىمۇ يىراقنى كۆرۈدۇ كۆزۈم.
ئەدىكىن باش ئېگىش جۇدۇن - بورانغا،
تۇرۇمەن چىناردەك قۇدرەتلىك ئۆزۈم.

مەيلى قىش مۇز قولى بىلەن ياقامدىن
سىقسىمۇ نەپىسىم قىلچە بوغۇلماس؛
مەيلى كۆك بېشىمغا ئەۋەتسۇن چاقماق،
كۆڭلۈمدە زەررىچە ئەندىش تۇغۇلماس.

ئېشەنچىم باغلاقلىق، تاغدىنمۇ كۈچلۈك.
قەھرىمان خەلقىمگە، گۈزەل غايەمگە.
بىزگە تەڭ كەلگۈدەك ياۋايى بىر كۈچ
ئەزەلدىن تۆرەلگەن ئەمەس ئالەمگە.

1981 - يىل، ئۆكتەبىر.

## ئەسلەش

1

بىلمىدىم، نە سەۋەپ، سېنى چۈشۈمدە
پات - پاتلا كۆرۈمەن ئايدىڭ سەھەردە.
تۇرۇسەن ياشلىقنىڭ چېچەك ئاتقان شۇ
قىرق يىلـلار بۇرۇنقى گۈزەللىگىدە.

ئۇيغىنىپ قارىسام، كېلەر يادىمغا،
دەل ئاشۇ چاغدىكى ئوبرازىڭ سېنىڭ.
ھەر قاچان ئەسلىسەم سېنى، ئەي دىلبەر،
ئوت بولۇپ كىرىسەن قەلبىمگە مېنىڭ.

2

قىرقىنچى يىللىرى باغراش دولقۇنى
غەزەپلىك قوزغىلىپ گۈكىرەپ تۇرغان؛
تۇمانلىق كۈنلەرنىڭ قىسمىتى بىرنى
كۈتمىگەن بىر چاغدا يىراقلاشتۇرغان.

شۇ كۈنى كېتەردە قارىسام ئارتقا
سەن قالدىڭ ياش تۆكۈپ، ماڭا تەلمۈرۈپ.
سەل ئۆتۈپ تۇمانلار قوينىدا گويا
مەن سېنى كۆرەلمەي، كەتتىم ئاھ ئۇرۇپ.

3

ئاھ، بۈگۈن ئۇچرىشىپ قالدۇق تۇيۇقسىز،
چېچىڭغا قونۇپتۇ كۈمۈش رەڭ قىرو.

كۆزلىرى ئوخچۇپ تۇرار ــ ئوينار بۇلاق،
ئاغزى گويا لالە گۈلىنىڭ غۇنچىسى،
ئۆزى ئىچ كۆيدۈرگۈدەك بەكمۇ ئوماق.
كەلدى دۇنياغا يېڭى بۇ بىر بوۋاق،
ئۆيىمىزدە پارلىدى نۇرلۇق چىراق!
شۇ چىراق ئەتراپىدا پەرۋانە بىز،
مەيلى كۈندۈز، مەيلى كېچە ــ ھەممە ۋاق.
بىزدىكى ئارزۇ - ئۈمىت تاغدىن بۈيۈك،
بولسا دەيمىز بوۋاقنىڭ ئۆمرى ئۇزاق!
دەۋرىمىزنىڭ ياشلىرى - ئۆسمۈرلىرى،
ئەترە گۈلدەك مەڭگۈ چاچسۇن خۇش پۇراق.
گۇلباھارنىڭ غۇنچىسىنى مەن كۆرۈپ،
يادىكار بولسۇن ئۈچۈن يازدىم قوشاق.

1982 - يىل، فېۋرال.

## تاغ سۈيى

تاغ سۈيى ئۈنچە چېچىپ ئاققىن يەنە،
بۇ چىمەن ــ گۈلىستانغا باققىن يەنە،
غۇنچە دەر: كۆكسۈڭ ماڭا ياققىن يەنە،
سەكرەپ ئاق، يەردە قانات قاققىن يەنە!

شوخلىغىڭغا جانۇ - تەندىن سۆيۈنۈپ،
مەن قارايمەن ئوينىشىڭغا كۆيۈنۈپ،
تاشتى ئىلھامىم سىنىڭدەك ئۇلغۇيۇپ،
يۈرىكىم دەرياسىدا تاشقىن يەنە!



**قۇربان ئىمىن** 1914 - يىلى قەشقەردە تۇغۇلغان. 1942 - يىلى ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىن مەكتىۋىنى پۈتتۈرگەن. ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى 1937 - يىلدىن باشلانغان. 1981 - يىلى بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇنىڭ «قەشقەر ئاۋازى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى نەشر قىلدى. «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر هازىرقى زامان يازغۇچىلىرىنىڭ تەرجىمىهالى» دېگەن توپلامدا ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيەتلىرى تونۇشتۇرۇلدى.

شائىر هازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى.

# تاشتى ئىلهامىم مېنىڭ دەريا بولۇپ

## بوۋاق

كەلدى دۇنياغا چىرايلىق بىر بوۋاق،
يۈزى تولغان ئايغا ئوخشاش يۇمۇلاق
قوللىرى يۇمران قومۇشتەك ئاققىنا،

# كۈز مەۋسۇمى

ئالدى ئالتۇن رەڭگىنى ئالما، ئانارنىڭ ياپرىقى،
پەسلىمىزنىڭ ئەڭ گۈزەل بىر مەۋسۇمى — كۈز ئاتلىغى.
ھەممە باغۋەن ئالدىراش ھەر كۈنلۈكى مىۋە ئۈزۈپ،
قىز - يىگىتنىڭ ئاغزىدا قالماقتا كەمپۈت تاتلىقى
سۈپ - سۈزۈك ئەشپۈتنى كۆرگەن كىشىنىڭ زوقى كېلەر،
نازىنىننىڭ مەڭزىدەك رەڭدارلىقى، سۇمباتلىقى.
ھەر چۈنەكتىن ھەر پىلەك شەرۋەت شوراپ ئۆسكەنمىكىن؟
تىل يارار قوغۇنلىرىنىڭ تەمى قەن - ناۋاتلىقى.
خۇددى خان ئەتلەس كىيىنگەندەك چىرايلىق كەڭ ئېتىز،
بارچە دېخاننىڭ بۈگۈن خاماندا تاغدەك ئاشلىقى.
قوللىرى ئەپچىل كېلىن ھارماس ئەنە لەغمەن سوزۇپ،
مېزىلىك قورۇيدۇ سەينى، قولدا ئويناپ ساپلىقى.
قىردا ئوتلاپ سەمرىگەن پاخلانلىرى، تايچاقلىرى...
ئەكىلەپ سەكرەيدۇ تىنماي ئەمدى ئاشقاچ شوخلىقى.
مول ھوسۇلدىن بەھرىمەن بولغاچ يېزا - قىشلاق، شەھەر،
يەتتە تاغنىڭ نېرىسىغا كەتتى ئەل نامراتلىقى.
ئىشچى خوش، دېخانمۇ خوش ھەم چارۋىچى، كادىرمۇ خوش،
قىلدى خوش قۇربانى ھەم كۈز پەسلىنىڭ ئاۋاتلىقى.

1983 - يىل، يانۋار.

ھەممە ۋاقت ئالتۇن دىيار خۇشتار ساڭا،
تەلپۈنۈپ گۈللەر تۇتار گۈلزار ساڭا.
سايرىشار بۇلبۇل بولۇپ دىلدار ساڭا،
تاغ سۈيى، سەن شاقىراپ چاپقىن يەنە!

1982 - يىل، سېنتەبىر.

## غەزەلخانلار ساداسى

سۆيۈملۈك ھۆر دىيارىمنىڭ ئېپار ھىدلىق ھاۋاسى بار،
چىمەندە بەزمىلەر تۈزگەن خوشال بۇلبۇل ناۋاسى بار.

بۇلۇت سۆيگەن ئېگىز تاغلار، يېشىل ئورمان، گۈزەل باغلار
ئارا ياڭرايدۇ شات ناخشام، ئۇنىڭ دىلغا داۋاسى بار.

ۋەتەننىڭ كۈز، قىشى ئالتۇن، باھار، يازى دىمەك گۆھەر،
ھايات كۈلمەكتە شۇڭلاشقا (كۈرەش - مېھنەت ئاساسى بار).

ۋەتەن پەرھاتلىرى غەيۇر، پاراسەتلىك، ماھارەتلىك،
جىگەرلىك مەرتكە مۈشكۈلنىڭ زەپەر ناملىق ئاتاسى بار.

ۋەتەننى باي، گۈزەل قىلماق بۈگۈن بىزلەرگە يۈكلەنگەن،
ھەقىقەتتۇركى ھەركىمگە پاراغەتنىڭ جاپاسى بار.

سەممى ئىش قىلىپ دوستلار، ۋەتەنگە تۆھپە قوش كۆپرەك،
ساڭا تەڭكەش بولۇپ تۇرغان غەزەلخانلار ساداسى بار!

# شىمالغا سەپەر

(شۇ ناملىق سىكىلدىن پارچىلار)

## بوستانلىق شەھەر

قەدىمى بىر چۆللۈك ئۈيقۇنى تاشلاپ،
هايات چىمەنىدىن ئاپتى چوڭ ئورۇن.
بۇندا قەد كۆتەرگەن يېڭى شىخەنزە،
خەرىتىدە ئەسلا يوق ئىدى بۇرۇن.

ئەزەلدىن كۆچلۈكتۇر ئىنسانىنىڭ ئىشقى
تۇغۇلۇپ ئۆسكەن شۇ ئىسسىل تۇپراققا.
بىر يىگىت ئۆمرىچە قىسقا مۇددەتتە
قاقاسلىق ئايلانغان بوستانلىق باققا!

بارىمەن ئوڭ - سولغا تويىماستىن قاراپ،
تېرەكلىك يوللاردا ماشىنا ئۇچار.
ئېكىنزار ئېتىزلار، ئالتۇن باشاقلار
تەۋرىنىپ قارسا، دىل خوشلۇق قۇچار.

ئۇچقۇدا ئولتۇرۇپ قارساڭ پەسكە،
شاهمات تاختىسىدەك رەتمۇ - رەت سالا.
شاخلاپتۇ كېۋەزلەر چۆنەككە پاتماي،
ئالدىمدا تەپ - تەكشى گۈلزارلىق دالا.



رەھمەتۇللا جارى 1926 - يىلى قەشقەردە تۇغۇلغان. باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن 6 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئەرەب، پارس تىللىرىنى ئۆگەنگەن، كېيىن يەنە رۇس تىلىنى ئۆگەنگەن. ئۇ ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە ئىشلەيدۇ.

شائىر 1946 - يىلدىن باشلاپ شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان. 1984 - يىلى ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىن تاللانما — «قەلب سۆزى» بېسىلىپ چىقتى. ئۇنىڭ يەنە خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلغان «چۈي يۈەن» ناملىق ئوپېراسى بار؛ ماۋ جۇشى شېئىرلىرى ۋە «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» نىڭ تەرجىمىسىگە قاتناشتى. رۇس تىلىدىن «ئاكا - ئۇكا يېرشوۋلار»، «سپارتاك»، «تىنچ دون» رومانلىرىنى، پارسچىدىن «گۈلىستان»نى تەرجىمە قىلدى ۋە كىلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىغا دائىر ئىلمىي ماقالىلارنى يازدى.

تەسەۋۋۇر - پەرەزدىن چىقتىڭ ئۈستۈن سەن،
ئىمانچە بەرق ئۇرۇپ تېزلا ئۆستۈڭ سەن،
يىل ئەمەس، ئەسىرنى ئاتلاپ ئۆتتۈڭ سەن،
بىر شەھەر قۇرۇپسەن ھاياتى قايناق.

قالماپتۇ بۇرۇنقى قاغجىراق چۆللەر،
ھەرياندا مۇنارلار، ئاسفالت يوللار،
نەقىشدار بىنالار، دەرەخلەر، گۈللەر
بەخش ئەتتى قەلبىمگە قىزغىن ئىشتىياق.

يىراقتا تىك، مەغرۇر ئاقۋاش تاغلىرىڭ،
ياپ - يېشىل تون كىيگەن كەڭ يايلاقلىرىڭ،
ۋادىغا سۇ بېرەر شوخ بۇلاقلىرىڭ،
كەلگۈسى ھاياتىڭ تېخىمۇ پارلاق!

## مۇشائىرە

ئاخشام چۈشتى، ئايمۇ چىقتى خىرە - شىرە،
ئالمىلىق باغ خوپ بېزەلگەن، خۇش مەنزىرە،
قەلبىمىزدە قالدى بۇ كەچ بىر خاتىرە،
دوستلار قۇردۇق باغ ئىچىدە بىر دائىرە،
قىزىپ كەتتى بەس - بەس بىلەن مۇشائىرە.

ئېلېكترلەر يورۇتاتتى باغنى كۈندەك،
شاخ - شاخلاردا قىزىل ئالما بولغان بىزەك،
داستىخاندا تەخسە - تەخسە ھەرخىل گېزەك،
ئولتۇردۇق بىر چازا قۇرۇپ بىر دائىرە،
قىزىپ كەتتى بەس - بەس بىلەن مۇشائىرە.

باشلايدۇ شەھەرگە تۈپ - تۈز ئاسفالت يول،
كوچىلار ئازادە، ھەر تەرەپ ئاۋات.
ئاق بۇلۇت قۇچۇپتۇ تۇرخۇنلار قاتار،
مەرمەردىن بېزەلگەن بىنالار قات - قات.

ئەزەلدىن كۆچلۈكتۇر ئىنساننىڭ ئىشقى
ئۆزىنى ياشاتقان ئىسسىق تۇپراققا.
بۇرۇنقى چۆللۈكتىن پەقەت نىشان يوق،
بوستانلىق سوزۇلغان يىراق - يىراققا.

## قاراماي

نامىڭنى، داڭقىڭنى ئاڭلىسام ھەر چاغ،
كۆرۈشكە يۈرىكىم بولاتتى مۇشتاق،
پەيت كېلىپ ۋەسلىڭگە مۇيەسسەر بولدۇم،
نەقەدەر گۈزەلسەن، ئەي ئالتۇن تۇپراق!

جاھانغا تارالدى «قاراماي» ئاتىڭ،
چۆل ئەمەس، پۈتمەس كان - غەزىنە زاتىڭ.
بۈركۈتتەك يايغانسەن ھەريان قاناتىڭ،
بۈگۈن ساڭا كۆكلەم ئاچقان كەڭ قۇچاق.

باغرىڭدىن ئۆتتۈم مەن چۈش - پېشىن ۋاقتى،
تومۇزنىڭ ئاپتىۋى تېنىمگە ياقتى،
مۇنارلار ئالقىشلاپ يىراقتىن باقتى،
قۇياشنىڭ نۇرىغا چۆمۈلگەن ھەر ياق.



**مۇھەممەت رەھىم** 1926 - يىلى
سۈيدۈڭ ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1942 - يىلى
ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن. 1944 - يىلى
12 - ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىغا قاتناش-
قان. ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات -
سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە ئىشلەيدۇ، جۇڭگو
يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ
ئەزاسى.

ئۇنىڭ دەسلەپكى شېئىرى — «مىللىتىم» 1947 - يىلى مەتبۇئاتتا
ئېلان قىلىنغان، 1976 - يىلى «بەخت ناخشىلىرى» ناملىق شېئىرلار
توپلىمى، 1980 - يىلى «گۈلباھار» ناملىق شېئىرلار توپلىمى جاما -
ئەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى. ئۇ، 1979 - يىلى «ئۇيغۇر خەلق
ماقال - تەمسىللىرى» توپلىمىنى نەشر قىلدۇردى.

# شۇنچە گۈزەل بىزنىڭ بۇ ۋەتەن

## ئايدىڭ كېچە

ئايدىڭ كېچە، ئاپپاق، سۈزۈك، كۆركەم كېچە،
سانسىز كۆزلەر تولۇن ئاينى كۆرگەن كېچە.

گۈزەل ئىلى بىر توپ مېھمان كۈتتى بۇ كەچ،
شائىرلىرى دۇررى - گۆھەر تۆكتى بۇ كەچ،
خىزمەت قىلىپ پەرۋانىدەك ئۆتتى بۇ كەچ،
ئۇلپەتلەشتۇق بولۇپ ئىناق بىر دائىرە،
قىزىپ كەتتى بەس - بەس بىلەن مۇشائىرە.

ساھىپخانىلار مېھمانلارنى خوپ داغلىدى،
ھۆرمەت بۇ، دەپ مېھمانلارمۇ جىم ئاڭلىدى،
ئارقىدىنلا شىشە قەدەھ جاراڭلىدى،
دوستلۇق ئىزهار قىلدۇق بولۇپ بىر دائىرە،
قىزىپ كەتتى بەس - بەس بىلەن مۇشائىرە.

ھەر يۈرەكتە جۇشقۇن بولۇپ تاشتى ئىلھام،
ئوتلۇق مىسرا، تېز قاپىيە ئاقتى ئىلدام،
نەپىس كۈيلەر كۆكتە ياڭراپ قىلدى داۋام،
قىزغىن چاۋاك چالدى پۈتۈن بىر دائىرە،
قىزىپ كەتتى بەس - بەس بىلەن مۇشائىرە.

ئۇلۇغلىدۇق بىر ۋەتەننى، گۈل دىيارنى،
سۈرەتلىدۇق گۈلىستاننى، چىمەنزارنى،
كۈيگە قاتتۇق ئۇستا باغۋەن، ئىجاتكارنى،
زوقتا چۆمدى بۇ ئولتۇرۇش، بۇ دائىرە،
قىزىپ كەتتى بەس - بەس بىلەن مۇشائىرە.

سايراپ تۇردى دۇتار، تەمبۇر بۇ گۈلشەندە،
توختىمىدى باغ ئىچىدە كۈلكە - خەندە،
بارا - بارا ئۇپۇقتا تاڭ سۈزۈلگەندە،
تارقىدى شاد بۇ ئەنجۈمەن، بۇ دائىرە،
تامام بولدى تاڭغا يېقىن مۇشائىرە.

كۆكتە تورغاي چۇرۇقلىشىپ قىلار پەرۋاز،
يېشىل بۇغداي ئىغاڭلىشىپ قىلماقتا ناز،
كەلدى شۇ چاغ شىپىر-شىپىر غەيرى ئاۋاز،
ئەنسىزلىكتىن شەپە ئېلىپ كەلگەن كېچە.

يىگىت دەرھال قارىۋىدى ئارقىسىغا،
كىمدۇ بىرى كۆرۈندى يول ياقىسىدا،
جىم بولۇشتى مۆكۈپ سۆگەت دالدىسىغا،
سالدى تەشۋىش قاناتىنى تار كەرگەن كېچە.

يىگىت دېدى: «ئۆتۈپ كەتتى بىزنى كۆرمەي»،
قىز دېدىكى: «كۆردى، ئەمما دەخلى بەرمەي —
ئۆتۈپ كەتتى كۆڭۈل ئاياپ، يېقىن كەلمەي»،
يات كۆزلەرگە يۇلۇقتۇردى كۈتكەن كېچە.

يىگىت دېدى: «بىزگە پانا بولدى سۆگەت»،
«ياق، — دېدى قىز، — بىر بىلەن ئاي بىرىنچى رەت
قېرىشقاندەك سەتچىلىككە قويدى قەۋەت»،
ئۆتتى شۇنداق كۆڭۈلنى غەش ئەتكەن كېچە.

كۈنلەر ئۆتۈپ ئاي ياسىدى شۇندىن كېيىن،
يىل ئۆتسىمۇ شۇ كېچىنى ئۇنتۇش قىيىن؛
شۇندىن بۇيان يىگىتنى قىز دەيدۇ «قېلىن...»،
لەۋلەر بىلەن ۋەدىنامە پۈتكەن كېچە.

بۈگۈن شۇڭا «ئەتتەك...» دېدى ئەسلەپ شۇنى،
شۇ خىجىللىق ئۇيالدۇردى تەكرار ئۇنى،

ئىختىيارسىز تارتىۋالدى مەيلىگىمنى،
تەنگە ئارام، جانغا ھوزۇر بەرگەن كېچە.

شۇنچە گۈزەل ئاسمان يۈزى، ھەتتا ئۇپۇق،
پۈتۈن ئەتراپ يېپيېڭى كۆمۈش يوپۇق،
ئاينى مېھمان قىلدىم بۈگۈن دەيدۇ قۇدۇق،
سۇ يۈزىدە ئاي شولىسى كۈلگەن كېچە.

ئېكىنزارلار، يېشىل باغلار شۇ تۇرقىدا،
خۇددى مەغرۇر كېلىنچەكتەك ناز ئۇيقۇدا،
لېكىن ئويغاق تەبىئەتنىڭ كەڭ قوينىدا
سۇچى يىگىت پۇشقىغىنى تۈرگەن كېچە.

كەلمەكتە ئۇ چوڭ ئېچىقتىن سۇنى باشلاپ،
خىيال سۈرۈپ سۇ بىلەن تەڭ قەدەم تاشلاپ،
نىمشقىدۇ، «ئەتتەڭ...» دېدى گەجگە قاشلاپ،
ئەسكە چۈشتى ئۆز يارىنى سۆيگەن كېچە.

ئۆتكەن ئاينىڭ بۈگۈنكىدەك ئاق كېچىسى،
سۇ تۇتۇشتى ئۆز يېرىگە يار ئىككىسى،
ئاشۇ كېچە...مۇھەببەتنىڭ لېرىكىسى
قوش يۈرەكنىڭ تارلىرىنى چەككەن كېچە.

ماڭدى ئۇلار توي ھەققىدە پىكىرلىشىپ،
سۇنى ئۇنتۇپ كەتتى ئاخىر پىچىرلىشىپ...
ئېرىقتا سۇ ئويناپ ئاقار شىلدىرلىشىپ،
قىردىن ئېشىپ، يولغا يامراپ كەتكەن كېچە.

سەيلە قىلدىم باغلىرىڭنى زوق بىلەن،
گۈلگە پۈركەپتۇ چىمەر باغۋەن سىنى.

ئارچىزارلىق تاغلىرىڭدىن قارىسام،
چىللىشار خانتەڭرى ھەم تەيشەن سىنى.
سۆزلىدى چەنلىك بىلەن ماۋلىك① ماڭا:
قانچە خاقانلار قەسىر ئەتكەن سىنى.

سەيلىگاھىم بولدى خۇاڭچىڭچى② يەنە،
بىر شىپالىق جاي دىدىم جەزمەن سىنى.
باشلىنىپ سەندىن قەدىم يىپەك يولى،
قىلدى ئۇ يۇرتۇم بىلەن بىر تەن سىنى.

ئەمدى كۆرگەنلەر دىيىشتى لال بولۇپ:
يىپ - يىڭى جۇڭخۇادىكى گۈلشەن، سىنى،
خۇش ئىدىم قىلغانلا بولسام بۇ سەپەر
رەھمىتىم، مېھرىم بىلەن خۇرسەن سىنى.

## بىزنىڭ ھويلا

بىر ئۇلۇغ خىسلەت نامايەن ھويلىمىزدا ھەر كۈنى،
مەنمۇ سۆزلەيمەن شۇنى، خوشنامۇ سۆزلەيدۇ شۇنى.
ئالتە مىللەت دەستە گۈلدەك خوشنا بىز بىر ھويلىدا،
ئۆزىمىز ھەيران بولۇپ، خىسلەت دىيىشتۇق بىز ئۇنى.

① چەنلىق، ماۋلىق — شىنشەندىكى قەدىمقى ئاسارە - ئەتىقە ئورۇنلىرى.

② خۇاڭچىڭچى - شىنشەننىڭ لىنجۇاڭ ناھىيىسىدىكى ئىسسىق ئارشاڭ.

زېرىكسىمۇ ئۆزى يالغۇز تۇتتى سۇنى،
يار ئىشقىدا ئىش ئۇنۇملۇك ئۆتكەن كېچە.

قىز - يىگىت دەپ ئاتىدىم مەن ئىچىم كۆيۈپ،
زەپ تېپىشقان قىز - يىگىت بۇ دىلدىن سۆيۈپ،
يېقىندىلا توي قىلىشتى ئويناپ - كۈلۈپ،
ئايمۇ قۇتلاپ شاتلىق نۇرى سەپكەن كېچە.

ئەنە شۇنداق ئاق كېچىلەر بەك چىرايلىق،
تەبىئەتتىن ئىلتىپات بۇ، نەپىس بايلىق؛
ئەمگەككىمۇ، سەيلىگىمۇ بەك قولايلىق،
ھارغىنلىقتا ھۇجۇم قىلىپ تەككەن كېچە.

ئاقمۇ - ئايدىڭ كېچىلەرگە ياز كۈنلىرى —
چۆمۈلىدۇ ئىلى دەريا ساھىللىرى،
كۆرۈنمەيدۇ ئۇندا ھايات غايىپلىرى،
ئۆتۈپ تۇرار مۇھەببەتكە يەلكەن كېچە.

1980 - يىل، نويابىر.

## گۈزەل شىئەن

بىر كۆرۈپ قالدىم، گۈزەل شىئەن سېنى،
ئىككى كۆرمەككە خۇماردۇرمەن سېنى.
غايىۋى تەڭداش قىلىپ ھۆسنۈڭگە مەن،
جەننەتۇلمەۋا دىدىم ئەينەن سېنى.

ئۆز قاتارىدىن مۇناسىپ بەردى جاي،
ياشنىتىپ بېيجىڭ بىلەن يەنئەن سېنى.



**ئەرشىدىن تاتلىق** 1927 ـ يىلى ئاقسۇ كونا شەھەر ناھىيەسىدە تۇغۇلغان. 1945 ـ يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىغا قاتناشقان. ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ «مىراس» ژۇرنىلىدا مۇھەررىر بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

شائىر 1948 ـ يىلى «ۋەتەن بالىسىغا» ناملىق شېئىرى بىلەن ئەدەبىيات سېپىمىزگە كىرگەن. 1956 ـ يىلى «ئاقسۇ دەرياسى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى، 1981 ـ يىلى «باھار چېچەكلىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى. ئۇنىڭ يەنە «سىناق» ناملىق پوۋېستى، «خالتا كوچىدىن يانغاندا» قاتارلىق ھېكايىلىرى، «ۋەتەن قۇربانلىرى» ناملىق دىرامىسى بار.

# شېئىرلار

## يامغۇر ياغدى

يامغۇر ياغدى...چىلەكلەپ سۇ قۇيۇپ كەتتى،
دالا ـ تۈزدىن چاڭ ـ توزاڭنى يۇيۇپ كەتتى.

بۇ يېڭى خىسلەت تارالغاچ بىر يېڭى چۆچەك بولۇپ،
كۆرگىلى كەلمەكتە مۇخبىرلار ھەۋەستە كۈن - تۈنى.
تۈگىمەي مۇخبىر سوئالى بولمىدى بىرگە ئارام،
«بۇ پەزىلەت كەلدى نەدىن؟» دەپ سورايدۇ نۇرغۇنى.
بىر دىدۇق: دەسلەپ قەدەمنى «بەش بولۇش» تىن باشلىدۇق.
«تۆت گۈزەل» دىن ھەممىمىز ئالدۇق گۈزەللىك تۈيغۇنى.
دىل يېقىن بولسا ئەگەر، تىلنىڭ ئىشى چاغلىق ئىكەن،
دىل بىلەن سۆزلەشسە دىل، بولمايدۇ سۆزنىڭ يوچۇنى.
بۇ سۆزۈمدىن: سۆزلىشەر شەرەت بىلەن دەپ ئويلىماڭ،
بۇ ئىناقلىق بىر ئۈچۈن تىل ئۆگىنىشنىڭ دولقۇنى.
ئۆرپ - ئادەت پەرقى بىرگە تام ئەمەس، ئۆتكەل ئەمەس،
ھەممىگە ئورتاق ئىكەن دوستلۇق، مۇھەببەت يوسۇنى.
ئۆلگە دەپ يازسا بىرى، ئىككىنچىسى دەر مۆجىزە،
بولمىغاي ئارتۇق بۇنىڭدىن «مۆجىزە»نىڭ مەزمۇنى.
ياڭرىدى ئالقىش - چاۋاكلار... كەتمىدۇق مەغرۇرلىنىپ،
قوغلىدۇق غەپلەت، قانائەتتىن تۆرەلگەن ئۇيقۇنى.

ئەپچەرەپ ئېرىپ ئېقىپ،
چۈشىمىز بىر سايلارغا.
يەر تېگىدىن چىقىمىز،
بۇلاق بولۇپ كۆز ئېچىپ،
تاغ سۈيىگە قېشىلۇپ،
ئاقىمىز يىراقلارغا!»

«كۆپۈكلىگلار كۈمۈشتەك،
تەمىگلەرمۇ لەززەتلىك.
خۇددى ئۇچقۇر تۇلپاردەك،
چاپىسىلەر شىددەتلىك.
شاۋقۇنىگلار ئاڭلىنار
شۇنچە سۈرلۈك - ھەيۋەتلىك.
شۇ مىڭىشتا توختىماي
بارىسىلەر قاياقلارغا؟»

«بۇرۇن ئىدۇق بىر بەگۋاش،
خالىغانچە ئاقاتتۇق.
يوقسۇللارغا قارىماي،
باي - غوجامنى باقاتتۇق.
ئەمدى خەلق، ئىلمۇ - پەن
بولدى بىزگە خوجايىن.
ئۇلار نەگە باشلىسا،
بارىمىز شۇ ياقلارغا.»

1981 - يىل، ئۆكتەبىر.

## سېنى كۈتۈپ تۇرامدۇ؟

دەۋر ئالغا يۈكسەلدى، ياندىشمىساڭ بولامدۇ؟
ئىلگىرلەشتىن ئەيمىنىپ يانپاشلىساڭ بولامدۇ؟

گۈلدۈرلىدى چاقماق چېقىپ، ھەسەن - ھۈسەن،
نۇرى بىلەن ۋەتەن ھۆسنى يورۇپ كەتتى.
بۇنى كۆرۈپ ئېتىز، يايلاق، تاغلاردىكى
سۇغا تەشنا گۈل - چېچەكلەر كۈلۈپ كەتتى.
«يامغۇر ياغدى!...» دەپ تووۇلىشىپ باللارمۇ
سۇ كېچىشىپ، سۇ چېچىشىپ يۈرۈپ كەتتى.
ئېرىق - ئۆستەڭ، جىلغىلاردا ئويناقلىشىپ
ئاققان سۇدا ئاققۇلارمۇ ئۈزۈپ كەتتى.
ماھىر قوللار ئاچقان ئېچىق، سۈڭگۈچلەردىن
باشلانغان سۇ باغ - چۆنەككە تولۇپ كەتتى.
مايسىلارنىڭ تومۇرىغا جان كىرگۈزۈپ
مېۋىلەرگە شېرىن - شەربەت قۇيۇپ كەتتى.
بىلسەڭ دوستۇم، تولۇپ ئاققان يامغۇر سۈيى،
مول ھوسۇلدىن ئەلگە خەۋەر سۇنۇپ كەتتى.

## سۇ بىلەن سۆھبەت

«ئاقار دەريا سۇلىرى
سىلەر ھايات ئۇزۇغى.
ھۆسنۈڭلارنى كۆردۈم مەن
يېشىل يوپۇرماقلاردا.
تاشتىن - تاشقا سەكرىشىپ
كېلىسىلەر غوللاردىن،
مەنبە ھەم ماكانىڭلار
ئېيتىڭلار، قاياقلاردا؟!»

«چوققىدىكى قارلاردىن،
قىيادىكى مۇزلاردىن،



**تۇردى سامساق** 1923 - يىلى قەشقەر بەشكېرەمدە تۇغۇلغان. ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. 1944 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىغا قاتناشقان. 1957 - يىلى جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىگە ئەزا بولغان، ھازىر يازغۇچىلار جەمئىيىتىدە ئىشلەيدۇ.

شائىرنىڭ تۇنجى شېئىرى 1947 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت گېزىتلىرىدە ئېلان قىلىنغان. ئۇنىڭ ھازىر «تىيانشان باغرىدا» ناملىق ھېكايىلار توپلىمى، «كۆكلەم»، «بەشكېرەم» ناملىق شېئىرلار توپلىمى بار. يېقىندا ئۇنىڭ «ئۆچمەس يۇلتۇزلار» ناملىق نەسرىي ئەسەرلەر توپلىمى ۋە «ئاخىرەتتىن كەلگەنلەر» رومانى نەشرگە بېرىلدى.

# شېئىرلار

## رەسسام

(غازى ئەھمەتنىڭ «تۇرپاندا كۈز» ناملىق ئەسىرىگە بېغىشلىما)

شۇ سۈرەتتە كۆزۈم ...
مەن ئۆزۈم،
بولغىنىمچۇن سەنئەت شەيداسى،

«تەسەۋۋۇرغا سىغمايدۇ كەشپىياتنىڭ سۈرئىتى،
تەلىيىمنى سىناي» دەپ چەك تاشلىساڭ بولامدۇ؟
ئايدىن يۆتكەپ قەدەمنى، مارسقا تىكلەپ ئەلەمنى،
سەن ئۆزەڭگە مۇناسىپ يول ئاچمىساڭ بولامدۇ؟
قەلەم ئالماي قولۇڭغا، قوشۇلماستىن قوشۇنغا،
ئىجاتكارلار ئىشىغا كۆز تاشلىساڭ بولامدۇ؟
پەن - تېخنىكا شۇنچە تېز ماڭدى يۈكسەك پەللىگە،
ئىلھام ئېلىپ ئۇنىڭدىن سۆز ئاچمىساڭ بولامدۇ؟
پات يېقىندا ئۇزگۇسى كۆكتە ئالەم كېمىسى،
شۇنچە پارلاق كەلگۈسى، قىر ئاشمىساڭ بولامدۇ؟
ئوقۇمىساڭ - بىلمىسەڭ، ئىجات قىلىپ يۈرمىسەڭ،
تەرەققىيات يول بېرىپ، سېنى كۈتۈپ تۇرامدۇ؟
تولۇپ - تاشقان غەيرەتتە، يەنە كەلدىم بۇ سەپكە،
ئۆتۈش ئۈچۈن ئۆتكەلدىن جەڭ ئاچمىساڭ بولامدۇ؟
قايتا تۇردۇم بىلەكنى، تىڭشا قىزغىن يۈرەكنى،
يۈرىگىمنىڭ رېشىمى مىسرادىن كەم تۇرامدۇ؟! ...

1979 - يىل، ئىيۇن.

ئەزىز يۇرتىنىڭ ئۇتلۇقى تۇيغۇسى.
قايسىرىگە بولماس مەھلىيا
زوقىدا تولۇپ، باغرىم تۇيغۇسى؟ ...

تەلمۈرەرمەن چەكسىز ئىنتىزار،
سەنئەتنىڭ شوخ قىسمەتلىرىگە.
بەش تىيىنلىك ئاددى قەلەمنىڭ
قايىل بولۇپ قۇدرەتلىرىگە.

1979 - يىل، ئاۋغۇست.

## قـۇم

«تۇرپان ...» دېسە، ھەركىم كۆزىگە
كېلەر شۇئان ئۈزۈم بىلەن قۇم.
ئەمما مېنىڭ ھەممىدىن كۆرە،
ئاشۇ قۇمغا كېلىدۇ زوقۇم.

چۈنكى ئاڭا ھەرياق - ھەرياقتىن
كېلىپ تۇرار سانسىز ھاجەتمەن.
غېرىپ - غۇرۋا، ئاقساق، چولاق ھەم،
تۈرلۈك - تۈمەن بىچارە — دەرتمەن.

داۋالايدۇ ئادەملەرنى ئۇ،
دەرىجىگە — تۈرگە ئايرىماي.
«ئىنسان» ماركىلىق دورىنى بېرەر
چاپانلارنىڭ رەڭگىگە باقماي.
قۇم ...

يۈرىگىمدە چەكسىز ھاياجان،
ۋۇجۇدۇمدا ھىسلار غەۋغاسى.
ئويلىرىمنى ئېپقاچار ھەر يان
كەڭ ۋادىنىڭ گۈزەل سىماسى.
بۇلبۇللۇق باغ، كۆپكۆك كوچىلار،
دېخانلارنىڭ سالقىن سەيناسى.

ئاشۇ گۈزەل كىمخاپ ۋادىنى،
پۈشقاق تۈرۈپ كەزگۈم كېلىدۇ.
بىدىش بويلاپ ياقۇت ئۈزۈمدىن
ئىتەك - ئىتەك ئۈزگۈم كېلىدۇ.
كارىزلارنى كېچىپ يالاڭياق،
كەلگىنىمدە قايتىپ بارالىغا.
چۆشۈپ كەتسەم ھۆللا زەيدىنىچە،
چاللار بىلەن قىزىق پاراڭغا.
جانان قىزلار كەلتۈرسە ئۈرۈك،
سېۋەتلەردىن شەرۋىتى ئېقىپ؛
بىر - بىرىنى چىمدىشىپ ئۇلار.
ئۆچكىلەرنى چىشىدا چىقىپ؛
لەۋلىرىدە ئالتۇن مېغىزى،
خۇش كۈلۈشسە سىڭايان بېقىپ؛
شوخ خۇلقىدىن يۈرەك - باغرىڭغا
ئۇلگۈرۈشسە ئوتلارنى يېقىپ؛
كىممۇ چىدار داستانلار يازماي،
جۇپ كۆزلەردىن ئىلھام بۇلىغى
ئۇرغۇپ تۇرسا نۇرانە ئېقىپ...

ئىخا... ئويۇمنى ئوينىتار ھەريان

**پەتتارجان مۇھەممەدى** 1930 - يىلى تۇرپاندا تۇغۇلۇپ، 1984 - يىلى 23 - يانۋار كۈنى ۋاپات بولدى. ئۇ، هايات ۋاقتىدا ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ئىدى.



مەرھۇمنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى 1948 - يىلى باشلانغان. ئۇ بىزگە «ئۆمۈر چېچەكلىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى ۋە بىرمۇنچە پۇبلىستىك ماقالىلىرىنى قالدۇرۇپ كەتتى.

# ئۆمۈر چېچەكلىرى

## چېچەك

باش يامغۇر ئورنىغا ياققانمۇ چېچەك،
ھەممە ياق رەڭگا - رەڭ گۈللەرگە تولغان.
بوۋايلار، مومايلار، يىگىت - قىزلارنىڭ
ھۆسنىگە سەھەرنىڭ نۇرلىرى قونغان.

بۇ نېمە كارامەت، قانداق مۆجىزە؟
تەقدىرنىڭ ئىلتىپات، سوغىسىمۇ بۇ؟

بىرلىك بۇ خىسلەتلىك دوختۇر،
ئالەمدە ھېچ ئوخشىشى يوقتۇر.
ئالىم بولساڭ ئاشۇ خىسلەتنى
ئادەملەرنىڭ قەلبىگە يۇقتۇر.

## سېغىنىش

ماكاپ گۈلى ئېچىلغان قاشتا —
تۇرۇپ قالدىم بىردەم كېتەلمەي.
تەمشەلسەممۇ قانچە - قانچە رەت،
شۇ ئېرىقتىن ئاتلاپ ئۆتەلمەي.

چۈنكى، بۇلتۇر ئاشۇ ئېرىقتىن
قىز تۇتۇشۇپ ئاتلىغان ئىدۇق.
يېشىل قاشتا ياندىش ئولتۇرۇپ
بىر شېئىرنى يادلىغان ئىدۇق.

بۇ باھار سەن ئىنىستىتۇتتا
مەن بۇ يەردە تۇرۇمەن يالغۇز.
ئەنە، مېنى زاڭلىق قىلغاندەك،
بوي ئۆينىتىپ ئىغاڭلار يالپۇز.

ياق، يالغۇز دەپ خاتا قېپتىمەن،
ماڭا ھەمدەم ئەھدىڭ، خېتىڭ بار.
دىل ئارامى بەرنا سۈرىتىڭ
يۈرىكىمدە ئۆچمەس ئىزىڭ بار...

ئالقىنىمدا ئالتۇنرەڭ ماكاپ،
ئۈزەڭ بەرگەن ئەھدىڭ بەلگىسى.
ئۇنىڭدىكى سەنئەت، مۇھەببەت
ماڭا مەڭگۈ دەرمان بەرگۈسى.

1981 - يىل، ئاپرېل.

باھاردىن باشلىنار سۆيگۈ ئېقىمى،
يېڭىچە چۈمۈلدۈم زوقلىنىپ ئاڭا.
يېڭىچە سىر بارده‌ك بىلىندى شۇتاپ،
يېڭىچە ئىنتىلدىم شوخلىنىپ ئاڭا.

دېدىكى: «ئەي بەرنا، مەردان ئاشىقىم،
بىلگىلى بولامدۇ سىرلارنى سوراپ؟
ئەقلىنىڭ كۆچىدە،
ئىشقىڭ كۆزىدە
سەيلە قىل باغرىمنى، چىقىدۇ جاۋاپ.»

قارىسام، مايسىلار — گۈللەر ئۈستىدە
رەڭمۇ - رەڭ كېپىنەك ئوينار قوغلىشىپ.
ئاكلىسام، تۇمۇچۇق، تورغاي، بۇلبۇللار ...
سايرايدۇ چاڭىلداپ ئۇنىگە - ئۇن قوشۇپ.

قارىسام، ئېتىزلار، تاغلار، دالىلار
ھەر نەپەس ئۆزىدە گۈزەللىك سېزەر.
يېقىملىق ھەم ئىللىق خۇشبۇي ھاۋادا
ئاجايىپ جىلۋە قىپ رەڭدار نۇر ئۈزەر.

* *

ئانامنىڭ مېھرىگە ئوخشايدۇ ئەجەپ،
دىللارغا يېقىملىق باھار ئاپتىۋى.
مەن گويا باغرىدا بەختىيار بوۋاق،
راھەتلىك، زەپ ئىللىق باھار ئاپتىۋى.

1979 - يىل، ئاپرېل.

ۋە ياكى ئۇيقىدا، چۈشتە كۆرۈنگەن
نىگارنىڭ ۋەدىسى، سۆيگۈسىمۇ بۇ؟

ياق، چاچماس خىيالەن گۈللەر ھېچ پۇراق،
روھ بېرىپ، ئويىنىتىپ ئوتلۇق يۈرەكنى.
شاۋقۇنلۇق دەريادەك بولغاندا يۈرەك
بېغىشلار گۈللەرگە ئارزۇ - تىلەكنى.

بۇ ئىسىل گۈزەللىك كەلدى قۇياشلىق
باھارنىڭ خىسلىتى، چېچەكلىرىدىن.
كەلدى ئۇ بەختىيار خەلقىم قەلبىنىڭ
تېگىدا پارلىغان تىلەكلىرىدىن.

1979 - يىل، مارت.

## ئاپتاپ

ئۇيقىدىن ئويغىنىپ يايرامدۇ ھايات،
بولمىسا قان بەرگۈچ باھار ئاپتىۋى؟
توك ئېرىپ، مايسىلار ئاچامدۇ چېچەك،
بولمىسا جان بەرگۈچ باھار ئاپتىۋى؟

* *

باھاردا رەڭمۇ - رەڭ گۈللەر ئېچىلار
تەبىئەت ھۆسنىگە ھۆسنىلەر قوشۇپ.
ئاشىقلار گۈللەرگە ھەرىسىمەن، چۈنكى
كەتكەچكە سۆيگۈسى گۈلگە قوشۇلۇپ.

قۇللۇق باشقا گەپتۇر، هۆرمەت باشقا،
نوپۇز باشقا گەپتۇر، ئەمەل باشقا.
قانسىراپ كۆكسۈڭگە تەگسە بىر شەمشەر،
غۇرۇر باشقا گەپتۇر، ئەجەل باشقا.

1979 - يىل، ماي.

## بىلىم توغرىسىدا!

قۇياشسىز ھاياتلىق تەسەۋۋۇرغا يات،
ئىنسانلار ئىلىمسىز گۈللەشتىن يىراق.
كائىنات مىسالى سىرلىق گۈلىستان،
ئىلىم - پەن ئەبەدى چاچار خۇشپۇراق.

كۆرسەتتى ھەقىقەت جاھاننامەسى
ئادەمنىڭ قىسمىتى ئەمگەك، پەن بىلەن.
تۇرمۇشنىڭ رەڭگا - رەڭ چىمەنزارلىرى
ياشايدۇ ئىلىم - پەن، ئەمگەك بىلەن تەڭ.

1979 - يىل، ئاپرېل.

## پەرق ئەت

(پەيلاسوپ ئارستوتىلنىڭ «ئۆلچەم - مارجانلار دېڭىزى»
ناملىق كىتاۋىدىكى پەيلاسوپىيىلىك سۆزلىرىدىن پايدىلىنىپ)

شاتلىق باشقا گەپتۇر، قايغۇ باشقا؛
ھۆسۈن باشقا گەپتۇر، سۆيگۈ باشقا.
جاھان بازىرىدا ئىش مۇرەككەپ،
ئەقىل باشقا گەپتۇر، تۇيغۇ باشقا.

بىلىم باشقا گەپتۇر، تالانت باشقا،
ئامەت باشقا گەپتۇر، ۋىجدان باشقا.
پەرق ئەتسە كىم بۇنى دانا دەل شۇدۇر،
شەيتان باشقا گەپتۇر، ئىنسان باشقا.

جىمىرلار يۇلتۇزلار ئالتۇن پانۇستەك،
زەڭگەر رەڭ ئاسمانغا تارتىپ ئاق جىيەك؛
گوياكى بىر چېتى سامان يولىنىڭ
مېھمان بوپ زېمىنگە كۆچۈپ كەلگەندەك،
كۆز قىسىپ يىراقتىن قىلىدۇ جىلۋە.

ئۆيلەردىن ئاڭلىنار ناخشا ئاۋازى،
تەڭكەش بوپ ئۇنىڭغا ياڭرايدۇ سازى؛
قوشۇلۇپ ئۇركېستىر ساداسى بولۇپ
شاتلىقنىڭ ئاسمانغا ئۆرلەر پەرۋازى،
مەپتۇن قىپ دىللارنى گۈزەل مەنزىرە.

*　　*

يېڭى يىل ئاخشىمى،

سەمەت بوۋاينىڭ
ئۆيىدە شۇنچىلىك كۆپ بولدى مېھمان.
يىغىلىپ بۇ ئۆيگە پۈتۈن بىر ئەۋلات،
ئۆتكۈزدى كېچىنى خوشال - شادىمان،
لەۋلەردە تەبەسسۇم، كۆڭۈللەر خەندان.

ئولتۇرار مويسىپىت تۆرنىڭ بېشىدا،
ئوغۇل ۋە قىزلىرى ئۇنىڭ قېشىدا؛
شىرەنى چۆرىدەپ ئوماق نەۋرىلەر
ئولتۇرار بوۋاينىڭ نەق قارشىسىدا،
قوزغىتىپ دىللاردا ئوتلۇق ھاياجان.

چوڭ ئوغلى پروكات سېخ ئىنژېنېرى،
كېلىنى زاۋۇتنىڭ ۋىراچ — دوختۇرى؛



**جاپپار ئەمەت** 1929 - يىلى خوتەندە تۇغۇلغان. 1945 - يىلى ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىن مەكتىۋىنى پۈتتۈرگەن. هازىر «تارىم» ژۇرنىلىدا مۇھەررىر، 1957 - يىلىدىن باشلاپ جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.

شائىرنىڭ تۇنجى شېئىرلىرى 1944 - يىلى مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنغان. ئۇنىڭ شېئىرلار توپلىمى — «سايرا بۇلبۇل» يېقىندا نەشرىدىن چىقىدۇ. ئۇنىڭ يەنە «ئۇ يېڭىلگەن ئىدى»، «يول ئۈستىدىكى ئەسلىمە» قاتارلىق ھىكايە ۋە ئوچېركلىرىمۇ بار.

# تاشلىنار ئەتىگە يېڭى بىر قەدەم

## يېڭى يىل ئاخشىمى

يېڭى يىل ئاخشىمى،
شۇنچىلىك قىزغىن،
ئۆيلەردە خوشاللىق، كېزەر تەنتەنە.
ئىشچىلار مەلىسى قارغا پۈركىنىپ،
يىراقتىن ئاقىرىپ كۆرۈنەر ئەنە،
گويا ئۇ بىر رەڭدار ئىسىل غەزنە.

ئوغۇللار دېيىشەر: «قولاق سال، ئاڭلا،
باسىمىز بىز چوقۇم ئىزىڭنى، دادا!»
بوغۇنلار دېيىشەر: «كۆتكەن دەۋرىڭنى
بىز قۇرۇپ، ئارزۇڭنى قىلىمىز ئادا!
ۋارىس بوپ ئەجداتلار ئىشىغا ھامان!»

يېڭى يىل سائىتى كۆرسەتتى نۆلنى،
بىر قىزغىن ھېسسىيات قاپلىدى ئۆينى؛
تاشلىنار ئەتىگە يېڭى بىر قەدەم،
ئۇتۇقلار ئەۋجىدىن باشلاشقا تويىنى،
قۇرۇشقا تېخىمۇ گۈزەل بىر جاھان.

## قىش ئەتىگىنى

تۈن بويى لەپىلدەپ ياققان قار بىلەن
ھەممە ياق پۈركەندى ئاپپاق لىباسقا.
ئوخشايتتى سۈكۈنات ئىچرە تەبىئەت
پەرەنجى يېپىنىپ تۇرغان روپاشقا.
چۆيۈندىن قۇيۇلغان گىگانت ئادەمدەك
ئاق چاچلىق تيانشان كۆككە باش تىرەپ؛
مەردانە باغرىنى يېقىپ بۇلۇتقا
راھەتتە تىپ-تىنچ ئۇخلايتتى ئۈگدەپ.
قارىغايلار يېپىنىپ مامۇق يوتقاننى،
ئاق گەجدىن ياسالغان ھەيكەلدەك گويا؛
پۈركىنىپ ئالمارەك قار چېچەكگە
ئۇخلايتتى دەل-دەرەخ، يۇمران گۈل، گىيا...
ۋە لېكىن ئۇخلىماس بۇندا ئادەملەر،

بىر ئوغلى بۇرغىچى رۇدا كېلىدا،
كەنجىسى قاتناشىنىڭ داڭلىق شوپۇرى ...
پۈتۈن بىر ئەۋلاتقا كەلگەن شەرەپ ـ شان.

تىزدىلغان داسقانغا توقاچ ۋە سامسا،
پېچىنە، پەرەنىك، ياغلىق قاتلىما؛
كەمپىت ۋە قەن گېزەك تەخسە ـ تەخسىدە،
قەندەلدە يالتىرار نەشپۈت ۋە ئالما،
شۇنچىلىك باياشات — كەڭرى داستىخان.

بوۋاينىڭ كۆكسىدە ئالتۇن مىدالى،
شۇنچىلىك نۇرلانغان بۈگۈن جامالى؛
سۆزلەيدۇ باسالماي ھاياجانىنى،
تىترەيدۇ پاختىدەك ئاپپاق ساقالى،
قەلب شاتلىغىنى قىلغاندەك ئايان:

«قورغاندا بىر بوندا پولات زاۋۇدى،
بۇ جايلار بىر قاقاس، تۇتاش تاغ ئىدى؛
ھە، بۈگۈن بۇ جايدا يېڭى بىر دۇنيا
ھاياتقا يۈز ئېچىپ، قەددىنى كۆتەردى،
پولات دەرياسىنى ئاققۇزدۇق راۋان!

بۈگۈن دەم ئېلىشقا چىقساممۇ لېكىن،
چەمبەرچەس باغلانغان سىلەرگە قەلبىم؛
ئىز بېسىپ ئارقامدىن، تاشلاڭلار قەدەم،
سىلەردە ئاخىرقى تىلەك ـ ئۈمىدىم...»
بوۋاينىڭ قەلبىدە بىر دەريا قىيان.



غېنىزات غەيىۇرانى 1930-يىلى كەلپىن ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1950-يىلى شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن. ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق تىل-يېزىق كومىتېتىنىڭ ئىلمىي خادىمى؛ 1957-يىلىدىن باشلاپ جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.

شائىرنىڭ دەسلەپكى ئىجادىيىتى 1949-يىلىدىن باشلانغان. 1983-يىلى ئۇنىڭ «تارىم بويىدا» ناملىق شېئىرلار توپلىمى جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى. ھازىر ئۇ 2-توپلام ئۈستىدە ئىشلىمەكتە.

# ئىككى شېئىر

## رۇبائىيلار

1

سېرىق قۇشقاچمۇ سايرايدۇ، لېكىن زاتى ئەمەس بۇلبۇل،
قىزىلگۈل يېنىدا ئۆسكەن قىياقنى كىممۇ دەر ئۇ «گۈل».

تاڭ بىلەن باشلىنار يېڭى بىر ھايات.
قىزارغان ئۇپۇقتىن بولغاندەك خىجىل،
نەگىدۇر مۆكۈنەر جىمجىت سۈكۈنات.
قىزىلتاغ① ئۈستىگە چىقىپ مەن شۇ تاپ،
ئىزغىرىن شامالغا كۆكرەكنى يېقىپ،
قارىدىم تۆۋەنگە،
ھېسلىردىم گويا
مەۋج ئۇردى ئۆركەشلىك دەريادەك ئېقىپ.
پويىزلار قوزغالدى ئۆز ۋوگزالىدىن
پۇشقۇرغان ئۆكۈزدەك ئېغىر ھاسىراپ؛
تەۋرەندى ئىلاندەك سوزۇلۇپ ئاستا،
يول ئالدى پايتەخت بېيجىڭغا قاراپ.
قار بىلەن كۆمۈلگەن سېمونت يوللاردا
ئاۋتو-ماشىنىلار ئاقتى گۈكىرەپ.
پىكاپلار قۇملۇقنى كەزگەن قوڭغۇزدەك
مامۇق قار ئۈستىدە بارار ئۆمىلەپ.
بىردەمدە كوچىلار تولدى ئادەمگە،
يول ئالدى ئىدارە، زاۋۇتقا ئۇلار.
غىرىسلار خومارەك ئۆتۈك ئاستىدا
ئاپپاق قار ئۇيۇمى، چېچىپ نۇر-شولا.

تاشلىدىم بىر سوئال تۆۋەنگە قاراپ:
«ئادەملەر ئالدىراش بۇندا نىمىشقا؟»
ئاڭلاندى تاغلاردىن بىر ئەكس سادا:
«بارىمىز ئەتىگەن ئالدىراپ ئىشقا؛
ئالەم سوغ بولسىمۇ، يۈرىكىمىز چوغ،
تەلپۈنەر بىر يېڭى ھايات قۇرۇشقا!»

1984-يىل، يانۋار.

① قىزىلتاغ — ئۈرۈمچى خوڭسەن تېغى.

قورقۇمەن پەقەتلا سۈنئى كۆلكىنىڭ
ئاشكارا خوشامەت، يوشۇرۇن قەستىدىن.

1981 ـ، 1982 ـ يىللار

## ئارقا ئىشىك

(ساتىرا)

ئالدى ئىشىكتىن يىڭنە پاتمايدۇ،
ئارقا ئىشىكتىن پويىز قاتنايدۇ.

(خەلق تەمسىلى)

بار ئىكەن، يوق ئىكەن زامانىمىزدا،
ھەقىقەت تاج كىيگەن دەۋرانىمىزدا.
بار ئىكەن بىر ئىشىك ئورنى نا ئېنىق،
لېكىن ئۇ ئىشىكنىڭ خېرىدارى جىق.
ئارقا ئىشىك دەيدىكەن ئۇنىڭ ئىسمىنى،
كۆرگىلى بولماسكەن شەكلى، جىسمىنى.
ئېچىلار ئىكەن ئۇ بەزى سول ياندىن،
كۆپىنچە ئارقىدىن، دالدا ـ پىنھاندىن.
يوق ئىكەن ئېسىغلىق پەيزىسى ئۇنىڭ،
يا پوستا ئەسكىرى نەيزىسى ئۇنىڭ.
شۇڭا كۆپ كىشىلەر تاپالمايدىكەن،
تاپسىمۇ «دىتى يوق» ئاچالمايدىكەن.
بەك ئاسان تاپاركەن «دىتى بار» لىرى،
(ھەمقۇقى، تونۇش، دوست، ئېپى بارلىرى).
بىردەمدە پۈتتۈرۈپ ئىشىنى ئۇلار،

ئاتاق - شۆھرەتكە پەرۋانە بولۇپ ئوتىدا كۆل بولما،
تىلەپ ئالماققا پۇل ياخشى، بىراق شۆھرەت ئەمەستۇر پۇل.

2

كىشى ئېيتقاننى تەكرارلاش، تېخى ھاجەت ئەمەس جايدا
قۇياش چىققاندا ئۆگزىگە چىراق ياققانچىلىق پايدا.
نە ھاجەت يالتىراقلاتماق ئۈچۈن ئالتۇنغا ھەل ئىزلەش،
ياقىراز ئالتۇن ھامان ئۆزۈن يىل ياتسىمۇ لايدا.

3

ياقىنى پۇۋلەپ، ئۇنى ئاسمان - پەلەك ئۇچى، دىسە،
كىرپىنى قالتىس كۆلۈك ھەم ئارغىماق پۇشتى، دىسە،
كەينىچە كۈلمەمدۇ ھەركىم تۇرسىمۇ تەڭلەپ قىلىچ،
دۈكىنى ئالغان سانى ئالەمچە زەپەر قۇچتى، دىسە.

4

جامالىڭ شۇنچە ئۇز، نۇرلۇق، قۇياش سەندىن نۇر ئالغانمۇ؟
بىسىپ ئۆتكەن تۇپاڭ خۇش ھىد، ئىپار سەندىن تارالغانمۇ؟
تۇرۇپسەن گۈل ئىچىدە گۈل، شۇ گۈلشەننىڭ بولۇپ تاجى،
ۋە يا جىسمىڭ سىنىڭ، دىلبەر، چىچەكلەردىن يارالغانمۇ؟

5

قورقمايمەن، بۇرادەر، جىن - ئالۋاستىدىن،
ئۇنىڭ سەت، بەدبەشەر ھەيۋەت بەستىدىن.

كېيىن بىر تونۇشى كۆرسىتىپ ئەقىل،
دېدىكى: بۇرادەر ئىشنى مۇنداق قىل...
جايلىدى بىر سومكا دوستى دېگەندەك،
تولدۇرۇپ سوغىغا يىگەن ـ ئىچكەندەك،
دەل مۇشۇ بىر دېگەن ئىشىكتىن ئۇنى،
شۇكىغۇتتى چاققانلىق بىلەن بىر كۈنى.
يۈرۈشۈپ كەتتى ئىش ئۈزۈن ئۆتمەستىن،
ھەل بولدى ھەممىسى ھەپتە كۆتمەستىن.

*　　*

بۇ ئىشىك ھەققىدە بولدى تولا سۆز،
غەزەپلىك تىكىلدى مىليونلىغان كۆز.
شۇ غەزەپ ياسىسا كۈچلۈك بىر دولقۇن،
نەپرەتلەر ئوت ئېلىپ بولسا بىر يالقۇن،
كۆيدۈرۈپ كۈل قىلسا شۇنداق ئىشىكنى،
تۈزلىسە تىندۇرۇپ ئەسكى تۆشۈكنى،
قۇتۇلسا ئەل بۇ بىر بالا ـ ئاپەتتىن،
بولاتتى خەلق رازى بۇ ئادالەتتىن.

1984 ـ يىل، ئاپرېل.

ئۇگلاركەن مۇشكۇلى، بىشىنى ئۇلار.
ئۇ ئۇرغۇن نەرسىگە ئىكەن ھامىلدار،
تۇغۇپتۇ ھەتتتا ئۇ نەچچە ئەمەلدار.
ئۇنىڭدىن نى ئىلمىي ئەرباپلار چىقمىش،
نە ئىلمىي تۇم تۇرۇك كازاپلار چىقمىش.
بەزىلەر داشۆگە ئاشۇ ئىشىكتىن،
غىپ قىلىپ چىقىشتى (ئارقا تۆشۈكتىن).
كۆپلىرى تەلمۇرۇپ ئالدى ئىشىككە،
بۆلۈنۈپ تەسەللى ئاتلىق بۆشۈككە،
تەلمۇرە- تەلمۇرە كۆزلىرى تالدى،
نەتىجە: ئاخىرى كوچىدا قالدى.
يوق ئىكەن ئۇ ئىشىك ئېچىلمىغان جاي،
ئۇرۇغى بولمىسىمۇ چېچىلمىغان جاي.
ئىدارە، ماگازىن ھەم دوختۇرخانا،
گۆش دۇكان، ئۇن پونكىت، كىنو، ئاشخانا...
ھەممىسى، ھەممىسى، ھەممىسىدە بار،
قاتنايدۇ ئۇنىڭدىن مىڭلاپ خېرىدار.

* *

بىر دەرتمەن بىر يىلچە ئالدى ئىشىكتىن
ماڭدى ھەم كىردى ئۇ نەچچە تۆشۈكتىن.
ئالدىغا ئۇچرىغان قانچە كادىرنىڭ،
كوجاڭۇ، چۇيجاڭۇ ھەتتا نازىرنىڭ.
قويمىدى ئارامى، ھەپسىلىسىنى،
ھەل قىلماق ئۈچۈن ئۆز مەسىلىسىنى.
شۇندىمۇ ئىشنى قىلالمىدى ھەل،
(ئۇمۇ چوڭ ئىلىشتى قويۇۋەتمەي بەل).

هايات گۈللەپ قاينىغان،
گۈزەل ئىلى باغلىرى.

باغلىرىڭ بۈك چىمەنزار،
زەپەر كۆركەم گۈل باھار،
شېئىرىمدا سەن ئىزھار،
گۈزەل ئىلى باغلىرى.

ئالتۇن نۇرلار چېچىلغان،
رەڭمۇ ـ رەڭ گۈل ئېچىلغان،
ھۆسنىڭگە نۇر قېتىلغان،
گۈزەل ئىلى باغلىرى.

كەڭ ئۆلكىگە ياراشقان،
قۇرۇپ كەڭرى بەداشقان،
ئەل زوقلىنىپ قاراشقان،
گۈزەل ئىلى باغلىرى.

ئىشلەر باغۋەن چولپانلار،
ياساپ گۈلدىن بوستانلار،
سەندە ھوزۇر بۇ جانلار،
گۈزەل ئىلى باغلىرى.

ياڭرار ئەمگەك ساداسى،
كەچتە نەغمە ـ ناۋاسى،
تەنگە داۋا ھاۋاسى،
گۈزەل ئىلى باغلىرى.

سەيلى قىلار ھەر كۈنى،
ئىشچى ـ دېخانلار سېنى،
كۆڭلى خۇش، ئارام جېنى،
گۈزەل ئىلى باغلىرى.

مۆمىن سەپىرى 1923 - يىلى 27 - دېكابىر كۈنى كۈنەس ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1943 - يىلى گىمنازىيىنى پۈتتۈرگەن. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان ۋە مۇھىم تەشۋىقىي - تەربىيە خىزمەتلىرىدە بولغان. ھازىر ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەشنىڭ تارىخ ماتېرىياللىرى گۇرۇپپىسىدا ئىشلىمەكتە؛ 1959 - يىلىدىن باشلاپ جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.



شائىرنىڭ دەسلەپكى شېئىرى «چورۇق» — 1951 - يىلى شىنجاڭ گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان ئىدى. ئۇنىڭ شېئىرلار توپلىمى — «چېلىش ئىلھاملىرى» 1982 - يىلى جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى. ئۇ، ئۆزىنىڭ ئىككىنچى توپلىمى «ئىلى تۈركەشلىرى»نى نەشرگە تەييارلىماقتا.

# ئالمىزارلىق ناخشىسى

## گۈزەل ئىلى باغلىرى

بۇلبۇل خوشال سايرىغان،
ئوغۇل - قىزنىڭ يايرىغان،



مۇھەممەتجان سادىق 1934 - يىلى غۇلجىدا تۇغۇلغان. 1954 - يىلى شىنجاڭ مىللەتلەر ئىنىستىتۇتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكولتېتىنى پۈتتۈرگەن. ھازىر ئىلى پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى. شائىر 1982 - يىلىدىن تارتىپ جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

ئۇ، «مايدا» ناملىق شېئىرى بىلەن 1952 - يىلى ئەدەبىيات ساھەسىگە كىرگەن ئىدى. ھازىرغىچە، ئۇنىڭ «قېلىن قاردىكى ناخشا»، «تيانشان ناخشىسى» ناملىق شېئىر ۋە داستانلار توپلىمى، «ئىلى پەرزەنتلىرى» ناملىق شېئىرىي رومانىنىڭ بىرىنچى قىسمى كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى. ھازىر رومانىنىڭ ئىككىنچى قىسمى ئۈستىدە ئىشلىمەكتە.

# يېزا تەسىراتلىرى

## تىلەك

ئاجايىپ جۇشقۇن روھ،
شاتلىق ۋە كۈلكە
قايناپدۇ كۈن ۋە تۈن

كومپارتىيە دەۋرىدە،
جاراڭلاپ خۇش نەغمىلەر،
خوشال ئوينار نەۋرىلەر،
گۈزەل ئىلى باغلىرى.

ساڭا ئاشىق، مايىل مەن،
قامىتىڭگە قايىل مەن،
باغۋەنىڭگە تايىن مەن،
گۈزەل ئىلى باغلىرى.

## باغۋەن مېھرى

(ناخشا تېكىستى)

ئالمىزار باغلار ئارا
باھار پەيزىنى سۈردۈم.
ھە، گۈل بەرگىن شۇدەم
باغۋەن مېھرىنى كۆردۈم.

باغۋەن ئالمىنى سۇنسا،
قىزىزىلگۈلكەن دەپتىمەن.
تارتىپ زوقىنى دىلىنىڭ
پىشقاچقا شۇنچە كۆركەم.

جۇش ئۇردى يۈرەك شۇ ئان
باغۋەن مېھرىدىن يايراپ.
باغۋەننى خوشال كۈيلەپ،
بۇلبۇلدەك ئۆتەي سايراپ.

1981 - يىل، ماي.

بولار بىر جەننەتتەك راھەت باغچىسى!
باي ئېرى تولغىسا
كۆز قىسىپ بۇرۇت،
گۈل قىسار قۇلاققا، كۈلۈپ ئاغچىسى!...
بۇ شېئىرىم
كۆڭلۈمنىڭ بولغاي چاچقۇسى،
تىلەيمەن ساڭا شۇ كۈنلەرنى، يېزام؛
بارىمەن تويۇڭغا دىل گۈلزارىدىن
تېرىپ مەن دەستلەپ گۈللەرنى، يېزام.

## گۈل قىسىپتۇ

كەلدىمكىن يادىغا ياشلىغى
بىلمىدىم،
ياكى ئۇ گۈل خۇمارىمىدۇ؟
ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن گۈلگىغۇ ئامراق...
چوغلىنىپ تۇرغان گۈل
تىل تۇمارىمىدۇ؟
ئاجايىپ مەنزىرە،
ئاجايىپ سۈرەت،
ئاق قىرو ئۈستىدە شەپەق رەڭلىك گۈل.
تەبەسسۇم جىلۋىسى قورۇق چىرايدا،
بوۋلەكچە بىر شاتلىق ئىلكىدە كۆڭۈل.
قىسامدۇ دەرتمەن گۈل؟
گۈل قىسىش پەقەت
تۇرمۇشى بەختلىك ئىنساننىڭ ئىشى!
ساپلىقنىڭ ئۈنىگە ئىنتىزار دىلدا،

مەلە - ئۆيلەردە،
ئىللىق نۇر،
قىزلارنىڭ تەبەسسۇمىدەك،
چاقنايدۇ باغ - ۋاران،
بوستان - گۈللەردە...
چىرايلار تاڭ - سەھەر،
كۆزلەردۇر چولپان،
ھەممە جان ئالدىراش ...
تۇرۇلگەن بىلەك. .
بولۇتنىڭ ئىچىدىن چىقتى ئالتۇن كۈن،
زەر چاچار
تۆكۈلگەن قەترىدە تىلەك.
باياشات،
خاتىرجەم،
كۆكۈللۈك ھايات،
دىگەن خەت ئىپتىزدا
چاقنايدۇ زەردىن.
سوزۇلغان داغدام يول
ھەسەن - ھۈسەندەك،
كەلمەكتە خۇش خەۋەر يېڭى سەپەردىن! ...
يۇيۇلار تەر بىلەن كۈنلەر ۋە تۈنلەر،
يۇيۇلار تەر بىلەن بىپايان ئىپتىز.
چىقمامدۇ يېزىدىغا، ئېيتقىنا، ئەتە
خوتەن ئەتلىسىدەك
رەڭگا - رەڭ بىر ئىز؟!
بىلەمسەن،
ئۇ چاغدا، جانىجان يېزام

قەرز سىرتمىغى
قىساتتى ھەمىشە كېلىنى بوغۇپ.
بۇزۇلۇپ ئىناقلىق ئەر-خوتۇن ئارا،
تەنە ۋە تاپىدىن ھەر كۈنى ئۆيدە
تۈگىمەس ئىدى ھېچ ماجرا ۋە جېدەل.
ئوقۇيتتى ئەر-ئايال ھەر كۈن دىگۈدەك
بىر مۇڭلۇق غەزەل.
ۋاھ بۈگۈن

مەن ئۇنى قالدىم تونۇماي،
مەڭزىدە شەپەق، تولغانغان بۇرۇتى —
مەرتلىك نەزمىسى.
كۆڭلىدە شاتلىقنىڭ بۇلبۇل گوياسى
كۈلەتتى گۈل چېچىپ،
نۇرلۇق ھۆسنىدە
تۇيغۇ بەزمىسى.
ئەنە ئۇ، پەرھاتتەك تۇرار كۆز تىكىپ
مول ھوسۇل ناخشىسى ئاڭلىنىۋاتقان
ئېتىز بېشىدا،
شىرىنى-تولۇنئاي
ھەسەن-ھۆسەندىن
كۆينەك كىيىپتۇ،
تۇرار قېشىدا...
«ئىشلىگەن چىشلەيدۇ!» دەيتتى يېڭىدىن
ئۆرلىگەن قۇياش،
كۆترە ئالغان ئېتىزى شۇۋىرلاپ
سەلكىن شامالدا...
قارىدى ئېرىگە كۈلۈپ ناز بىلەن

نە قىلسۇن مىڭ ئۆينىڭ رەڭدار نەقىشى؟!
ئۇزاق يىل تۇرمۇشتا گۈل كۆرمەي، بۈگۈن
كۆرگەندە قىسمامدۇ
گۈل قۇلىغىغا؟!
جۆر بولار، بىلەمسەن،
ياشلىق ناۋاسى
بەختلىك قىزنىڭ دىل بۇلىغىغا.

## كونا چىراغ

يادىمدا:
ئون يىل ئالدىدا،
قامىتى شەمشاتتەك ئاشۇ دېخاننىڭ
كۆڭلىدىن كەتمەيتتى
قاپقارا بۇلۇت.
ئۆزىمۇ بىلمەستىن قىلىۋىگە قاراپ،
ئوقۇيتتى يوشۇرۇن پىنھاندا،
ئاھ ئۇرۇپ دۇرۇت...
يېشىمۇ يەتمىگەن قىزىققا ئۇنىڭ،
ۋە لېكىن چىكىسىدە كومۇشتەك قىرو،
چىرايى سۇنۇق.

يۈرەتتى مەھەللە-ئىتىزدا جىمجىت،
بەللىرى مۈكچەيگەن،
ماغدۇرىمۇ يوق.
ئىشلەيتتى...
ئىشلەيتتى...

ئابدۇۋاي خەلپەتوپ 1928 - يىلى تۇغۇلغان. 1950 - يىلى ئەخمەتجان قاسىمى نامىدىكى بىلىم يۇرتىنىڭ ئوقۇتقۇچىلار يېتىشتۈرۈش كۇرسىنى پۈتتۈرگەن.



شائىرنىڭ دەسلەپكى شېئىرى 1946 - يىلدىن باشلاپ ئېلان قىلىنغان. 1950 - يىلدىن بۇرۇنقى بىر تۈركۈم شېئىرلىرى «ئىلى دەرياسى» ناملىق توپلامغا كىرگۈزۈلگەن. ئۇ 1951 - يىلدىن باشلاپ مەتبۇئات - نەشرىيات ئورۇنلىرىدا ئىشلەپ كەلمەكتە. هازىر شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.

# شېئىرلار

## ماشىنىست سىڭلىمغا

ماشىنىكىنىڭ چېۋەر ماھىرى،
پەرۋانىسى دەيدىكەن سېنى.
بۇ خىسلەتنىڭ نەدە مەنىسى
ئاڭلاپ باقاي، ئېيتقىنا قېنى؟

ئويغىتىپ يالقۇنلۇق
بىر شېرىن سېزىم
ساھىپجامالدا ...
بەختلىك قوشماقنىڭ كۆڭۈل ئاسمىنى
خۇددى ئەتىسىدەك
سۈزۈك ۋە پارلاق،
چاقناپ كۈن چىقتى!
تىڭشىغىنا،
ئىككى دىل گۈلشىنىدىن
يەنىمۇ ئەۋجىگە ياڭراپ، مەرغۇللاپ
جۇشقۇنلۇق ناۋا — ئۈن چىقتى ...

1983 - يىل، ئۆكتەبىر.



«سىلىنىڭ بۇ دۇكانغا كەلگەنلىرى،
خۇدانىڭ بەختىمىزنى بەرگەنلىگى.
خوپ بولدى، ئۇ قاساپنىڭ ئالماشقىنى،
بۇمۇ بىر ئىشىمىزنىڭ قاملاشقىنى.
خۇدايىم ئاھىمىزغا يەتكەن ئىكەن،
مانا بۇ ئۆزى كەلگەن ئامەت دىگەن».
(چۆچۈردىن ئىدى مەقسەت گۆشنى يىمەك،
قاساپقا ئايان بولدى، غەرەز تىلەك).
قۇلاققا ياقتىمۇ يا مەدھىيىسى،
ئارقا پۇت بولۇپ قالدى نەسىۋىسى.
ئەپچىلەم نەچچە بىجا قىلدى تازىم،
ۋە دىدى: «ھايت دىگەيلا بولساق لازىم»
يول بويى ئۆرۈپ - چۆرۈپ، گۆشنى مۇجۇپ،
ئەپچىلەم ئۆيىگە يەتتى قۇشتەك ئۇچۇپ.
«ئانىسى!» دەپ تىووۋلىدى، تاماق قېقىپ،
ئىشىدىن خوتۇنىغا مەغرۇر بېقىپ.

ئاي ئۆتۈپ، كۈنلەرنىڭ بىر قايسى كۈنى،
(ۋاھ، ئەجەپ ئۇنتۇپتىمەن شۇ ۋاقىتنى).
مەن كەلدىم، ئۇمۇ كەپتۇ، تۇرۇپ قالدى،
(ئويلايمەن: يەنە نىمە بولۇپ قالدى؟)
تىپىرلاپ توختىمايتتى كىرىپ - چىقىپ،
ئۆزىچە غۇدۇڭشىيتتى دىماق قېقىپ.
بايقىسام، ئالماشقانىكەن يەنە قاساپ،
ئورنىغا قايتقان ئىكەن كونا قاساپ.
شۇ ئىكەن ئەپچىلەمنىڭ تولغانغىنى،
يىپىدىن - يېڭنىگىچە ئويلانغىنى.
«بۇ يەردە بولامدىكەن تۇرسا قاراپ!»

ھە! چۈشەندىم مۇنداق ئىكەن - دە،
ماشىنىكەن سېنىڭ جەڭ سېپىڭ.
قەلبىم - ئەقلىم تارازىسىدا
جىڭ باسىدۇ سېنىڭ بۇ ئىشىڭ.

1971 - يىل، فېۋرال.

## ئەپچىلەم

(يۇمۇر)

ئەپچىلەم ئورۇق ئەمەس، سېمىز ئەمەس،
بويىمۇ ئۇنچىۋالا ئېگىز ئەمەس.
نەپسىنىڭ ئاۋارىسى، گۆشكە ئامراق،
بۇ ئىشىنىڭ ھېكايىسى مانا مۇنداق:

ئەپچىلەم ياساپ، جابدۇپ قامىتىنى،
كۆرسەتمەك بولۇپ ئەلگە ھېكمىتىنى،
بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ رەستە بويلاپ،
نەپسىنى يول باشلىتىپ «چوڭقۇر» ئويلاپ.
دۇكانغا كىرگەن پېتى تۇرۇپ قالدى،
ئۆزىمۇ لاسسىدىلا بولۇپ قالدى.
پوكەيدە كۆرۈنمىدى «بۇرادىرى»،
ئالمىشىپ كەلگەن ئىكەن يېڭى بىرى.
«ئاھ!» دىدى چېكىشلەشتى ئوي - خىيالى،
(ۋە لېكىن بوش كەلمىدى، بار ئامالى).
قاسساپقا يېقىن كېلىپ «سالام» دىدى،
سەتچىلىك بولار دىمەي، ئەركىلىدى:

بۇ قېتىم دوستلار مېلى يۆلەپ قويدى،
ئېسىدىكە ھەممە ئىشنى سېلىپ قويدى.»
ئەپچىلەم ئاڭلاپ بۇنى، بولدى بىئەپ،
ئۆمرىگە يەتكۈدەكلا ئالدى ئەدەپ.
«ئىللىنار تۇمشۇغىدىن مەككار تۈلكە
دىگەن شۇ» دەپ دۇكانىدا بولدى كۈلكە.

بۇ ئىشتىن يەكۈنلىدىم ئاچچىق ساۋاق،
دوستلىرىم، ئېسىڭدە تۇت، سالغىن قۇلاق:
ئادىمى شەيتانلارغا قۇلاق سالما،
قايماقتەك گەپلىرىنى ئىلىك ئالما.
ئازغىنا بىخۇت بولساڭ «شەيتان» دىگەن
بۆكىڭگە جىگدە سېلىپ ئوينار ئىكەن.

1982 - يىل، ئاپرېل.

دەپ ئۆتتى سەپ ئالدىغا بىرلا ئاتلاپ.
«جاھاندا بار ئىكەنلا، قاسساپ ئۇستام،
كۆڭلىمىز ئىنمىن تاپتى ئالدى ئارام،
سىلى يوق چەتتە قالدۇق بويۇن قىسىپ،
بولمىدى ھېچ ئىلتىپات بىرگە نېسىپ.
سىلىنى كەپتۇ دىگەن خەۋەر يېتىپ،
سەكرىدىم بۆكىمنى مەن كۆككە ئېتىپ،
خۇدايىم، سىلىدىن ھېچ ئايرىمىسۇن،
بەركەتلىك قوللىرىدا خەخ ماي يىسۇن».
قاساپنىڭ بۇرۇتلىرى مىدىرلىدى،
ئىچىدە بىر نىمە دەپ غوتۇلدىدى.
ئۇنىڭغا ئاچماي چىراي، قاپاق قاقتى،
خېرىدار كۆپچىلىككە ئىللىق باقتى.
ئەپچىلەم بايقاپ سېزىپ باشقىچە ھال،
ئاتلانماق بولدى يېڭى «جەك» گە دەرھال.
قاساپمۇ بېسىپ چۈشتى، بوش كەلمىدى،
ئەپچىلەمنى توساپ ئېغىز ئاچقۇزمىدى.
«يېرلداش!» دەپ سۆز باشلىدى، سىلىققىنا،
مەنىلىك، چۈشىنىشلىك، قىسقىغىنا:
«ئاتىلار ئېيتقان ئىكەن: ئۆزەڭدە يوق —
خىسلەتنى ئۇلۇغلىغان ماختاشتىن قورق.
ۋە يەنە دىگەن ئىكەن: ئۇنداق كىشى
سەندە يوق ئىللەت بىلەن قاغار سېنى.
ئۇنداقنىڭ تىلى باشقا، دىلى باشقا،
مەقسىدى خەخنى ئېلىش ئوك يانپاشقا.
بۇ سۆزنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇچۇپتىمەن،
قاياققا چۈشۈشىمنى بىلمەپتىمەن.»

# تۆت پەسىلدە بولدۇم يېزىدا

(سېكىل)

قارلىق دالا، چەكسىز ئاق دالا،
پاقىرايسەن كۈمۈشكە ئوخشاش.
كۆرۈنۈسەن كۆزۈمگە ئىسسىق،
چۈنكى قەلبىم قەلبىڭگە تۇتاش.

ھەر باھاردا سېنى ئويغىتىپ،
سېلىپ چىقسام دولامغا كەتمەن؛
ئۆز ئانامدەك ئېچىپ خۇش چىراي،
دەيسەن: «بالام، يەنە خۇش كەپسەن!»

شۇ سۆزۈڭدىن تومۇرلىرىمدا
دولقۇنلايدۇ شاتلىق غەزىلى.
دېخان ئۈچۈن يېشىل ئېتىزدا
ئىشلىمەكتىن يوقتۇر ئەۋزىلى.

دېخان بىلەن ئېتىز ئىككىسى
بىللە ئۆسۈپ، كۆكلەيدۇ بىللە.
دېخان ئەجرى، يەرنىڭ مېۋىسى
ھۆر ۋەتەننى گۈللەيدۇ بىللە.

ھەر باھاردا چىقسام ئېتىزغا،
شاتلىنىمەن چىققاندەك تويغا.



رەخىم قاسىم 1936 - يىلى غۇلجا
شەھىرىدە تۇغۇلغان. 1953 - يىلى شىنجاڭ مىل-
لەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى،
1956 - يىلى جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ
ئەدەبىيات سېمىنارىيەسىنى پۈتتۈرۈپ، جۇڭگو ياز-
غۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسىگە كەلگەن.
هازىر ئۇ يازغۇچىلار جەمئىيىتى ئەزاسى. «كۆۋ-
رۈك» ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرى.

ئۇ 1951 - يىلدىن باشلاپ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەن.
1956 - يىلى ئۇنىڭ تۇنجى شېئىرلار توپلىمى «بىزنىڭ ئىرادە»
نەشر قىلىنغان. 1980 - يىلى ئۇنىڭ «هاياتقا مەدھىيە» ناملىق يەنە
بىر شېئىرلار توپلىمى، 1984 - يىلى «چولپان» ناملىق داستانلار
توپلىمى نەشر قىلىندى.

ئۇ، 1961 - يىلى «ئىككى ئەۋلات» كىنو سىنارىيەسىنى يېزىشقا قاتـ
ناشقان. ۋە ئون پارچىدىن ئارتۇق ئەدەبىي ماقالا يازغان. 1958 - يىلدىن
باشلاپ هازىرغىچە جۇڭگو ۋە چەتئەل شائىرلىرىنىڭ 500 پارچىدىن
ئارتۇق شېئىرىنى، 20 پارچىدىن ئارتۇق داستانىنى تەرجىمە قىلغان.

كۆرگەندە شۇ ئورمانلىڭ چوڭلۇغىنى،
ئاتلارمۇ ئۆز كۆچىگە قالار ھەيران.

## ئالتۇن كۆز

ئالتۇن كۆز، كەلسەم گۈزەل ئېتىزغا،
ئوخشاپ كەتتى خۇددى رەڭدار سۈرەتكە.
سۈرەت دىسەم بەكمۇ ئاددى تۇيۇلدى،
قىياس قىلدىم ئۇنى مىسلى جەننەتكە.

ئۇپۇقلارنى باغ-باغ ئەتكەن بۇغدايزار،
كۆز يەتكۈسىز ئوكيانىدەك چايقىلار.
كومبايىنلار — بىلىقچىنىڭ يەلكىنى،
قىز-يىگىتلەر گويا مەغرۇر چايكىلار.

چوكانلارنىڭ زىلۋا يىپەك چىچىدەك،
يەلپۈنۈدۇ قوناقلارنىڭ پۆپىگى.
ئەسكە سېلىپ ھال رەڭ شايە ياغلىقنى،
ژوق قوزغايدۇ زىغىرلارنىڭ چىچىگى.

ئەتراپنى گۈل قاپلىغان باراڭدا
تامچە گۈلدەك ساڭگىلىغان قاپاقلار.
ئوخشاپ كەتكەن قوغۇنلۇقتىن گۈپۈلدەپ
ئۇرۇلۇدۇ دىماققا خۇش پۇراقلار.

نىمە دىگەن ئىسىل پەسىل كۈز پەسلى،
ئېتىزلارنىڭ گۈلدەك كۈلگەن چېغى بۇ.

كەلگۈسىگە تاشلىسام نەزەر،
لىق تولىمەن لەززەتلىك ئۇيغا.

ئەتە يەنە سېنىڭ باغرىڭدا
باشلىنىدۇ يېڭى بىر باھار.
شۇ باھاردىن خەۋەر يەتكۈزۈپ،
ياقىرايدۇ پايانسىز ئاق قار.

مەن كۆرۈمەن، بۈگۈنكىدىنمۇ
پارلاق بىزنىڭ گۈزەل ئەتىمىز.
يارىتىشقا ئىسىل بىر دۇنيا،
چۈشتى جەڭگە غالىپ خەلقىمىز!

* *

قارلىق دالا، چەكسىز ئاق دالا،
ياقىرايسەن كۈمۈشكە ئوخشاش.
كۆرۈنۈسەن كۆزۈمگە ئىسسىق،
چۈنكى قەلبىم قەلبىڭگە تۇتاش!

## ئورمان كۆچىتى

لىققىدە كۆچەت باسقان بىر ئېرگىلۇ
مەلىدىن بوزغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.
«قاراڭلار، يەنە ئورمان كۆچۈپتۇ» دەپ
بوۋايلار ساقال-سىلاپ كۈلۈپ كەتتى.

ئىككى ئات تارتىپ ماڭغان شۇ كۆچەتتىن
ئاز كۈندە بىنا بولار كەڭرى ئورمان.

شاتلاندۇرۇپ بارچە ئىنسان دىلىنى،
مەمۇرچىلىك بىرەر ھەر يىل بۇ يۇرتقا.

شۇنچە كۈچلۈك، شۇنچە بۈيۈك تۇرۇغلۇق،
تەبىئەتنى تەمەنناغا تامام يات.
تالاشمايدۇ ئاتاق، ئورۇن، ئۇلۇغلۇق،
ئەل شاتلىقى ئۇنىڭغا چوڭ مۇكاپات!

مەن ئويلايمەن، قىلسا ئۈلگە ھەر كىشى
ئۇنىڭدىكى پەزىلەتنى - خىسلەتنى؛
قۇرۇپ چىقماق بەكمۇ ئاسان ئىش ئىدى،
ئىنسانىيەت دۇنياسىدا جەننەتنى...

1981 - يىل، نويابىر.

ئالتە ئاي ياز تۆككەن تەردىن يارالغان
دىخانلارنىڭ ئەينى جەننەت بېغى بۇ!

## بۇغداي

ئۇرەنلىرى ئېمىپ باھار نۇرىنى،
كۆمۈلۈدۇ قارا چىلان ئېتىزغا.
بىخ چىقىرىپ، سوزۇپ يۇمران بويىنى،
ئايلىنىدۇ مىسلى يېشىل دېڭىزغا.

ھەر تال مايسا قارىماققا بەك زىلۋا،
نازۇك غولى خۇددى يىپتەك ئىنچىكە.
قىياس قىلساڭ ھېكمەتلىرى بىر دۇنيا،
چەكسىز كۈچنى سىغدۇرغان ئۆز ئىچىگە.

شۇ مايسىنىڭ باشاقلىرى بەرگەن دان
جان ئوزۇغى تىرىكلىكتە ئىنسانىنىڭ.
بولمىغاندا كىكىرتەككە ئاشلىق - نان،
خاراپ ئىدى ھالى پۈتكۈل جاھاننىڭ.

شۇڭلاشقىمۇ قىلار مېنى ھەيران - لال،
ئاق بۇغدايىنىڭ كارامەت زور قۇدرىتى.
بەخش ئېتەر دائىم چوڭقۇر ئوي - خىيال،
ئۇنىڭ ئاددى، ئەمما يۈكسەك خىسلىتى.

ئەلگە بېرىپ مېۋىسىنى — دېنىنى،
ئايلاندۇرار بەدىنىنى ئوغۇتقا.

چاقنندى نۇر ئىچرە مەر ـ مەردەك گۈلىستانىم مېنىڭ،
نۇر بىلەن تاپتى نىجاتلىق ئىشچى ـ دېخانىم مېنىڭ،
كۈلدى يۇلتۇزدەك چاراقلاپ دىلدا ئارمانىم مېنىڭ.

بۇ گۈزەل تاڭ نۇرلىرى تۈنلەر قاناتىن قايرىدى،
كەتتى كەلمەسكە زۇلۇم، دەرتلىك كۆڭۈللەر يايرىدى،
گۈلچىراي ئاچتى باھار، باغلاردا قۇشلار سايرىدى،
نۇر ئىچىدە كۈلدى خەلقىم، قىزىدى شات بايرىمى،
خۇددى تاۋۇستەك ياساندى باغۇ ـ بوستانىم مېنىڭ.

يەرۇ ـ كۆكنى بىر مەھەل قاپلاپ قاراڭغۇ جۇت ـ تۇمان،
ئۆيىنىشىپ جىنلار قىلىچ دەھشەت سېلىپ بەك قۇترىغان،
كۈن نۇرى كۆرمەي شۇ چاغ زاۋۇت، ئېكىنزار، باغ ـ ۋاران،
بولدى گۈلشەنلەر ئارا گۈللەر ئېچىلماستىن خازان،
مۇڭلىنىپ ئاقتى ئىلى، تارىم، زەرەپشانىم مېنىڭ.

چىقتى بوران گۈكىرەپ ھەم چاقتى چاقماق تولغىنىپ،
بىپايان كۆك باغرىدىن كەتتى تۇمانلار قوغلىنىپ،
قەھرىمان جىنخۇ ھامان ئالتۇن ئۇمۇتنى ئويىنتىپ،
قۇترىغان جىنلارنى ئۇردى توختىماي قوغلاپ ـ سۈرۈپ،
چىن ئادالەت قىلدى غەلىبە، ئاشتى دەرمانىم مېنىڭ.

كۈلدى قايتا جىلۋە بىرلە زەپ چىرايلىق گۈلباھار،
كۆكلىدى زۇمرەت يوپۇرماق چىقىرىپ قاخشال چىنار،
ئېچىلىپ چوغلۇق، قىزىلگۈل ... چاچتى زەپمۇ خۇش ئىپار،
گۈل ماكانى بولدى پۈتكۈل بۇ ئەزىز ئالتۇن دىيار،
كۈلدى خەندان باغ ئىچىدە لالە، رەيھانىم مېنىڭ.



**ئابدۇسالام توختى**

1934 - يىلى غۇلجا ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1953 - يىلى شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكولتېتىنى تۈگەتكەن. ھازىر مائارىپ نەشرىياتىنىڭ باش مۇھەررىرى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.

شائىر شېئىرىيەت سېپىمىزگە 1952 - يىلىدىن باشلاپ قەدەم قويغان. 1981 - يىلى ئۇنىڭ «گۈلدەستە» ناملىق شېئىرلار توپلىمى جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى. ئۇ يەنە «ياز كېچىسىدىكى چۈش» (شېكىسپىرنىڭ)، «مۇز تاققا كەلگەن مېھمان» قاتارلىق سىنارىيىلىرىنى؛ لۇشۈن، زاڭ كېجا، شاۋ سەن قاتارلىق خەنزۇ ئەدەبىياتى ۋەكىللىرىنىڭ بىرمۇنچە شېئىرلىرىنى تەرجىمە قىلغان.

# توي چاچقۇسى

## نۇر چېچىپ ئاتقاندا تاڭ

نۇر چېچىپ ئاتقاندا تاڭ، نۇرلاندى ئاسمانىم مېنىڭ،
چۆمدى نۇرغا كەڭ يېزا - قىشلاق، زاۋۇت - كانىم مېنىڭ،

توي بولار توي ئۈستىگە، پارلاق تېخىمۇ ئەتىمىز،
باشلىدى غالىپ قىزىل تۇغ، شۆھرىتىم ــ شانىم مېنىڭ.

1979 - يىل، ئۆكتەبىر.

## گۈلدەستە

رەڭمۇ - رەڭ گۈللەرگە پۈركەندى بېغىم،
كەڭ زېمىن كىيدى گويا گۈلدىن كىيىم.
جەڭدە سانسىز قەھرىمان تۆككەچكە قان،
گۈلگە تولدى بۇ ئانا تۇپراق ھامان.
تاڭ قۇياشى نۇرلىنىپ تۆككەندە زەر،
گۈل ئېچىلدى زەپ چىرايلىق ھەر سەھەر.
خۇددى گۈلدەك چايقىلىپ گۈل دولقۇنى،
قوزغىتار ھەردەم كۆڭۈلنىڭ زوقىنى.
زەپمۇ كۆركەم كۆرۈنەر گۈلگە قارا،
لالە، مەخمەلگۈل، ئەتىرگۈل... باغ ئارا.
بارچە گۈللەر ئېچىلىپ تەڭ ھۆپپىدە،
خۇش ئىپار چاچماقتا ھەريان گۈپپىدە.
گۈل ئارا ئون ئۈچ پەرىزات قىز يۈرەر،
كۆزى چولپان، چاچلىرى قۇندۇز يۈرەر.
يايرىشار گۈل دېڭىزى ئىچرە ئۈزۈپ،
رەڭمۇ - رەڭ گۈلدىن چىرايلىق رەڭ تۈزۈپ.
مانا قىزلار تۈزدى بىر گۈلدەستىنى،
پۈتكۈزۈپ گۈلدىن تىكىلگەن كەشتىنى.
قىلدى يىپ بۇ كەشتىگە دىل رىشتىنى،
سىڭدۈرۈپ قايناق مۇھەببەت - ئىشقىنى.
كۆتىرىپ قىزلار ئۇنى باش ئۈستىگە،

سال نەزەر، گۈلشەن ئارا سايرايدۇ بۇلبۇل خۇشناۋا،
كۈلدى تاغلار تاجىسى قار لەيلىسى ئىرك چۇققىدا،
رەڭمۇ - رەڭ گۈل كەشتىلىك زەر تونىنى كيدى كەڭ دالا،
گۈل - گىيالارنى سۆيۈپ ئۇچماقتا ساپ خۇش بۇي سابا،
گۈل دېڭىزى ئىچرە ئۈزگەچ، يايرىدى جانىم مېنىڭ.

سال نەزەر، چۆللەرمۇ بولدى خورىماس ئالتۇن بۇلاق،
يامرىدى يايلاقتا پاتماي كۆپەيىپ قوي، ئات - ئۇلاق،
چاچتى نۇر پارلاق قۇياشتەك ھەممە ئۆيگە ئىرك چىراق،
مىسلىسىز شاتلىق، بەخت پەيزىگە چۆمدى ھەممە ياق،
تۆزگىچە نۇر تۆكتى كۆكتىن ماھى، چولپانىم مېنىڭ.

ئىلمۇ - پەن شۇڭقارلىرى قىلماقتا پەرۋاز، كۆككە باق،
چاپتى يۈكسەك پەللىنى كۆزلەپ تۇمەنمىڭ ئارغىماق،
خەلقىمىزدە بار جاسارەت، زور پاراسەت، ئىشتىياق،
تىكلىگەيمىز بىزمۇ جەزمەن تۆت ئىگىز ئالتۇن راۋاق،
ئاچقۇسى ئالەم سىرىنى ئىلمۇ - ئىرپانىم مېنىڭ...

توي بۈگۈن، بايرام بۈگۈن جۇڭغار، تيانشان باغرىدا،
ياڭرىدى ھەر ياندا داپ، دۇتار، سۆنەيۇ، ناغرىلار،
چۆشتى ئۇسسۇلغا قېرى - ياش، تاغۇ - دەريا، كەڭ دالا،
ناخشىمىز كۆكتە جاراڭلاپ، كەزدى يۇلتۇزلار ئارا،
قىلدى مەپتۇن بارچىنى شائىر - غەزەلخانىم مېنىڭ.

توي بۈگۈن، بايرام بۈگۈن، شاتلىققا چۆمدى قەلبىمىز،
نۇر ئىچىدە تەنتەنە قىلماقتا غالىپ خەلقىمىز،
بۇ قۇياشلىق دەۋرىمىزدە كۈلدى گۈلدەك بەختىمىز،



**ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىن**

1934 - يىلى ئاتۇشتا تۇغۇلغان. 1952 - يىلى شىنجاڭ مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن. ھازىر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوتسېنتى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.

شائىر ئەدەبىيات سېپىگە 1951 - يىلى قەدەم قويغان. شۇندىن بۇيان نۇرغۇن شېئىر، غەزەل ۋە رۇبائىلارنى يازدى. 1981 - يىلى ئۇنىڭ رۇبائىلىرىدىن تەركىب تاپقان «رۇبائىيات» توپلىمى جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى. شائىرنىڭ يەنە «ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقام»، «شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا ـ ئۇسۇل سەنئىتى»، «ئومۇمى ئېستېتىكا» قاتارلىق ئىلمىي ئەسەرلىرى بار.

# ۋەتەن ھەققىدە غەزەل ۋە رۇبائىلار

## غەزەل ۋە پارچىلار

1

ۋەتەن، سەن رەنجى دەرمانىم، تىپىلماس تۇتىيا سەنسىز،
ئىلىم ئەماسىغا يوقتۇر جاھاندا زەر زىيا سەنسىز.

پارتىيىگە قىلدى دىلدىن ھەدىيە!
دىدى قىزلار: «بۇ گۈزەل گۈلدەستىمىز،
ساڭا تەلپۈنگەن سەممى قەلبىمىز!»
ھۆر قۇياشقا باقتى تىيانشان قىزلىرى،
قەلبى يالقۇن، يۈزلىرى قىرمىزلىرى.
شات كۈلۈپ تۇرغاندا بۇ ئۇن ئۈچ گۈزەل،
تارتتى مۇخبىرلار سۈرەتكە شۇ مەھەل.
پۈتتى سۈرەت، ئەي كىتاپخان، بىر قارا،
كۆتىرىپ گۈلدەستىنى گۈلشەن ئارا.
تۇرۇدۇ ئۇن ئۈچ پەرى قاھ-قاھ ئۇرۇپ،
شاتلىغى ئۇرغۇپ گويا فونتان بولۇپ.
ئاتكىرىتكا بولدى گۈلدەستە بۈگۈن،
بولدى سوغا بۇ ئۇلۇغ بايرام ئۈچۈن.
ئەي كىتاپخان! قىل قوبۇل دىل رىشتىنى،
بولسىمۇ ئاددى بۇ بىر گۈلدەستىنى.
كى بۇ گۈلدەستە مۇھەببەتنىڭ تىلى،
قەلبى شات ئۇن ئۈچ پەرىزاتنىڭ دىلى!

1979 - يىل، ئىيۇل.

خىيال ياكى چۈشۈممۇ بۇ؟ شۇ سىرنى چالدى دىلتارنى.
تەسەددۇق ئەي پەرى، يائىنسى جىن، يا خۇشنىگار ئاھۇ،
غەزەل يازدىم كۆزۈم شۇڭقاردىن سالغاندا شىكارنى.
قاقاقلاپ كۈلدى شەيدايى، خوتەن ئاھۇلىرىن ئەسلەپ،
ۋاۋادۇر لۇتپىدەك ماختاش ① ۋەتەن پەرزەنتى گۈليارنى.

3

ئۇلۇغ جۇڭخۇا، ساڭا باقتىم ئاتامدىن پىشۋا ئەيلەپ،
ئەقىدەمدىن سالام يازدىم، ئانامدىن ئەتىۋا ئەيلەپ.
قۇچاغىڭ ـ قىبلىگاھىمنى سېغىندىم ھەر تىنىق، ھەردەم،
كۆزۈمگە سۈرتكىدەك بولدۇم توپاڭنى تۇتىيا ئەيلەپ.
مېنىڭ قۇشتەك يېنىك جىسمىم تاپالماس ھۆر قانات سەنسىز،
پىتىرلار قۇش كەبى جىسمىم سېغىنچىڭدىن ناۋا ئەيلەپ.
كۆرۈندى قەددى شەمشادىڭ، بىلىندى قەدرى ھەيياتىڭ،
تەپەككۇر ئەتمىگىم راھەت خىيالىڭنى داۋا ئەيلەپ.
تېغىڭنى ئەسلىسەم، ناگاھ تېنىمدە سېزدىمەن زور كۈچ،
ئاقار دەريالىرىڭ كۈن ـ تۈن ساداقەتتىن سادا ئەيلەپ.
تەۋەررۇك مەن ئۈچۈن چىمەندىم توپاڭ، ھەر زەررىسى ئالتۇن،
قىلۇرمەن خاكىنى ھەتتا مازارىمغا راۋا ئەيلەپ.
جاھان زىبالىرىغا قىلمىغايى شەيدايى دىلكەشلىك،
ئۇنىڭ ئارمانى كۆز يۇمماق ماكانىغا ۋاپا ئەيلەپ.

① ئۇيغۇر كىلاسسىك شائىرى لۇتپى ـ ئامۇ دەرياسى بويىدا ياشىغان كۈنلەردىمۇ ئانا يۇرتى خوتەننى ۋە بۇ يەردىكى گۈزەللەرنى يادىدىن چىقىرالمىغان.

گۆزەلگ قۇت ـ بەختى تاجىسمەن، جۇلادۇر ھەر مەھەل مىھرىلك.
پەرىدۇن① تەختى ـ ئايۋانى كىرەكسىز بورىيا سەنسىز.
سۆيۈلگ شەرۋەت، تىغىلگ ياقۇت، مۇبارەك تۇپرىغىلگ ئالتۇن.
تۆگەل پىردەۋسى جەننەتمۇ چىچەكسىز بىر گىيا سەنسىز.
ئىلىم ـ ئىرپانغا زەر كانسەن، سىنىڭسىز تولمىغاي قامۇس،
بەئەينى بىر جۇنۇن ھەتتا ئاتالغان ئەۋلىيا سەنسىز.
ۋەتەن قوينى گۈلىستانىم، ئىپارلىگ سۆيگۈ ئىلھامىم،
چىكەلمەس خۇش ناۋا بۇلبۇل بولۇپ زاغۇ گويا سەنسىز.
گۈزەللىك گۈلشىنى قىزىنۇك، ئۇلۇغ جۇڭخۇا، ئەزىز يۇرتۇم.
نىچۈك شەيدايى قوينۇڭدىن يىراقلاپ كۆز يىشى تۆكمەس،
جاھان رەنالىرى كۆڭلۈم قىلالماس مەھلىيا سەنسىز.
ماڭا مىلك يىل ئىبادەتمۇ ساۋاپسىز ساپ رىيا سەنسىز.

2

كىلىپ ئامۇ دىيارىغا كۆرۈپمەن كۆركى دىدارنى،
قىشدا ئوسمىسى، باشدا بۆكى، ساچى ئەنھارنى.
جۇلا قىلغان قىرىق ساچى بەئەينى نەچچە ئەجدەرھا،
ئۇنىڭ جەزبى تۇپەيلى بىلگۈلۈك تەس تەندە جان بارنى.
پۈكۈپتۇ شاھى ئىسكەندەر كۆرۈپ پامىر قىزىنى قەد،
كۆرەرمەن مەن قاچان رۇخسانە② رەڭلىك ھۆسنى رۇخسارنى.
خىجىل يۇنان پەرىسى، ھىندى قىزى زىباسى ئامۇدىن،
تۇمارىس ③ قىنىسەسى قاي چاغ بۇ ۋەجگە يازدى ئىزھارنى.
چىچەك گۈلزاردا گۈل كۆپ، كۆڭۈلنى جەلپ ئىتەر سىرىن،

① پەرىدۇن ــ ئىران پىشتالمتلار سۇلالىسىنىڭ مەشھۇر شاھى.
③ رۇخسانە ــ ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ياخشى كۆرۈپ قالغان پامىر گۈزىلى.
② تۇمارىس ــ ئىران شاھى كەيخىسراۋ ياخشى كۆرۈپ قالغان ئامۇ ۋادىسىنىڭ
ئايال شاھى.

8

گەر ۋەتەن دەپ كۈيلىسەم، نەزمەم ئىچىدىن بال ئاقار،
سىنە ـ قەلبىمنى ھىساپسىز سۆيگۈ ئىلھامى قاقار.
بۇ ئانا تۇپراققا شان قوشماق ئۇغۇللۇق ئىستىگىم،
قىلسا پەرۋاز مىسلى سۇمرۇغتەك ۋەتەن، ئالەم باقار.

9

ئەلنى سۆيسەڭ، ئەلگە قۇت بەرگەن ئەزىز دەۋراننى سۆي،
ئەل يولىغا نۇر چېچىپ تۇرغان بۈيۈك ئىرپاننى سۆي.
ئۇشبۇ دەۋران ئىدرىكى ھەم ئىپتىخارى، شۆھرىتى،
غەمگۇزارى، باغۋىنى كومپارتىيە زەركاننى سۆي.

1984 - يىل، مارت.

## رۇبائىيلار

1

كۆڭۈلنىڭ قۇلپىنى ئاچقاي سۆزۈڭدە بولسا گەر ھىكمەت،
جىدەلنىڭ ئۇرۇغىنى چاچقاي سۆزۈڭدە بولسا گەر ئىللەت.
كىشىلىك قەدرى سۆز بىرلە، ساپايىڭغا سۆزۈڭ شاھىد،
گۈزەل سۆز قۇت ئاتا قىلسا، خۇنۇك سۆز يەتكۈزەر كۈلپەت.

4

ۋەتەلدۇر تەخت، ۋەتەندۇر بەخت، ۋەتەنسىز ئامىتىڭ مازغاپ،
ۋەتەن ــ قانات، ۋەتەن ــ تۇلپار، ۋەتەنسىز ئەر قالار ئاقساپ.
ھەشەملىك روزىغار، شۆھرەت ياراشماس بولمىسا ئۆز يۇرت،
بۆلەك ئەل مىسلى بىر ئەگلەك چىقارغاي ئاقۋەت تاسقاپ!

5

ۋەتەن ئول ئۇستىخان، قاندۇر، ھاياتلىق ئىچرە ھەم جاندۇر،
ۋەتەن گەر بولمىسا دىلدا تىرىكلىك كۆركى يالغاندۇر.
قىيامەت جەبرى مىڭ ئەۋزەل ۋەتەنسىزلىك بالاسىدىن،
ۋەتەن ئەنگۈشتىرىن بىلمەك كىشىگە تۇنجى ئىرپاندۇر.

6

مۇنارىڭ ئۆز دىيارىڭدا، تىنىڭ ئۆز يۇرتىدا ئەبزەل،
قەدىرسىز تاش بولۇر ئاخىر، كى قالسا چەتتە زەر ھەيكەل.
مۇھەببەت، قۇت، مۇلۇك، شۆھرەت يولىغا پۇت قويار بولساڭ،
تۇمەن كار ئەيلەسەڭ ھەتتا، ۋەتەننى ئەستە تۇت ئەۋزەل!

7

نە جەننەت ئىشتىياقىمدۇر، ماڭا تۇققان دىيار ياخشى،
نە راھەت زەۋقى رايىمدۇر، ماڭا مەشغۇلى كار ياخشى.
دىيارىم گۈل بۈكۈن كۆرگىن، تىلىمدە ئىپتىخارىم كۆپ،
ئۆمۈر سەيلانىدا ئەلگە ساداقەت بەر قارار ياخشى.

6

تۇرمىغاي زەر پۇل قولۇڭدا، ئۇ ھامان سەيياردۇر،
بىر دەقىق شۆھرەت ماقامىڭ بىقارار ھەيياردۇر.
ئىلمۇ ـ ئىرپاندىن بۆلەك يوقتۇر ئۆمۈرلۈك ئاشنا،
ياخشىلىق ياكى يامانلىق ئەل ئارا ئاشكاردۇر.

7

مەگەر ۋىجدان بېشىغا نەپسى چىقسا، كۆركىلىك بەربات،
نىيەت ئىقبالىغا باققىن، بەد نىيەتنىڭ كەلگۈسى ناشات.
كېمەڭنى قۇم باسۇر، تۇلپار ئېتىڭنى ئۆزگىلەر مىنگەي،
خالايىق رەھمىتىدىن گەر دىلىڭنى قىلمىساڭ ئابات.

8

ئەقىلنىڭ جەۋھىرى ھىكمەت، يېڭىلمەس،
ھىكمەتسىز مەنىلىك سۆھبەت تۈزۈلمەس.
چىن ھىكمەت تۇرمۇشنىڭ ئەينىگى، كۆركى،
ئەل ئامان، ھىكمەتنىڭ يىپى ئۈزۈلمەس.

2

ئەن كىرەر توپراق - لەھەتكە، روھ قالۇر ئالەم ئارا،
ئۆتسە ئۆمرۈڭ يالخىشلىقسىز مەڭگۈلۈك روھىڭ يارا.
بۇ ھايات بىر ئىمتىھان: باغۋەن، زىيانكەش ئايرىلۇر،
ئۆزگىگە قويساڭ تۇزاق كۆتكەي سېنى يوچۇن ئورا.

3

گۈزەللىك بىر سەپەر گويا، قونالغۇ ئەقلۇ - ئىدرەكتە،
مۇھەببەت مەھلىيا بىر ھىس، ئاڭا ئىسپات ساداقەتتە.
جاھاننىڭ سەيلىسى بىرلەن ئەقىل تەجرىبىسى شۇكى؛
ئۆمىت قايغۇغا يولداشكىم، تۇرار ئەندىشە راھەتتە.

4

جاھالەت بىر خۇنۇك تۈنكى، بۇ تۈن پەردىسى غەپلەتتە،
بۇ غەپلەت بىر چۈشەكەشكى، ئۇنىڭ ھەر ئەۋجى دەھشەتتە.
نادانلىقنىڭ تۆپەيلى پىتنە - بۆھتان، رەشىك - ھەسەت قاينار
ئاڭا ئەل ئاشىغى قاخشار كۆرۈپ بۇ ھالنى ھەسرەتتە.

5

كىشىنىڭ خۇلقى - مەيلىدە تەپەككۇر سايىسى باردۇر،
ئۈمىت تۇتقان كىشى ھەر خىل، ئۇنىڭ ئۆز غايىسى باردۇر.
مەگەر تەن ۋەجىنى مىزانغا سالساڭ، پەرقى ئاز، ئەمما
قەلبلەر پەرقى يەر - ئاسمان، ئۇنىڭ نە چارىسى باردۇر.

تىلدا يىرىق ئەمدى پىچەت، بار ئىختىيارىڭ، سايرىغىن،
ئۆز دىيارىڭ، گۈلشىنىڭ، ئۆز مۇرغزارىڭ، سايرىغىن.

ئال سۈكۈت مۆھرىنى تىلدىن، سايرا ئەي، شىرىن زەبان،
دەۋر يارىڭدۇر سېنىڭ، ياڭرات غەزەلنى شادىمان،
ئەمدى خىلۋەتتىن چىقىپ سەپكە قېتىل، قىلما گۇمان،
ئەيلە ئەركىنلىك ھاۋاسىدىن بەلەن پەرۋاز ھامان!
باغۇ - گۈلزارىڭنى كۈيلەش ئىپتىخارىڭ، سايرىغىن.

ئۆتمىسۇن پۇرسەت يەنە ئەندىشە ئىچرە تۈگۈلۈپ،
كەتمىگەي ئەمدى ئىجادىڭ — ئەمگىكىڭ ھېچ كۆمۈلۈپ،
كۆز ئېچىپ كۆرگىن ۋەتەندە كەتتى ئىشلار يۈكسىلىپ،
ئۇ بۇرۇنقى كونا رامكا، تارچىلىقلار ئۆزگىرىپ،
مۇنبىرىڭ باردۇر مۇۋاپىق ئېتىۋارىڭ، سايرىغىن.

ئەمدى جىمجىتلىقنى قوي، بولسۇن راۋان سۆزگە تىلىڭ،
كەتتى كۈلپەت يۈكى ئۈستۈڭدىن، تۈزە، تىكلە بېلىڭ،
گەرچە تۆھمەتلەردە ئۆتتى خارلىنىپ نەچچە يىلىڭ،
داغۇ، ھىجرانلاردا قات - قات قانغىمۇ تولدى دىلىڭ،
قىلدى غەلىبە چىن ھەقىقەت، پۈتتى زارىڭ، سايرىغىن.

كەلدى بىر سۈبھى - سائادەت، كۆز يورۇت، ياشنى قۇرۇت،
باسمىسۇن كۆڭلۈڭنى زەڭ، ئۆتكەنكى غەملەرنى ئۇنۇت،
سەكرە مەيدانىغا، ناۋا قىل، سايرا ئاۋازىڭ تونۇت،
پارتىيە سۆزىنى ئاڭلا، پارتىيە يولىنى تۇت،
ئەي سۆزۈك، كومپارتىيە چىن غەمگۇزارىڭ، سايرىغىن.

1980 - يىل، سېنتەبىر.

## تاپتىم

پىغانىم كەتتى كۆڭلۈمدىن، يورۇق بىر كەڭ زامان تاپتىم،
يۇتتۇم سۇغا ئەجەپ تەشنا ئىدىم، ئابى راۋان تاپتىم.



مۇھەممەت ئىمىن توختىنىياز (سوزۇك) 1920 - يىلى چىرىيە ناھىيىسىدە تۇغۇلۇپ، يەكەندە ئۆسكەن. ئۇ 1933 - ، 1938 - يىللىرى يەكەندە ئېچىلغان «مەتلەئىل ئىرپان» ناملىق دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ، ئوتتۇرا مەلۇماتلىق بولغان. ئازاتلىقتىن كېيىن ئۇزۇن مۇددەت «يەكەن گېزىتى» دە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن؛ جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.

شائىرنىڭ دەسلەپكى شېئىرى 1943 - يىلى خوتەن گېزىتىنىڭ «كونىبىلۇن» ئەدەبىي سەھىپىسىدە ئېلان قىلىنغان ئىدى. ئۇنىڭ «يادىكار» ناملىق شېئىرلار توپلىمى 1983 - يىلى جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى. ھازىر «ئىلھام چېچەكلىرى» توپلىمىنى نەشرگە تەييارلىماقتا.

# زامان ماڭا قاراپ كۈلگەندە

## بۇلبۇلغا

ئارزۇلاپ كۈتكەن ئىدىڭ، كەلدى باھارىڭ، سايرىغىن،
تەشنا لەپ بولغان ئىدىڭ، قانسۇن خۇمارىڭ، سايرىغىن.
بولدى ئاۋازىڭغا دىللار ئىنتىزارىڭ، سايرىغىن،

مەن سېنىڭ گۈزەل سىياقىڭنى كۆرۈپ بولدۇم ئەسىر،
بىر چىرايلىق مېڭىشىڭنى ئۆگىنىشكە مۇنتەزىر.»
دېدى كەكلىك قاغىغا: «ئاۋارە بولما، ئەي نادان،
كەلمىگەي قولۇڭدىن ئۆگەنمەك بۇ ئىشنى ھېچقاچان.
بۇ مېنىڭ ئۆزەمگە خاس بولغان تەبئىي خىسلىتىم،
خەندە قىلماق، يورغىلاپ يۈرمەك يېقىملىق ئادىتىم.»
كۆنمىدى بۇ سۆزگە قاغا ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇپ
چۈشتى كەكلىك يۈرۈشىنى ئۆگىنىشكە يەڭ تۇرۇپ.
قاغا كەكلىك يۈرۈشىنى بەك ئاسان قىلدى گۇمان
ئاردىن ئۆتتى بۇ سەۋدالار بىلەن نەچچە زامان.
قاغا ئۆز ئەسلى يۈرۈشىنى چىقاردى يادىدىن
ئۆگىنەلمەي قالدى كەكلىك يۈرۈشىنى يېڭىدىن.

*　　*

كىمكى دوراپ باشقىلارنى، بولمىسا ئۆز يۈرۈشى،
قالغۇسىدۇر كۈلكىگە، بولغاي پۇشايمان قىلمىشى.

1982 - يىل، فېۋرال.

ئەجەپ خاموش ئىدىم، ئەپسۇس، تىلى يوق گاچا - كىكەچتەك،
بۈگۈن ناتىق بولۇپ، بۇلبۇل كەبى ئەركىن زۇۋان تاپتىم.

ئىدىم قايغۇدا ئەل ئىچرە، مېنىڭ ھېچبىر پاناھىم يوق،
بۈگۈن بۇ دەۋرىمىزنى، بەس، ئۆزەمگە مېھرىۋان تاپتىم.

ئەمەس يالغۇز بۇ دەۋران قوينىدا ئازادە بولغان مەن،
ئۆزەمدەك شات - خۇرەملەردىن مىڭ - مىليونلىغان تاپتىم.

نىچۈك شات بولمايىن روھىي كىشەنلەردىن خالاس تۇرسام،
بۈگۈن كومپارتىيە قەددىمنى رۇسلاپ، قايتا جان تاپتىم.

يېشىم ئاتمىشتىن ئۆتكەن بولسىمۇ، غەيرىتىم ئۇرغۇپ،
بۈگۈن ئەل خىزمىتىدە مەن ئۆزەمنى نەۋ جۇۋان تاپتىم.

1980 - يىل، ئىيۇل.

## كەكلىك بىلەن قاغا

(مەسەل)

جىلغىدا كەكلىك خۇرام ئەيلەر ئىدى، ئويناپ ھامان،
يورغىلاپ نازۇ - نازاكەت بىرلە كۆڭلى شادىمان.
بۇ تەبىئەت قۇچىغىدا ئەرك بىلەن يايرار ئىدى،
يوق ئىدى ھېچبىر تۇسالغۇ، كۈلكىسى ياڭرار ئىدى.
بىر كۈنى كۆردى ئۆزىنىڭ ئارقىسىدا ناگىھان،
بىر قارا مەخلۇق ئۇنى دوراپ يۈرەتتى ھەر قايان.
دىدى: «كىمسەن؟ بۇندا يۈرگەن مېنى دوراپ، ئەي قارا،
قايسى مەقسەت بىرلە كەلدىڭ سەن بۈگۈن بۇ تاغ ئارا؟»
دىدى: «مەن پەرزەندە جىنسىدىن، ئېتىم قاغا بولۇر،
مەن ئەمەس ھېچبىر يوچۇن مەخلۇق، مېنى ھەممە تونۇر،

دىللاردا ھاياجان، لەۋلەردە كۈلكە،
ئۈزلىدى كۆكلەرگە شاتلىق ناخشىمىز.

ياڭرىدى دۇمباقلار غەلىبە شەنىگە
تەيخاڭشەن، تىيانشان، ... ئېتەكلىرىدە.
خەلقىمىنىڭ بەختىيار قەلبى ئەكس ئەتتى
باھارنىڭ جىلۋىلىك چېچەكلىرىدە.

ئۆركەشلەپ چاڭجياڭ ۋە تارىمنىڭ سۈيى،
شاتلىقتىن كۆۋەجەپ ئۇردى قىرغاقتا.
خۇرۇنتاي قارارى ئالتۇن ھەل بىلەن
ئۆچمەس بوپ يېزىلدى كۆمۈش ۋاراقتا.

شەھەر ۋە يېزىلار گۈلچىراي ئېچىپ،
باھارنىڭ شەنىگە ئېيتتى مەرھابا؛
تەبىئەت قۇشلىرى چالدى شوخ نەغمە،
ئۇسسۇلغا چۈشۈشتى ئورمانلار، تاغلار.

ناغرا ۋە سۇنەينىڭ ياڭراق كۈيىدىن
شاتلىققا چۆمۈلدى كوچا - ھويلىلار...
يورۇتتى ئىقبالنىڭ پارلاق ھۆسنىنى
تىيەنئەنمېن ئۈستىدىن ئاققان شولىلار.

شاتلىقتىن ئۇرغىدى تومۇرلاردا قان،
ھاياجان ئىچىدە ئويىندى يۈرەك.
ئۇلۇغۋار لىشانغا قاراپ ئات سالدۇق،
نۇرلىنىپ يۈز ئاچتى گۈزەل كېلەچەك.



**تۇرسۇن مۇھەممەت پەخىردىن**

1934 - يىلى غۇلجا شەھىرىدە تۇغۇلغان. 1951 - يىللىرى شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىنىڭ تىل-ئەدەبىيات فاكولتېتىدا ئوقۇغان. جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى. ئۇ ھازىر شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىمەكتە.

شائىر 1951 - يىلى «چاۋشىيەن ئوغلىغا» ناملىق شېئىرى بىلەن ئەدەبىيات سېپىگە قوشۇلغان ئىدى. ئۇنىڭ بالىلار ئۈچۈن يازغان شېئىرلىرى 1980 - يىلى «قىزىل گال-ستۇك» دېگەن نام بىلەن نەشر قىلىندى. «ياردەم» شېئىرى 1979- يىلى مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئىككىنچى قېتىملىق بالىلار ئەدەبى-يات - سەنئەتى ئىجادىيىتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

# ئىككى شېئىر

## ھايات قوشىغى

— پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ غەلىبىلىك
ئۆتكۈزۈلگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن —

تاغ - دەريا، قىر ئېشىپ، دولقۇنلار يېرىپ،
كەلدى بىر خۇشخەۋەر چاقماقتىنمۇ تېز.

تونۇش ئاڭا ئىگىز - پەس دۆڭلەر،
تونۇش زاۋۇت، كارخانا، مەكتەپ.
ھەر كۆڭلىگى ئىشىك ئالدىدا
پەيدا بولار شوخ كۈلۈمسىرەپ.

قورقىتالماس ئۇنى جۇت تۇمان،
قورقىتالماس يامغۇر ۋە بوران.
كار قىلالماس پىژغىرىدىم ئىسسىق،
نەشتەردەك سوغ، قاتتىق شۇۋرغان.

خەت - چەكلەرنى يەتكۈزۈدۇ تېز
يولنى ئاپپاق قاپلىسىمۇ قار.
ئۆز ئىشىغا بولغان مۇھەببەت
ئاچقاچ ئۇنىڭ قەلبىدە باھار.

دەيدۇ ئۇ قىز: «ۋاقت ـــ غەلىبە،
مېنى كۈتۈپ تۇرغانلار ئازمۇ؟
شۇنىڭ ئۈچۈن ئوخشاشتۇر ماڭا
كېچە - كۈندۈز، قىش ياكى يازمۇ؟»

1984 - يىل، ئۈرۈمچى.

بىرىمىز ھاياتقا يېڭى تۇس، مەنا،
ۋەتەنىنىڭ ھەر كۈنى، بەختىمىز تويى.
پارتىيە تۇغىنى ئېگىز كۆتىرىپ،
ئۆرلەيمىز شان قۇچۇپ ئۆمرىمىز بويى.

1978 - يىل، ئۈرۈمچى.

## يېشىل تۇلپار

خەقلەر ماختاپ تاغنى، قارىغاينى
دېيىشىدىكەن قەيسەر ھەممىدىن.
بارلىق خىسلەت، تەرىپكە تولۇق
بىر سىيما بار كۆڭلۈمدە لېكىن.

كۆز ئالدىمغا كەلسە شوخ، خۇشخۇي
يېشىل كىيىم كىيگەن شۇ سىيما.
قەيسەرلىكتە ئۇنىڭ ئالدىدا
دەيمەن تاغمۇ، قارغايمۇ بىكار.

مەلىمىزگە كېلىدۇ كۈندە
يېشىل كىيىم كىيگەن گۈزەل قىز.
ئوخشار گويا گۈل ياپرىقىغا،
چاقماق بولۇپ ئۇچۇپ كەلسە تېز.

ماڭلىيىدا مونچاق - مونچاق تەر،
بۆسۈپ ئۆتەر دۆچ كەلسە دولقۇن.
گېزىت - ژورنال ھەممە خەت - خالتا
نەزىرىدە، خۇددى بىر ئالتۇن.

ۋە لېكىن، تاغمۇ زېمىننىڭ قايتۇرار ئۆز ھەققىنى،
شۇ سەۋەپتۇر، باغرىدىن سانسىز ئېقىننىڭ ئاققىنى.
قىش بويى توپلايدۇ ئاق قارنى ھامان ئۈستىگە ئۇ،
ياز بويى يەر كۆكسىگە چەشمە چېچىپ، كۆل تاققىلى.

يەر بىلەن تاغ ئەنە شۇنداق چىڭ يېپىشقان ئۆزئارا،
تاغنى گەر ئوغلى دېسەك، تۇپراق ئۇنىڭغا ئۆز ئانا.
تاغ تۇغۇلغان يەر - زېمىندىن باغرىنى يېرىپ ئۇنىڭ،
ھەم زېمىندىن كۈچ ئېلىپ ئۇ، ئۈلغىيار دائىم يانا.

مەنمۇ ئەلنىڭ ئوغلىمەن، ئەل مېھرىدىن ئۆسكەن ھامان،
بىھساپ ئەجرىنى سىڭدۈردى ماڭا ئەل ھەر قاچان.
مەن مۇشەققەتكە يولۇققاندا شىجائەت، كۈچ بېرىپ،
مەن مۇدۇرگەندە يۆلەپ تۇرغۇزدى ئورنىمدىن شۇئان.

ئۆتتى ئۆمرۈمنىڭ، ھساپ قىلسام، مانا تەڭ يېرىمى،
چاچلىرىمغا قار قونۇشقا باشلىماقتا كۈنسېرى.
ئەمما ئەلنىڭ ئەجرىدىن قايتۇرغىنىم ئازدۇر مېنىڭ،
ئەمدى تەگدۇر مەن ئۈچۈن ئون يىلغا يىلنىڭ ھەر بىرى.

چىڭ تۇتۇپ ھەر بىر مىنۇتنى خۇددى ئالتۇندەك بىلىپ،
دەۋرىمىز پەرماندىن پۈتمەس ھاياتىي كۈچ ئېلىپ،
ئەل ئۈچۈن تەر تۆكمىگىم ھاجەت مېنىڭ ئۆمرۈم بويى،
ماڭلىيىمدا ھەر ئەجىنى بىر ئېقىنغا تەڭ قىلىپ.

1984 - يىل، مارت.

## ئابلىمىت سادىق

1941 - يىلى غۇلجا شەھرىدە تۇغۇلغان. 1958 - يىلى شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكولتېتىنى پۈتتۈرگەن. ھازىر «تارىم» ژورنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.



شائىر 1952 - يىلى «ئىلى گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «ۋەتەن» ناملىق شېئىرى بىلەن ئەدەبىيات سېپىگە قەدەم قويغان. شۇنىڭدىن بۇيان ئۇنىڭ شېئىر ۋە پۇبلىستىك ماقالىلىرى گېزىت - ژورنال سەھىپىلىرىدە ئېلان قىلىنىپ كەلمەكتە. 1979 - يىلى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ 30 يىللىق مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى باھالاشتا ئۇنىڭ «دوستلار بەزمىسىگە مۇخەممەس» شېئىرى ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

# ئەل ۋە مەن

تۇرۇدۇ تاغلار ھامان ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتىرىپ،
تۆت پەسىل ياشناپ تۇرار قوينىدا قارغاي كۆكىرىپ.
نەچچە مىڭ يىللار ئۆتۈپ كەتكەن بىلەن ئۇ، شۇ پېتى،
تا ئەزەلدىن ئاستىدا تۇرغاچقا تۇپراق كۆتىرىپ.

چۆللەرگە جان كىرگۈزۈپ، بوستان ياساپ،
ئاقىدۇ ئانا يەرنى چىلىق قۇچاقلاپ.
خورداماس قانچە قوم، چۆل ئىچكەن بىلەن،
بەركىتى شۇنچىلىك مول، مەنبەئى ساپ.

ئېسىمدە ساقلا كۆپنى كۆرگەن كىشى،
مىڭ ياشقا يەتمەس دىدى ئادەم يېشى.
بولغاندەك تەبىئەتتە قىش بىلەن ياز،
بۇ ھايات بولماس ھامان تېنچ - تەكشى.

سۈپ - سۈزۈك سۇدەك تاتلىق ياشلىغىمدا،
ئۆمرۈمنىڭ باغلىرىنى ئەيلە پەرۋىش.
ياشلىقنىڭ گۈلى پەقەت بىر ئېچىلار،
قىردىلىق يېتەر ئەتە، سىلىپ تەشۋىش.

بۇلدۇقلاپ ئەسىر بويى ئاقار بۇلاق،
سۇ بىلەن بوستان ئىكەن دەشتۇ - تۇپراق.
ئەقىل ۋە ئەجرىڭ بىلەن كۆكەرت سەنمۇ،
ئۆمرۈمنىڭ گۈل بېغىنى ئەنە شۇنداق.

بۇلدۇقلاپ تېشىپ ئاققان بۇلاق سۈيى،
ئۈزۈلمەي ئاقار ئىكەن ئەسىر بويى.
تارىخى ئۇزۇن، گۈزەل ئانا يۇرتىنىڭ
بۇلاقتەك تۈگىمەستۇر ناخشا - كۈيى.

## مەھمۇت زەيىدى



مەھمۇت زەيىدى 1932 - يىلى تۇرپان يار يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1956 - يىلى مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ تىلشۇناسلىق سىنىپىنى پۈتتۈرگەن. ھازىر شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئەدەبىيات تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ ئىلمىي خادىمى بولۇپ ئىشلىمەكتە؛ جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.

ئۇنىڭ دەسلەپكى شېئىرى 1947 - يىلى مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنغان ئىدى. شۇنىڭدىن بۇيان ئۇنىڭ شېئىرلىرى ھەر قايسى گېزىت - ژۇرناللاردا بېسىلىپ كەلمەكتە. شائىرنىڭ «ئەلبوم ۋاراقلىغاندا» ناملىق شېئىرلار توپلىمى نەشرگە بېرىلدى. «قەدىمىي ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە شېئىرىيىتى» ناملىق توپلامنى نەشرگە تەييارلاۋاتىدۇ.

# ئىككى شېئىر

## بۇلاق

بۇلدۇقلاپ، ئۇرغۇپ چىققان سۈزۈك بۇلاق،
تاش يېرىپ، تاغ باغرىنى ئاقار بويلاپ؛
ھەر ياندىن قوشۇلغاندا بىر - بىرىگە،
بىر ئۇلۇغ دەريا بولۇر، تېشىپ يامراپ.

ھورۇنغا بۇلۇتنىڭ سايىسىمۇ يۈك،
سەپەردە قۇم باسار ئۇنىڭ بېشىنى.

5

ھەۋەسكە بېرىلمە، بېشىڭ ئايلىنۇر،
كوچىدا پاتقاقتا تېنىڭ لايلىنۇر.
شىشىدە جىم تۇرغان بىلەن ئىچكۈلىك،
مەسىلىكتە يىقىلساڭ پۇتۇڭ قايرىلۇر.

6

بىلىمدۇر تۈگىمەس، يېقالماس مۈلۈك،
بولغۇسى سەپەردە دەرياغا كۆۋرۈك.
نور بىلەن ئاسمانغا يول سالدى ئالىم،
قەلەم نۆۋىتىدە ئاسمانغا تۆۋرۈك.

1983 - يىل.

# رۇبائىلار

1

بۇ دۇنيا كىشىگە ئۇزۇن بىر مەنزىل، ①
كارۋانلار ئۆكسىمەي يۈرەر يىلمۇ-يىل.
بەرداشلىق بىرىشچۈن بۇ ئۇزۇن يولدا
ئىلىم-پەن لازىمدۇر، بۇنى ياخشى بىل.

2

تارىخنى ئوقۇدۇم، كۆپ چاغ ئۆتۈپتۇ،
ئەجداتلار ئەجرىدىن گۈل، باغ ئۆسۈپتۇ.
كۆردۈمكى، ئەجداتلار كۈچ-قۇدرىتىدىن
بىنا بوپ شەھەرلەر، تاغلار كۆچۈپتۇ.

3

نادانلىق كىشىنىڭ بەختىگە كىشەن،
دانالىق-ئۆمۈرنىڭ ئىقبالى، ئىشەن.
ماھارەت-جاپالىق ئەمگەكتىن كېلۇر،
بۇ ئەقىل تېپىشنىڭ چوڭ يولى، چۈشەن.

4

ئەل ياخشى كۆرمەيدۇ ھورۇن كىشىنى،
قار باسار ئۇنىڭكى قالغان ئىشىنى.

① بۇ مىسرا «قۇتادغۇ بىلىك» دىن.

سۇلىرىڭ ئاقماقتا ئالتۇن ۋادىغا،
ئاقماقتا ئۆركەشلەپ بەكمۇ شاۋقۇنلۇق.
كەلدىمەن قېشىڭغا بولۇپ مەھلىيا،
بولغاچقا چىن مېھرىڭ شۇنچە يالقۇنلۇق.

نىمانچە گۈزەلدۇر بويلىرىڭ سېنىڭ،
زەر چېچىپ قىرلارغا قوشۇسەن زىننەت.
سېنىڭدىن سۇ ئىچىپ ياشنىغان باغلار،
بولۇپتۇ بەئەينى بىر گۈزەل جەننەت.

خۇددى توز قانىتى ئىككى ساھىلىڭ،
ئېچىلغان رەڭمۇ-رەڭ خۇش پۇراقلىق گۈل.
زوقلىنىپ باغلاردىن كەتكۈسى كەلمەي،
گۈللەرنىڭ شېخىدا سايرايدۇ بۇلبۇل.

قوشۇپتۇ ھۆسنۈڭگە يېڭىچە ھۆسۈن،
بويۇڭدا گۈللەنگەن يېڭى مەنزىرە.
ئىشچانلار ئەجرىدىن يارالغان بۈگۈن،
بۇ يەردە ھېساپسىز شانلىق مۆجىزە.

زەرەپشان، ئولتۇرسام سۈيۈڭگە قاراپ،
خىياللار مېنى ئۆز ئىلكىگە ئالدى.
ئۆتمۈشىڭ بىردىنلا كېلىپ يادىمغا،
قەلبىمنى تىترىتىپ قايغۇ-مۇڭ سالدى.

ئاقاتتىڭ بىر زامان تولۇپ قان-ياشقا،
قاخشىغان خەلقىنىڭ زارىنى ئېلىپ.
ئاقاتتىڭ ھەسرەتتە تولغىنىپ ئەجەپ،
تۈگىمەس كۈلپەتنىڭ سازىنى چېلىپ.



**ئابدۇسەمەت خېلىل** 1937 - يىلى قاغىلىق ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. ھازىر يەكەن ناھىيىلىك تەشۋىقات بۆلۈمىدە ئىشلەيدۇ. ئۇ - نىڭ دەسلەپكى شېئىرلىرى 1952 - يىلىدىن باشلاپ كىتاپخانىلار بىلەن يۈز كۆرۈشكەن ئىدى. 1979 - يىلى جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىندى. 1982 - يىلى ئۇنىڭ «زەرەپشان چېچەكلىرى»، «زەرەپشان» ناملىق شېئىرلار توپلىمى نەشردىن چىقتى. ھازىر ئۇ «ھايات ئىلھاملىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى نەشرگە تەييارلىدى.

# زەرەپشان

گۈل - چېچەك پەسلىدە چىقىپ سەيلىگە،
زەرەپشان،
لىۋىڭدە كۆردۈم ئۆزۈمنى.
يۈرىكىم يايرىدى شۇ تاپتا مېنىڭ،
گۈل - چىمەن بويىغا تىكىپ كۆزۈمنى.



بوغدا ئابدۇللا 1941 - يىلى لەنجۇدا تىجارەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1965 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكولتېتىنى پۈتتۈرگەن. ھازىر ئۆز مەكتىۋىدە لېكتور بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە. ئۇ، 1982 - يىلىدىن باشلاپ جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

شائىرنىڭ دەسلەپكى ئىجادىي پائالىيىتى 1954 - يىلى «دېھقان قىزلىرى ھەققىدە قوشاق» دېگەن شېئىرى بىلەن باشلانغان. 1978 - يىلىدىن كېيىن ئۇنىڭ «باھار غۇنچىلىرى»، «يەلكەن» ناملىق شېئىر توپلاملىرى نەشر قىلىنىپ، جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

# ھېسلىرىم گۈلخان

## ئانا يەر

سېنى دېدىم، بىر سېنى دېدىم،
بالا كۈنۈم قۇچاقلىرىڭدا.
ئۆستۈم، كۆيدۇم، ياندىم ئاتەشتەك،
قىسمەتلەرنىڭ ئوچاقلىرىدا.

چىدىماي ئازاپقا بىگۇنا قىزلار،
تۆكەشكەن قوينۇڭغا ئۆزىنى تاشلاپ.
مۇزىكا ئۇستازى ئاماننىسامۇ،
چالاتتى ساتارنى كۆزىنى ياشلاپ.

ھىلمۇ ئېسىڭدە باردۇر زەرەپشان،
زەلىلى بويۇڭغا كەلگەن بىر زامان.
جۆر بولۇپ ھەسرەتلىك، مۇڭلۇق ناخشاڭغا،
ئەشئارلار توقۇغان، چېكىپ ئاھ-پىغان.

ئۇ چاغدا ئاقاتتىڭ يۈكەنسىز ئاتتەك،
سۇلىرىڭ قۇملارغا سىڭىپ كېتەتتى.
دىخانلار زار بولۇپ بىر تامچە سۇغا،
تەشنالىق ئىچىدە پەريات چېكەتتى.

گۇۋاھى سەن ئاشۇ قانلىق تارىخنىڭ،
ئۇ كۈنلەر ئۇنتۇلماس ئەبەدىل-ئەبەت.
تاڭ بىلەن قوغلىنىپ ئەلدىن جاھالەت،
زەرەپشان،
تاپتىڭسەن بەخت-سائادەت.

زەرەپشان، بويۇڭنى بىزەپتۇ بۈگۈن،
گوياكى ئوتقاشتەك رەڭدار چېچەكلەر.
قوينۇڭدا ياڭرايدۇ شاتلىق ناخشىسى،
ھەل بولغاچ بىر كۈتكەن ئارزۇ-تىلەكلەر.

چېچەكلەر ھۆسنىدە گويا كۈمۈشتەك،
يالتىرار كۆرەشچان خەلقنىڭ تېرى.
قوينۇڭنى تېخىمۇ گۈللەش يولدا،
تەر تۆكۈپ ئىشلەيدۇ بۈگۈن ياش-قېرى.

1982-يىل، يانۋار.

## سۇمرۇغ دەرىخى

سۇمرۇغ دەرىخى قىيادا،
شاخ-شاختا غۇچچىدە چىچەك ھال،
ئاستىدا لەيلەيدۇ ئاق تۇمان،
يول بېشى ئەرشتە ئېھتىمال.

شۇ شاخلار راست قانات بولسىدى،
شۇ قانات مېنىڭدە بولسىدى،
بوراندەك بىر ئۇچسام، تېرەكتە
ھۇقۇشلار كۆز تىكىپ قالسىدى!

## ئىلھام

مەدھىيە ساداسى ۋە ياكى ھەسەت
مەن ئۇچۇن بەرىبىر، پەرۋايىم پەلەك.
ھىسلىرىم گۈلخاندۇر لاۋۇلداپ تۇرغان،
چىرىمەس، يوقالماس، ئۇرپىرىماس تىلەك.

باقمەن ھاياتنىڭ ساھىللىرىغا،
كۆرۈمەن ئالدىنقى ئۈچمەس ئىزلارنى.
ئويلايمەن زۇۋۇلى شامالدىن بولغان،
ئەلدە يوق، چۆلدە يوق نىشانىسىزلارنى...

تەرلىرىم تىم-تىملاپ تامىدۇ يەرگە،
بىر ئۆزەم بىلىمەن، بىر ئانا تۇپراق.

سېنى دىدىم، بىر سېنى دىدىم،
چاچ ئاقاردى قار لەيلىسىدەك.
ئەقىدەمدە سۇلماس بىر باھار.
گۈزەللىگى گۈل تاجىسىدەك.

سېنى دىدنم، بىر سېنى دىدىم،
بار ئەجرىمنى دەرياغا سالدىم.
«بېلىق بىلگەي، بېلىق بىلمىسە،
خەلق بىلگەي» دىدىم،
شاتلاندىم!

## تاك ئاقاردى

قۇچاقلىدى بوينۇمنى ئوغلۇم،
يېنىپ تۇرغان كۆزلىرى يۇلتۇز.
چاچ ھەققىدە قويدى بىر سوئال،
ئەسكە چۈشتى
بىر قارا قۇندۇز...

ئاھ جىگىرىم، باغرىم، ئومىغىم،
سوراپ قالدىڭ، بوپتۇ خەيرىيەت:
بىر بېشىمدا كۆيگەن نەچچە ئوت،
ئەل بېشىغا چۈشكەندە كۆلپەت.

چاچلىرىمنى ئاقاردى دىمە،
تاك ئاقاردى دىگىنىڭ تۈزۈك.
ئىشەنمىسەڭ، سۈبھىگە قارا،
ئەنە شۇنداق ئاپپاق ۋە سۈزۈك.

لېكىن ئەلنىڭ يەكلىگەندىن
يۈز مىڭ ياخشى ئەجەل شەربىتى».

## مەجنۇنتالنىڭ تېگىدە...

مەجنۇنتالنىڭ تېگىدە
كۆرۈپ قالدىم مەن سېنى.
قولۇڭدا بار قىزىلگۈل،
كىمگە ئۈزدۈڭ سەن ئۇنى؟!

بولۇپ شۇنچە ئىنتىزار،
كەڭ ئاسمانغا قارايسەن.
شىلدىرلىغان سۇلاردىن
يار ۋەسلىنى سورايسەن.

ئايمۇ چىقتى قېيىقتەك،
قىزچاق، سېنى سالاي دەپ.
ئامرىغىڭنىڭ قېشىغا
ئۆزەم ئېلىپ باراي دەپ.

ياردىن كۆڭلۈڭ قالمىسۇن
ئىشلەپ قالدى بۇ كېچە.
ئەل ئۈچۈن تۆكۈپ تەرنى،
ساڭا سۇنار گۈل - غۇنچە.

## شائىرنىڭ قەۋرە تېشىغا

— بىر شائىرغا تەزىيە

قەۋرىگە قويۇلغان شۇ بەلگە تاشنى
ئەزىمەت تاغلارنىڭ پارچىسى، دېگىن.

ئۆمۈرنىڭ دولقۇنى غەرق قىلغىچە،
ھارىمەن ئېگىلمەي، سۇنماي ئاشۇنداق.

## گۈلنى تاشلىماڭلار...

گۈلنى تاشلاپ تۇپراققا،
كەتتى بىرسى يىراققا.
كۆرۈپ باغۋەن «ھەي!...» دىدى،
ئۇن يەتمىدى ئۇزاققا.

گۈلنى تاشلاپ تۇپراققا،
كەتتى بىرسى يىراققا.
گۈل دىگەننى، تەلمۈرگەن
قىسار مەيدە، قۇلاققا.

گۈلنى تاشلاپ تۇپراققا،
كەتتى بىرسى يىراققا.
نادان گۈلنى نە بىلسۇن،
دەسسىمەستىن يانتاققا!

## ئەينەك يەكلىسە...

تاش ئەينەككە قارىدى چوكان،
چاچلىرىدا بىرە-بىرە ئاق.
خىيال سۈردى: ياشلىق پەردەك
غىل-پال ئۆتۈپ كېتىپتۇ شۇنداق.

«توۋا، — دىدى ئەينەك دىگەنمۇ
يەكلەيدىكەن يەتسە نۆۋىتى.



**مەمتىلى زۇنۇن** 1939 ـ يىلى قەش ـ
قەر شەھەردە تۇغۇلغان. 1959 ـ يىلى شىن ـ
جاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات فاكول ـ
تېتىنى پۈتتۈرگەن. ھازىر قەشقەر ۋىلايەتلىك
سەنئەت ئۆمىكىنىڭ كەسپىي ئىجادىيەتچىسى،
جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.
ئۇنىڭ دەسلەپكى ئىجادىيىتى 1952 ـ
يىلى باشلانغان ئىدى. يېقىنقى يىللاردىن
بۇيان «كارۋان ناخشىسى». «ۋىسال سەھەرى» ناملىق شېئىرلار توپ ـ
لىمى، «گۈل مېھرى» ناملىق داستانى نەشر قىلىندى. «قۇچاقلا، ئۇ ـ
سىنىڭ داداڭ» ناملىق شېئىرى، مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق
باھالاشلاردا ئازسانلىق مىللەتلەر مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرى مۇكاپاتىغا ئې ـ
رىشتى. ئۇنىڭ يەنە «مەسلىھەت چېيى»، «رابىيە ـ سەئىدىن»، «كېچىك ـ
كەن توي»، «مۇقام ئۇستازى» قاتارلىق دىراما ئەسەرلىرى بار.

# ئىككى شېئىر

## باھار ۋەسلىگە يەتكەندە

نەمىشقا ئاھ دىسۇن بۇلبۇل باھار ۋەسلىگە يەتكەندە،
قارا تۈن ئىلكىدىن سۈبھى ـ باھار ۋەسلىگە يەتكەندە،

ئۇندا يوق نە ئىسىم، نە ياشىغان ياش،
تەكتىدە بىر ۋۇجۇت ياتىدۇ، بىلگىن.

بۇ ۋۇجۇت، زىمىنغا پۈتۈلگەن مىسرا،
ئۇندا بار ھارارەت، نۇر زەررىچىسى.
زەررىدىن زەررىلەر تۇغۇلۇپ تۇرسا،
دەيدۇ كىم تۇپراقتا قالدى گەۋدىسى.

1982 - يىل، ئاۋغۇست.



يىراقتا باقمسۇن قانداق ساماغا ئۆرلىگەن شۇڭقار،
داۋانلىق يولدا كەينىگە قارامدۇ قايرىلىپ تۇلپار،
خوشاللىق بەزمىسىدە ياش تۆكۈپ قىلغان كەبى ئاھ ـ زار،
شىپاتاپقان جاراھەتنى نە ھاجەت كوچىلاش تەكرار،
كۆلۈپ ئالغا باقايلى گۈلئۈزار ۋەسلىگە يەتكەندە.

1982 - يىل، ئۆكتەبىر.

## قېيىنانا ـ كېلىن

1

سىز ئۇچۇن ساددىم يېكەنداز، ئاق قىزىم،
مەرھەمەت، ھاردۇق ئېلىڭ، ئامراق قىزىم.
شامغا ئۇلاپ سۇبھىنى خىزمەت بىلەن،
قايتىسىڭىز ئىشقا سالاي قانداق، قىزىم؟!
بولدى، قول سوزماي تۇرۇڭ پەشتامىغا،
مەن ئەمەسمۇ شۇنچە ساغلام ـ ساق، قىزىم.
مېھرى ـ شەپقەت ئالىمىدە سىز مېنىڭ
نۇسخىسىز يالغۇز قىزىم سىز، تاق قىزىم.
كۆڭلىڭىز ـــ دەريا ئەزىم دولقۇنلىغان،
جان ـ دىلىمدىن ياشنىغان تۇپراق، قىزىم.
نى ئانا بولدى كېلىن ئىسكەنجىدە
قورۇلۇپ ئاپتاپقا يايغان قاق، قىزىم.
سىزنى ئوغلۇمغا نىسىپ ئەتكەن خۇدا،
بىزنى قىلدى گۈل بىلەن ياپراق، قىزىم.
سىز تېپەنكى، شات ـ خورام ئوغلۇم مېنىڭ،
نەۋرە ـ چەۋرەم بەختىمۇ پارلاق، قىزىم.

كېزىپ چول، جان ئارامى لەيلىزار ۋەسلىگە يەتكەندە،
ئارامبەخش لەيلىزار ئىچرە نىگار ۋەسلىگە يەتكەندە،
ۋىسال ئەيىيامىغا تەشنەئى - زار ۋەسلىگە يەتكەندە.

ئۇچۇپ كەتكەندە دىللاردىن جۇدالىق تامغىسى - غەملەر،
ئۆتۈپ كەتكەندە تەشنالىق يۈرەكنى ئۆرتىگەن دەملەر،
ئېقىپ تۇرغاندا جۇشقۇنلاپ ئەزىم دەريادا زەمزەملەر،
راۋا كۆرگەيمۇ گۈل بۇلبۇل كۆزىدىن تۆكسە شەبنەملەر،
ھاياتلىق باغلىرى كەۋسەر ئىپار ۋەسلىگە يەتكەندە،

جۇدۇنلۇق ئۇن زىمىستانىنىڭ قاباھەت ئۆتكىنى بەرھەق.
سەمىمى، ياخشى ئىنسانىنىڭ ئەلەملەر يۇتقىنى بەرھەق،
ئېشىپ چەكتىن زۇلۇم، ئەلنىڭ چىدامى پۈتكىنى بەرھەق،
نەجاتلىق ۋەسلىنى قان - تەر ئىزىدىن كۈتكىنى بەرھەق،
ئالارمىز ئىنتىقام دەپ، زۇلپىقار ۋەسلىگە يەتكەندە.

خالاس بولدۇققۇ بىر نەۋاخ ئاشۇ كۈلپەت - قىيامەتتىن،
قىيامەت دەھشىتىدىنمۇ يامان ئاپەت - ئالامەتتىن،
پۈتۈن ئەل بەھرىمەن ئەمدى پاراغەتتىن، ھالاۋەتتىن،
نىمىشقا كۈلمىسۇن دىللار ساقايغاندا جاراھەتتىن،
«ئىناق، تېچلىق» ئىسىملىك دىلخۇمار ۋەسلىگە يەتكەندە.

زامانەم تۆھپىكارى يول - نىشانىنى تۈزلىدى ئاخىر،
ھەقىقەت جەۋھىرىنى تەر ئىزىدىن ئىزلىدى ئاخىر،
دەۋرىنىڭ تىك قىياسىدا يىراقنى كۆزلىدى ئاخىر،
شىجائەت بىرلە ئوتتۇز يىل سىرىنى سۆزلىدى ئاخىر،
سۆيۈنمەس جان نىچۈن شاتلىق «قارار»① ۋەسلىگە يەتكەندە.

① «دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى پارتىيە تارىخىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا قارار» كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئۆزلىرى، ئەي ماھى تابانىم ئانا!
يوللىرىدا جاننى قۇربان ئەيلىسەم،
يوق مېنىڭ ئەپسۇس، پۇشايمانىم، ئانا.
ئۆزلىرىنى ئىشقا سالسام مەن تۇرۇپ،
چىدىغاي قانداقمۇ ۋىجدانىم، ئانا؟
ئۆزلىرىگە خاس يىكەنداز قوش قەۋەت،
چىقسىلا، ئەي مېھرى غەمخانىم، ئانا.
خونچىلاپ سىنچاي ئۇزاتتىم، ئالسىلا،
ئەي سۆيۈملۈك، مەڭگۈ مېھمانىم، ئانا.
ئۆزلىرىنى بىر ئۆمۈر قىلماق رىزا
مۇددىئايىم، ئارزۇ-ئارمانىم، ئانا!

1923 - يىل، ئىيۇن.

سىز ئۈچۈن سالدىم يېڭىدىن قوش قەۋەت،
دەم ئېلىڭ، گەپ - سۆزلىرى قايماق قىزىم.

2

ئەي ئانا، باغرىم، قەدىردانىم ئانا،
ھەمرىيىم، دوستۇم ۋە جانانىم ئانا.
ئۆزلىرى مېھرى - ۋاپا، شەپقەت - كۆيۈم
تەختىدە شاھى نوشىرۋانىم، ئانا.
سۇبھى - شام قىلغاچقا پەرۋىش ئۆزلىرى،
ئەترە چاچتى ئارزۇ رەيھانىم، ئانا.
تۈنجى رەت قىلدىم تەۋەللۇت قوشكېزەك،
قالمىدى جىسمىمدە دەرمانىم، ئانا.
ئايلىنىپ پەرۋانىدەك كۈن - تۈن بىدار،
قايتا جان بەخش ئەتتىلە، جانىم ئانا.
ئاتەشىن ئالقانلىرىدا بولدى ئەي،
شۇ سۆيۈملۈك ئىككى ئوغلانىم، ئانا.
يېڭىنە تۇتقان قوللىرىدىن ئۆرگىلەي،
ئەي مېنىڭ ئىشچان، تەلەپچانىم، ئانا.
قوللىرىدا تاپتىلەر پەرۋىش يەنە،
جۈپ قىزىم — نۇرانە چولپانىم، ئانا.
مەن — كېلىن، پەرزەنتلىرى ھەمراسى مەن،
ئۇ مېنىڭ مېھرى - ۋاپا كانىم، ئانا.
جۈپ كۆزۈم نەم كۆرمىدى، كۆڭلۈم ئەلەم،
زەررە يەتقۇر ئاھۇ - ئەپغانىم، ئانا.
دىل سۆيۈنگەچ شەپقىتىدىن بىر ئۆمۈر
ياڭرىغان شوخ كۈلكە - خەندانىم، ئانا.
ئول يۈرەككە پاك سۆيەت بەخش ئەيلىگەن،

گويا گۈلدۈرماما
گۈلدۈرلىگەندەك،
زېمىننى تىترەتكەن كەبى چاقماقلار،
ئېمىشقا چاقماقنىڭ ئالتۇن ئوتىدەك،
قەلبىمنى زىلزىلىگە سالدى ھاياجان؟
بۇ ئەجەپ ئەمەس،
ئالدىراپ يۈرگەندە ئۆز ئىشىم بىلەن،
ئەۋەتكەن خېتىڭنى ئالدىم تاپشۇرۇپ،
ئەي ئانا مەكتىۋىم، ئەزىز، جانىجان...

*     *

ئۆتتۈپتۇ ئوتتۇز يىل
ھەش-پەش دېگۈچە،
سەن يورۇق دۇنيادا تىكلىگەنگە قەد.
ئۇنتۇلۇپ قالمىدىم مەن سېنى پەقەت.
ئۆتتى ئوتتۇز يىل،
ئۆتتى ئۇ دەريادەك دولقۇنلۇق يىللار،
تارىخقا مۇناسىپ بولغان بىر زامان.
قانداقلا ئۆزگەرسۇن مەيلى تەغدىرىم،
مەكتىۋىم، سەن مېنىڭ ئېسىمدە ھامان!
ئېسىمدە تۇرۇدۇ تۈنۈگۈنكىدەك،
مېھرىۋان قوينۇڭدا ئۆتكەن ئۇ يىللار...
بىر يېڭى بىخلانغان سەندە نوتىدەك،
ئىدۇق كۆپ گۈدەك،
بىلىمگە، ساۋاتقا بولغاندۇق تەشنا.
ئوقۇغان سەندە،
بالىلىق دەۋرىمىزنىڭ ئەڭ يۇمران چېغى —



**قۇربان بارات** 1946 - يىلى ئاتۇش ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1962 - يىلى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكولتېتىنى پۈتتۈرگەن. ھازىر شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتىدا مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىمەكتە. 1963 - يىلىدىن باشلاپ جۇڭگو يازغۇچىلار جەمىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.

ئۇ ئەدەبىيات سېپىمىزگە 1956 - يىلى «كاككۇكۇمغا» دېگەن تۇنجى شېئىرى بىلەن كىرىپ كەلگەن ئىدى. شائىرنىڭ «يېشىل ھايات» ناملىق شېئىرلار توپلىمى جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى. 1980 - يىلى «ئاق روماللىق پەرىزات» ناملىق داستانلار توپلىمى نەشردىن چىقتى. 1984 - يىلى يەنە ئۇنىڭ

# سەن — بۈركۈت ئۇۋىسى،
# سەن — ئالتۇن بۆشۈك...

(بۇ شېئىرىمنى قىزىلسۇ ئوبلاستلىق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىغا بېغىشلايمەن).

نېمىشقا كۆزۈمگە ئىسسىق ياش كەلدى؟
نېمىشقا جىسمىمدا دولقۇن ئۇردى قان؟

ناخشمز ياڭراق.
ئاھ، ئۇ چاغ،
باھاردەك بىر مەزگىل ئىدى،
يېڭىدىن جانلىنىش ۋە كۆكلەش دەۋرى،
يېپ - يېڭى، توق قىزىل رەڭ ئالغان ئىدى
مەرىپەت ئەۋلادى كۆتەرگەن بايراق.

ئېسىمدە، ھۆرمەتلىك ئۇستازلىرىمىز،
خەلقىنىڭ ئەك ئىلغار، ئويغاق ئەۋلادى،
ئۇلارنىڭ ئاپتاپتەك ئىللىق چىرايى،
مېنىڭ كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ زادى.
ھە، ئۇلار
ئوزۇقلۇق ۋە ئاپتاپ بولۇپ،
ھەربىر تال نوتىغا بېغىشلايتتى جان.
ھە، ئۇلار
تەلەپچان، قاتتىق قول ئىدى،
ۋە لېكىن ئاتىدەك غەمخور، مېھرىۋان.
ئۇلارنىڭ ھاياتى - تەغدىرى كېيىن، _
خەلقتىن بولمىدى ھەرگىز باشقىچە.
مېھنىتى زور بولدى ۋە ئەجرى شانلىق،
دەرتنىمۇ تارتىشتى يېتىپ ئاشقىچە.
بەزىسى خورلىنىپ تۆھمەتلەر بىلەن
باغلاقتا ئېلىندى، تۈرمىدە ياتتى.
بەزىسى قوغلاندى بولدى يېزىغا،
كوچىدا ئولتۇرۇپ قوغۇنمۇ ساتتى.
يىللارنىڭ شۇ ئېغىر كارۋان يولىدا،
بەزىسى جان بەردى، بەزىسى ھايات.
ئۇچرىشىپ قالغاندا بىر ساۋاقداشلار

ئالتۇن چىغىمىز،
ئۇ چاغلار دولقۇنلۇق تەغدىرىمىزگە
بورانئەك باستۇرۇپ كەلمىگەن تېخى،
ئەجدىھا ئاغزىدىن پۈركەلگەن ئوتتەك،
زېمىننى قاپلىغان ئوتلۇق ئۇپقۇنلار.

ئېسىمدە،

ئىقبالغا بولغان ئىنتىلىش،
ئارزۇ ۋە ئۈمىتلەر، گۈزەل تۇيغۇلار،
ئۇ جۇشقۇن تۇيغۇلار ئىدى كۆپ يۈكسەك.
ئانا يۇرتىمىزنىڭ تۇپىسى بىلەن
ئۆزىمىز بىر - بىرلەپ قويغاندۇق كېسەك،
ئېسىمدە، ئازادە سىنىپلىرىمىز،
سايىلىقا يېڭىدىن سېلىنغان ئۇلار.
سىر پۇراپ تۇراتتى يېڭى پارتىدىن،
دوسكىغا تىكىلگەن — چاقنىغان كۆزلەر،
ھەر جۈپ كۆز مىسالى ئۈمىت يۇلتۇزى.
سائەتلەر كەينىدىن ئۆتۈپ سائەتلەر
يېڭى دەرس بولاتتى ھەر بىر كۈندۈزى.
يەنىلا سىنىپقا جەم بولار ئىدۇق،
كۈمۈشرەڭ يۇلتۇزلار چاقنىغان ئاخشام.
ئېسىمدە تۇرۇدۇ،
ئۇ چاغلار تېخى،
كەچلىك مۇزاكىرىدە ۋە ياتاقلاردا
لامپىلار ياقاتتۇق، ياندۇراتتۇق شام.
تاڭلىرى،
ماتا چاپانلاردا قىزىل گالستۇك،
ھەش دەسسەپ ئۆتەتتۇق،

ئۇلارنىڭ پەرۋازىدا ئۇرغان قاناتى
ئاسمانغا گۈلخانىنىڭ رەڭگىنى بېرىپ،
يالتىراپ تۇرۇدۇ روشەن ئۇپۇقتا.

ئەي ئانا مەكتىۋىم،
ئەي ئالتۇن بۆشۈك،
ئانامنىڭ ھىدى بار ئانا بۆشۈگۈم،
دۇنياغا تۆرەلدىم قايتا كۆز ئېچىپ،
يېڭىچە ئاڭ تاپتىم ۋە ئالدىم بىلىم،
قايتىدىن راۋۇرۇس بۆلەندىم سەندە،
سېنىڭدە سۈت ئېمىپ ئۆتكەن يىللىرىم،
ئۆمرۈمنىڭ ئەڭ گۈزەل ئەستىلىكلىرى
ھىلىمۇ ئېسىمگە كېلىدۇ پات ـ پات،
بۇلاقتەك جۇش ئۇرۇپ تۇرۇدۇ مەندە.
دۇنياغا تۆرەلمەك ــ ھاياتىي جەريان،
مەكتەپسىز بولمايدۇ لېكىن كۆز ئاچماق.
مەكتەپسىز ئىنسانلار قالىدۇ نادان،
تا قېرىپ ئۆتكىچە بولۇدۇ بوۋاق،
ئاغزىدىن نېنىنى تارتىپ ئالسىمۇ،
تۇرۇدۇ بوۋاقتەك ھاڭۋېقىپ قاراپ.
قالار نائىلاج،
قاسساپنىڭ ئالدىدا تۇرغان كالىدەك،
پەقەت كۆزلىرى
تۇرۇدۇ ياش بىلەن مۆڭلۈق يالتىراپ.

ئەي ئانا مەكتىۋىم
زور بولدى تۆھپەڭ،
ئەرزىيدۇ تەبرىكلەپ قىلساق تەنتەنە.

بۇلارنى سۆزلىشىپ قالىمىز پات ـ پات...
بىز دەيمىز:
ئۇلارنىڭ ئۆلمەس ئاۋازى
ئەسىرلەپ ـ ئەسىرلەپ بىردۇ سادا.
ئۇلارنىڭ مېھنىتى مەڭگۈ قالىدۇ
تارىخنىڭ ئالتۇندەك قۇرلىرى ئارا!

ئەي ئانا مەكتىۋىم،
ئەي نۇرلۇق چىراق،
سەن مەشئەل مىسالى ئوت ئېلىپ چاقناپ،
بولدۇڭ يورۇتقۇچى
ۋە ئىللىتقۇچى،
زىمىستان سوغاقنى ھەيدىگەن ئاپتاپ،
ھەم قىلدىڭ كۆڭۈلنى زۇلمەتتىن يىراق.
ئاھ، كۆڭۈل زۇلمىتى—
ئەجەللىك زۇلمەت...
خەلقىم ئاز تارتمىغان ئۇنىڭ دەردىنى.
زامانىنىڭ ھاياتى چۈشەنچىلىرى:
بىرلىك ۋە ئىتتىپاق،
ۋەتەن ۋە مىللەت،
ئويغىنىش، ئىلغارلىق، پەن ـ مەدىنىيەت
ئەسىرلەپ ـ ئەسىرلەپ يات بولدى بىزگە،
زۇلمەتنىڭ ئىلكىدە قويدۇق ھەممىنى...
ئەي ئانا مەكتىۋىم،
ئەي ئىللىق ئۇۋام،
مىسالى سەن بۈركۈت ئۇۋىسى بولدۇڭ،
بۈركۈتلەر ماكانى بولغان شۇ يۇرتتا
سەندە ئۇچۇم بولدى سانسىز شۇڭقارلار،



**ئارسلان** 1946 - يىلى چۆچەك ۋىلايىتىنىڭ دۆربىلجىن ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1968 - يىلى مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن. ھازىر «تارىم» ژورنىلى تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇھەررىرى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.

شائىرنىڭ ئىجادىيتى 1962 - يىلى باشلانغان. ھازىرغا قەدەر ئۇنىڭ «ياشلىق يۇلتۇزلىرى»، «يۇلتۇزلار يۇرتى» ناملىق شېئىرلار توپلاملىرى نەشر قىلىندى. ئۇنىڭ «يۇلتۇزلار يۇرتى» داستانى مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى باھالاشتا مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئۇنىڭ يەنە «كۆلپەتلىك مۇھەببەت» ناملىق ئوپېراسى؛ «قىساس خەنجىرى» ناملىق كىنو سىنارىيىسى ۋە خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلغان «يايلاقتىكى بۇركۈت» قاتارلىق تەرجىمە ئەسەرلىرى بار.

# تۇپراق قىسسىسى

كېلەركەن، كېتەركەن شۇ جايغا ئاي - كۈن،
كەتكەندە چىدار كەن ئەجەپ پىراققا؟
مەن كەلگەن،
كەتمىدىم،

ۋەتەننىڭ، مىللەتنىڭ ئۈمىدى سەندە،
چىراق بول،
ئۈۋۋا بول،
بۆشۈك بول يەنە!
چوڭايسۇن كۆز ئېچىپ يەنە باغرىڭدا
بۇ قەدىم خەلقنىڭ ئوغۇل ۋە قىزى.
بارغانچە چوڭىيىپ كەتمىسۇن ھەرگىز
ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ كونا گۈمبىزى.
ئەۋلاتنى ئاسرىغىن،
بولغىن باشپانا،
ھە، ئۇلار يەنە
خۇراپات ئىلكىدە قالمىسۇن نادان.
نادانلىق ئۆلۈمدىن بىرىدۇ دېرەك،
بىر ئۈچۈن ئىلىم ۋە ھاياتلىق كېرەك،
بۈگۈنكى دۇنيادا
پەقەت بىردىن - بىر
سېنىڭ مەرىپەتلىك ئىللىق باغرىڭلا
ئىز باسقان نەسىلگە بېرەلەيدۇ جان!...

* *

سەن — بۈركۈت ئۇۋىسى،
سەن — ئالتۇن بۆشۈك!...

1984 - يىل، يانۋار.

شۇ يەردىن تاغلارنىڭ ئالماس باشلىرى،
ئارزۇلار قوينىدا تەۋلىنىۋاتتى قىز،
تۈن كەبى يېيىلىپ قارا چاچلىرى.
ھىجرانلىق سۆيۈشنىمۇ كۆرگەن مۇشۇ يەر،
ئۇزاققا سوزۇلار بۇنداق سۆيۈشلەر.
كۆرگەن ئوت چىققاننى كۆزنىڭ يېشىدىن
شەپەقتەك ئىسسىز ئوت ئاشۇ كۆيۈشلەر.
شۇ تۇپراق كۆرگەن شات كۈنلەر نازىنى،
ئۇپۇقتا كۈننىڭ كۆپ قىزارغىنىنى.
مۇھەببەت زوقىنىڭ دولقۇنلىشىدىن
ھاياتنىڭ ياشىرىپ ئۇزارغىنىنى.
ئانا تىنىغىدەك ئۇرۇلار شامال،
تۇپراق قىسسىنى پىچىرلاپ تەكرار.
تېگەر جەك ئوتىنىڭ تەپتى يۈزۈمگە،
بىھساپ خاتىرە بولغىنىدا يار:
لاي ئېتىپ كۆز ياشتا ئاشۇ توپىدىن
سالغانتى بوۋىلار سېپىل ۋە شەھەر.
شۇ ھايات بەختىنى قوغداشنى ئىستەپ
بەك ئۇزاق چۆللەرنىڭ چېتىگە قەدەر.
ھاڭتاشلار بېشىغا ياسىغان قورغان،
سىرداش بولۇشۇپ قېلىچ ـ قالقانغا.
ئاتلىرى پۇتىدا شۇ تۇپراق چېڭى
يولداش بولۇشقان تۈندە كارۋانغا.
بۇ تۇپراق تارتقان كۆپ ياۋۇز دەردىنى،
ۋە ئاچچىق پىغانلار ئۇچقان پەلەككە.
باغرىدا داغ بولۇپ قالغان قانلىق ئىز
پاتقاندا ئىستىلا تىغى سۆڭەككە.
ياش تۆككەن زۇلمەتنىڭ ئىسكەنجىسىدە

كەتمەيمەن ئەبەت،
قانمىغاچ يۈرىگىم مۇشۇ تۇپراقتا.
تۇغۇلۇپ شۇ يەرگە چۈشكەن ئىكەنمەن،
شۇ يەردە كۆزۈمنى ئاچقان تۇنجى رەت؛
تۈپىنى ئۇچۇملاپ قاراپ كېتىمەن،
كىندىكىم قېنىنىڭ رەڭگى باردۇ، دەپ.
شۇ يەرگە تامغانكەن تۇنجى كۆز يېشىم،
تۇنجى ھىس-تۇيغۇغا ئېرىشىپ يۈرەك؛
شۇ يەردە يۇمۇلاپ ئۆسكەن ئىكەنمەن،
باغرىمنى تۈپىغا يېقىپ ئۆمىلەپ.
شۇ تۇپراق تۈسى بار تېرەمدە مېنىڭ،
سۈرتۈمەن كۆزۈمگە سۆيۈنۈپ قەۋەت.
بۇلدۇقلار كۆز يېشىم،
قاينار قوشۇلۇپ،
كۆز ياشقا كۆز ياشتەك سۈزۈك مۇھەببەت.
بۇ شۇنداق مۇھەببەت، پۈتمەس مۇھەببەت،
سۆيمىگەن ئانىنى قاچان بالىسى؟
ئانىلار ئۇلۇغدۇر، لېكىن بۇ تۇپراق
شۇ ئۇلۇغ ئانىنىڭ ئۆلمەس ئانىسى.
بوۋىلار تۆرەلگەن ئاشۇ ئانىدىن،
نەجاتلىق بۆشۈكى بولغان شۇ ماكان.
مارجان كۆز بۇلاقلىق دالا-ۋادىلار
بەرگەن ئۆز باغرىدا ھاياتقا ئىمكان.
شۇ يەرگە سىڭگەن كۆپ سىرلىق نەپەسلەر،
ئايدىڭدا ئاشىقلار كۈلكىسى ياڭراپ.
مۇھەببەت چۈشىنى كۆرگەن غۇنچىلەر،
تۈن بويى يۈرەكلەر مۇڭىنى ئاڭلاپ.
شاھلارنىڭ تاجىدەك كۆرۈنەر ئىدى،

ئۈنىڭدىن ئۈنەر نان، مېھرىگىيالار،
بۇ ئادەم تېرىساڭ ئۈنۈدىغان يەر.
ئۈنىڭدا بال ھىدى، قىمىز ھىدى بار،
گۆھەرگە ئايلىنار تامچىلىغان تەر.
چىمەنلەر ياپىدۇ ئۈستىگە گىلەم،
بۇ تۇپراق گۈللەر ۋە قۇشلار ماكانى.
قوشاقلار توقۇيدۇ شاقىراتمىلار،
ئالەمگە داڭلىقتۇر ئۇسۇل، مۇقامى.
ئاھۇلار لەۋ قويسا زۇمرەت گىياغا،
بۈركۈتلەر ئۇۋۇلار ئېگىز قىيادا.
تۈلكىلەر ھىدىنى ھىدلىسا يولۋاس،
كۈيلىنەر باتۇرلۇق قىرى دەريادا.
تۇپراقتا تىزلىنىپ، قاتلىنىپ مەڭگۈ
چوققىلار سۆزلەيدۇ ئىشقىنى گويا.
تۇپراقتا ياقسا ئاي كەچتە مەڭزىنى،
تاغدا كۈن چاچ تاراپ چاچىدۇ زىيا.
شۇ يەردە ياشلىغىم باشلانغان ئىدى
ھاياجان سىردىشى چاتقال قىياقلار؛
شېرىن دەم تەمىنى تاپتىم شۇ يەردە،
گۇۋاھى قولۋاقلار، خىلۋەت قىرغاقلار.
شۇ يەردە ئۇچراتسام دەسلەپكى جەڭنى،
چوڭقۇر ھاڭ، تىك داۋان بولغانتى مەيدان.
شۇ يەردە مۈشكۈلنى يەڭگەنتى چىدام،
ھاياتىم بايرىغى بولغاچقا ۋىجدان.
شۇ يەردە قاينايدۇ ھايات ھىسلىرى،
شۇ ھىسلار ئۆگەتكەن ماڭا ناخشىنى.
ناخشىچى خەلقىنىڭ خەيرىخاھلىغى

قارلىق تاغلارنىڭ زەر تەختلىرى،
كىشەنلەر شاۋقۇنى ئاستىدا قالغان
ئانىلار پەريادى ۋە بەختلىرى.
توپىغا قوشۇلغان بوۋىلار بېشى،
شۇڭلاشقا بۇ توپا جاندىن ئەتىۋا.
سەھرالار يۇلغۇنى چېچەكلىرىدەك
قايتىلاپ كۆكلىگەن ئۈمىت ـ ئىلتىجا.
بۇ يەردە ئۆلمىدى ئەركىنلىك ئىشقى،
تارتىشتى بورانلار توختىماي نەرە؛
ئوغۇللار ئاقلاشقا قارا تەغدىرنى،
ياسىغان سۆڭەكتىن قانچىلاپ قەلئە.
بۇ يەردە ئۆلمىدى، كۆكلىدى ھايات،
تەۋرىدى تۇپراقتا يېشىل دولقۇنلار.
تۇپراقنى قوغدىغان مەرتلەر قېنىدىن
گۈل ـ چېچەك ھۆسنىدە ياندى يالقۇنلار.
بۇ شۇنداق تۇپراقكى، ھېكمىتى چەكسىز،
مىڭ ئۆي نەقىشىدە بار ئاشۇ تۇپراق.
ساقلار ئۇ ئوغلىنىڭ جەسەتلىرىنى،
بۇزماستىن قوينىدا مىڭ يىللاپ ئۇزاق.
ئۇنىڭدا ئالتۇن بار، ياقۇت، ئۇران بار،
ئۇ ئەما كۆزىگە داۋا ـ تۇتىيا.
قەدىم ئالتۇن يولى ۋە يىپەك يولى
شۇ تۇپراق مېھرىدىن بولغانتى بىنا.
شۇ تۇپراق پۈتكۈزگەن قانچە قەسىرنى،
نە قەبىر، تاغلارنى كەلگەن كۆتۈرۈپ.
بېشىدىن ئۆتكۈزدى مىڭلاپ ئەسىرنى،
تارىخنى سىلجىتىپ، بەزەن چۆكۈرۈپ.



ئوسمانجان ساۋۇت 1945 - يىلى ماناس ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1966 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكولتېتىنى پۈتتۈرگەن. ھازىر ساۋەن ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.

شائىرنىڭ تۇنجى شېئىرلىرى 1961 - يىلى جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشكەن. 1984 - يىلى ئۇنىڭ تۇنجى شېئىرلار توپلىمى «ئالمىدەك يۈرەكتە ئالەمچە سۆيگۈ» نەشر قىلىندى.

# سۈزۈك قەترىلەر

## ئالتۇن بۇلاق

جانان قىرغاقلارغا ئۇرۇلار كۈمۈش
سۇ ئاقسا ئاھۇ كۆز ئالتۇن بۇلاقتىن.
قەترىلەر ئېقىنى ياڭراتقان ناۋا
بەھرىمەنى ئاچىدۇ كەتمەي قۇلاقتىن.

كۆچ بىرەر قەلبىمگە سەھەر - ئاخشىمى،
شۇ يەردە دولقۇنلار چىللار سەپەرگە،
تاڭ ئەنە كۆتەردى كۆننى ئۇيۇقا.
گۆرۈلدە، جەڭ ئوتى،

شولاڭدا مەڭگۈ
پۆركەي شۇ تۇپراقنى رەڭدار يوپۇقا...
توپنى ئوچۇملاپ سۆيۈپ كىتسمەن،
زىمىننىڭ تىنىغى كىرەر قۇلاقا.
شۇ توپا باي سۆيگۈ، ئارزۇ، ئۈمىتكە
ئۇرۇلار ئانامنىڭ ھىدى دىماقا.
كىلەركەن، كىتەركەن شۇ جايغا يىللار،
كەتكەندە چىداركەن ئەجەپ پىراقا.
مەن كەلدىم،
كەتمىدىم،
كەتمەيمەن ئەبەت،
ئۆلگەندە باش قوياي ئانا تۇپراقا.

1981 - يىل، 31 — نويابىر.

ئالەمگە جىلۋە قىلىپ باقىقىنىدا؛
سايىلىق مەلىلەردە ئويناق ئېقىن
يالتىراپ ئالتۇن بولۇپ ئاقىقىنىدا؛
تاڭ ئىشقى يۈرىكىمگە ئوت قويۇدۇ،
قۇللۇق دەپ تاڭغا شۇ چاغ تېۋىنىمەن.
بارمىدۇ شۇ تاڭدىنمۇ چىرايلىق دەم؟!
(تېپىپ كۆر، تاڭ ھۆسنىدىن قېنى ئۇۋەن؟)
قارايمەن زوقۇم بىلەن شۇ تاڭدا مەن
گۈللەرگە، پۆرەكلەرگە، قىياقلارغا.
تاڭ قېلىپ، شات ئۆتۈمەن ھويلىلاردىن،
ئايىمدۇ، كۆنىمدۇ دەپ سىياقلارغا...
ئۇچرايدۇ شۇندا ماڭا يۇرتداشلىرىم،
ئۆتۈمىز شۇنداق ئوبدان سالاملىشىپ.
ئۇچرىسا، بوۋا دەيمەن ئاقساقاللار،
بىلدۈرۈپ ھۆرمىتىمنى، ئەھۋاللىشىپ.
ئۇچرايدۇ ساۋاقدىشىم، قۇرداشلىرىم،
شۇ ھامان ھەزىل - چاقچاق باشلىنىدۇ.
مېھرىمىز قۇدرىتىدىن يايرايدۇ جان،
دىللاردا گويا دېڭىز چايقىلىدۇ...
ئۇچرايدۇ شاگىرتلىرىم، ياش يوپۇماق،
يۈزىدە غۇنچىلەرنىڭ كۈلكىسى بار.
سالام دەپ باش ئېگىدۇ، يۈرىكىدە
قەدىردان ئۇستازىغا سۆيگۈسى بار...
خوشالمەن يۇرتداشلاردىن، يۇرتۇم ماڭا
غۇرۇر ۋە خوشاللىقنى تامام بەرگەن.
ئېيتقىنا، قانداق ياخشى دىدارلىشىش؟!
ئېيتقىنا، قانداق ياخشى سالام بەرگەن!

قىياقلار بەرگىگە بەخش ئېتەر جۇلا،
زىلال سۇ مەۋجىگە لىپمۇ - لىپ چەشمە.
ئاھ! بۇلاق سۇلىرى، ئاقە، سېنىڭدىن
مايىسلار ۋەسلىدە نازۇ - كەرەشمە.

ئۇچۇملاپ ئىچسەن قانماستىن زىنھار،
تومۇردا نۇر ئاقار، كۆن ئاقار شۇ ئان.
لاچىندەك قاناتلىق سەزدىم ئۆزەمنى،
كۆزلىرىم ئورنىدا ياندۇ چولپان.

نەقەدەر خىسلەتلىك، مۇقەددەس سۇ بۇ،
قايتقاندەك بولدى ئۇ ئون توققۇز يېشىم.
ئىچتىمۇ بىر ئۇچۇم (مۇھەببەت بەلكى؟)
گوياكى ئاسمانغا تاقاشتى بېشىم.

ئاھ! بۇلاق سۇلىرى، ئابىھاياتسەن،
سەن بىلەن ياشنايدۇ يۈرىگىم مېنىڭ.
سۈت بەرگەن، قۇت بەرگەن ئوغۇل - قىزىڭغا
ئانا يەر — بۇلاق ئۇ كۆكسىڭدۇر سېنىڭ.

## يۇرتۇم تېغى

قەلبىمدە كۆلۈپ ياتقان ئارمىنىمدەك
چىرايلىق نۇرلۇق تاغلار ئاتقىنىدا؛
باغدىكى قىزىلگۈللەر تەردېنى
بۇلبۇللار قوشىغىغا قاتقىنىدا؛
سالام دەپ ئۈشىك ئېچىپ كۆكتە قۇياش

قاقما، باغرىم، قېرىنندىشىم، ئۈستۈڭنى،
مەن ئۈنىڭدىن شاھ مۇقاملار ئاڭلايمەن.
شاۋقۇن سالار دەريالىرىم، زەر قىرغاق،
خىيالىمدا دەريالارغا قارايمەن...

قاقما، باغرىم، قېرىنندىشىم، ئۈستۈڭنى،
ئۇ ۋەتەننىڭ تۇپرىغىدۇر تۇتىيا.
يۈرىگىمگە تاشلاپ ھىجران ئىزىنى
يارا سالغان ئۇندا ئۆسكەن ھەر گىيا.

ئىنسان پەقەت ئۈچ نانغىلا توياركەن،
توياركەنۇ، نان غېمىنى قوياركەن.
غاپىللىقتىن ئۆچسە ئەقىل شاملىرى،
ئۆز كۆزىنى ئۆزى جەزمەن ئوياركەن...

بۇلبۇل سۆيەر تىكەن قىزىلگۈللەرنى،
بولسىمۇ گەر غوللىرىدا تىكىنى.
بولالمىدىم بىر قوشكىزەك، ۋاي ئىست،
تاغلار كېلىپ باسسىمۇ گەر ئاز مېنى.

قاقما، باغرىم، قېرىنندىشىم، ئۈستۈڭنى،
ئۇ زەررىلەر سەرخىل شولا چېچىشتا.
بىر زەررىگە تەسەددۇقتۇر مىلك ھايات،
قىيالمايمەن ئۇنى ھەرگىز قېقىشقا!

قاقما، باغرىم، قېرىنندىشىم، ئۈستۈڭنى،
توزىمىسۇن يۇرتتىن كەلگەن توزاڭلار.

هەر كۈنى ئۆتەمەن مەن كوچىلاردىن،
ماڭا ھەم، يۇرتۇمغا ھەم ھەر كۈن يېڭى؛
يالجىغاي! ماڭا ئەزىز، ساڭا ئەزىز
يۇرتداشلار ۋە ئۇلارنىڭ ئالتۇن تېڭى.

## توزاڭ قەسىدىسى

(بىر مۇھاجىرنىڭ چەتئەلگە چىققان ناخشىچىمىزغا ئېيتقانلىرى)

قاقما، باغرىم، قېرىندىشىم، ئۈستۈڭنى،
توزىمسۇن يۇرتتىن كەلگەن توزاڭلار.
ئۇنى سۈرەي كۆزلىرىمگە، سۆيەيمەن،
مەن ئاداشقان، تېنەپ قالغان قوزاڭلار.

قاقما، باغرىم، قېرىندىشىم، ئۈستۈڭنى،
قىنسۇن ئۇلار ئۈستۈمگە، ياق، قەلبىمگە.
ئانا يەرنىڭ زەررىسىدۇر ئۇ توزاڭ،
نۇر بولغۇچى مەن ئايرىلغان بەختىمگە.

قاقما، باغرىم، قېرىندىشىم، ئۈستۈڭنى،
پۇراپ ئالاي باغلىرىمنىڭ ھىدىنى.
ئېپار چېچەك، ئېپار غۇنچە، ئېپار گۈل
يۇيۇۋەتسۇن دىلدىن ھىجران دېغىنى.

قاقما، باغرىم، قېرىندىشىم، ئۈستۈڭنى،
ئۇ زەررىلەر تەۋەررۇكتۇر مۇقەددەس.
مەن كۆرۈمەن تىيانشاننى ئۇنىڭدىن،
كۆمۈش چاچلىق، مەغرۇر ئۇلۇغ زەبەردەس.

دېدى ئۇ: «ئوخشايدۇ تېخى بۇرناكۆن،
مەن ۋە سىز ئېلىشۋەتكەن ئاشۇ تىرناققا!»

ئاسماندا ئۈزۈدۇ نازۇك ھىلال ئاي،
قارايدۇ زوقلىنىپ — ھىلال ئاي قىزىم.
ئۈچىمىز قارايمىز بىر - بىردىمىزگە،
قەلبلەردە ئاجايىپ يالقۇنلۇق سېزىم.

## قېمىز ئىچكەن مىنۇتلار...

قېمىز قۇيدۇڭ، قېمىزدا
كۆردۈم گويا چېھرىڭنى.
دىل يورۇدى قېمىز دەپ،
قۇيدۇڭمىكىن مېھرىڭنى.

يىلقا يىگەن ئوت - چۆپلەر
ئاتەشمىدۇ؟ ئوتمىدۇ؟
قېمىز تۇتتى يۈرەكنى،
ئاڭا شىپا يوقمىدۇ؟

قېمىز قۇيدۇڭ، قېمىزدا
كۆردۈم ئاينى، يۇلتۇزنى.
قېمىز بىلەن يۇتتۇم مەن
قېشى قارا قۇندۇزنى.

قېمىز قۇيغان قېمىز قىز،
كۆڭلۈم ئۆتەر سېنى ئىزلەپ.
كۆرسەم سېنى جىدەل قىپ
قول سۇنارمەن قېمىز دەپ...

1983 - يىل، ئاۋغۇست.

ئۇنى سۈرەي كۆزلىرىمگە. سۆيەيمەن،
مەن تېنىگەن ئۆز كىشىڭلار، قوزاڭلار...

982 . - يىل، مارت.

## ھىلال ئاي

ئاسماندا ئۈزۈدۇ نازۇك ھىلال ئاي،
قارايدۇ زوقلىنىپ ھىلال ئاي قىزىم.
سۆيۈنۈش چايقىلار (سۈتتەك قەلبىدە)
چايقىلار رىياسىز بىر ھىس، بىر سېزىم.

موندىلاق قولىنى سوزۇپ ئاسمانغا
«ئاي چىقتى، ئەنە ئاي» — دەيدۇ ئېتىلىپ.
ئەپتىدە ھىلال ئاي سەبىلىگى بار،
قىزىلگۈل ئۇ گويا تۇرغان ئېچىلىپ.

لىپ قىلىپ كۆڭلۈمدىن كەچتى شۇ مەھەل
سىناپچۇ زېھنىنى دىگەن بىر خىيال.
سوئالىم ھىلال ئاي ھەققىدە ئىدى،
تۆكىسىدى قىزىمنىڭ تىلى شېرىن - بال.

— نىمىگە ئوخشايدۇ؟ — دىدىم، — ھىلال ئاي —
نۇر تۆككەن ئورمان، باغ، دەشت، دالا، تاققا؟
دىدى ئۇ: «ئوخشايدۇ سىز بۈگۈن سەھەر
ھارام شاخ چاتىغان ئاشۇ ئوغاققا!»

— يەنىچۇ، — دىدىم مەن، كېلىپ مەسلىگىم،
(تاپقان سۆز يىقىلماس ھەرنە چىرماققا!)

بادام دوپپا، چىمەن دوپپا، ئاقار يولدا تۇمەن دوپپا،
ياقار ھەركىم لىۋىگە لەۋ سائادەت دىلبەرى كەچتە.

سادا بەرسە راۋاپ تارى قىلىۇر بۇلبۇل غەزەلخانلىق،
بەلەن سازەندە قەشقەرلىق يىگىتنىڭ ھەر بىرى كەچتە.

چىلىشتىن شان ياراتقان كۆن ئۆچۆن تىللاردا تەبرىكلەر،
ۋىسال كۆكىدە ئۇينار شوخ مۇھەببەت كەپتىرى كەچتە.

ئىلىم ئىشقىدا كۆيگەنلەر ئىجات ئاتلىق جانان ئىستەر،
تولار ھىكمەت نۇرى بىرلە كۆڭۈلنىڭ دەپتىرى كەچتە.

ئۆيى يوقمۇ دىمە، رەستە بويىدا بەزمە قۇرغاننى،
بىھەر سۇلتان ھوزۇرنى ساماۋەر كەۋسىرى كەچتە.

ئەگەر شائىرى مەجنۇنسەن، كىرۇپ كەت بۇ مۆجىزاتنى،
بۇ يەڭلىغ بىر بازار بولماس بۇ ئۆلكەم ھىچ يېرى كەچتە.

## قەشقەر باغچىسى

ئەنە لەيلى، ئەنە ئەترە، مىسالى گۈل بازارى بۇ،
گۈزەللىكتە تېڭى يوق باغ، بەھىشنىڭ ئىنتىزارى بۇ.

سىماپتەك كۆل گويا باغۋەن ئەزىز مېھمانغا تۇتقان جام،
ھىدى خۇش بۇي، خىيابانلىق، ھوزۇرى جان ئارامى بۇ.

ئېرىق بويىدا مەجنۇنتال، سۇنىڭ ئەكسىدە جۇپ شولا،
سەير ئەتمەكنى ئىستەر كىم، ئىسىل مەنزىل قارارى بۇ.



**ئەبەيدۇللا ئىبراھىم** 1950 - يىلى چىرىيە ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1976 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن. ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى، «شىنجاڭ ياشلىرى» ژورنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى.

شائىرنىڭ تۇنجى شېئىرى 1962 - يىلى «خوتەن گېزىتى» سەھىپىلىرىدە ئېلان قىلىنغان. ئۇنىڭ «كۆكلەم»، «يۇلغۇن چېچىكى»، «ھەسەن ۋە ھۆسەن» قاتارلىق شېئىر ۋە داستانلار توپلاملىرى، «سىرلىق كارۋان» ناملىق كىنو سىنارىيىسى بار. «مېھمان» قاتارلىق بىر قانچە ھېكايىلىرى بار.

# غەزەل ۋە مۇخەممەسلەر

## قەشقەردە كەچ

ئەمەستۇر لاپ، دىسەم قەشقەر سەيرىنىڭ مۇنبىرى كەچتە،
گۈزەل ھۆسنى شەپەق رەڭلىك شەرقىنىڭ بىر گۈلى كەچتە.

بېغىڭنىڭ لالىسىدەك ئۈز چىچەك-نۇسخە نەپىس مونچاق،
نە مونچاق، چېھرىدە قىزنىڭ جۇلاسى نۇر — ھۆكەر، ئۇستا.

بېرىپ ھىكمەت سۆيىدە دەم سوقارسەنكى قۇرۇچتىن تىغ،
نە تىغكى، سۆلتى ئەرگە سېنىڭدىن يادىكار، ئۇستا.

ئۆتەر يىللار، لېكىن ئەجرىڭ بۈيۈك سەنئەتكە شاھىتتۇر،
نە شاھىت، شاھىدى تارىخ، يەنە تاپ شان - زەپەر، ئۇستا.

1979 - يىل، سېنتەبىر، قەشقەر.

## مۇقام ھەققىدە مۇخەممەس

نەغمىنىڭ تىلسىز مۇڭلىرىنىڭ ئاۋازى ئىنسان
روھىغا مەنىۋى ئوت تۇتاشتۇرغۇچى ئامىلدۇر.

— «تارىخىي مۇسىقىيۇن» دا ئەبۇ نەسىر فارابىنىڭ «رىسالەئى
مۇغەننىيۇن» ناملىق كىتاۋىدىن كەلتۈرۈلگەن نەقىل

ئايا ساقى، شاراپ تۇت، بىل بۇ دەم ئىلھام ماڭا ئۈلپەت،
نە ئىلھام، بىر زىبا گۈلئۈز مېنىڭ بىرلە قىلۇر ئىشرەت،
نە ئىشرەت، ئىشرەتى نەزمەم قۇرىغا گۈل تىزار رەت - رەت،
ئايان بولسۇن كۆيۈمدە كۆي ئاتاسى بىر بۈيۈك سەنئەت،
شاراپ تۇت، ياق، مۇقامىڭ چال، چېلىپ دوستۇڭغا بەر رىغبەت.

تۇغۇلسام ئۆي ئىكەن نامرات، ئۇقەت چاغلىق، بىسات ھەم ئاز،
لېكىن كۆردۇمكى، تۆر تامدا نەقىشلىق داپ بىلەن جۈپ ساز،
قاچانكى مەن سوراپ قالدىم: پەقىرگە بۇ نىمە پەرداز؟
ئاتام ئېيتتى: ئۇنى چالساق، قوساق ئاچ گەر، لېكىن مۇڭ ئاز،
شۇ ئان سايراتتى تەمبۇرنى، ماڭا كۆرسەتتى بىر ھىكمەت.

شېكەر شەنبە سامادا ئەل، ئاۋات يەكشەنبە ھەر ئان كۈي،
نە كۈيكى، دىلنى مەپتۇن ئەيلىگەن بۇلبۇل ئاۋازى بۇ.

قېنىق كۆك چاي خۇمارى دىل، شېرىن سۆھبەت كۆڭۈل مەيلى،
ساتار بىرلە مۇقام تەشنا يۈرەك ئاشناسى — يارى بۇ.

ئاشۇ گۈلشەندە مەشرەپتە بىھاجەتتۇر تەكەللۇپمۇ،
كىمكى كەلسە تۆردىن جاي ئالۇرلەر، ئۆز دىيارى بۇ.

ھەۋەس قىلساڭ، ياران، قەشقەر بېغىنى بىر تاۋاپ ئەتكىن،
بەخت جامىدا مەي يۇتقان ئازات ئەلنىڭ باھارى بۇ.

## قەشقەر ئۇستىسىغا

ھۈنەرۋەنگە پىرى ئۇستاز، قولى گۈل ئەي چېۋەر، ئۇستا،
ئاياندۇر شۆھرىتىڭ ئەھلى جاھانغا شۇ قەدەر، ئۇستا.

سېنىڭ بىرلە ئاتالغاندۇر ھۈنەرلەر قىبلىسى قەشقەر،
سىڭگەردىڭ ئەل - ۋەتەن نامى يولىدا قانۇ - تەر، ئۇستا.

ھۈنەر بابىدا ھەيراندۇر يېتۈك ئەقلىڭگە ئەپلاتۇن،
قارا مىس ئايلىنار زەرگە قولۇڭ تەگسە ئەگەر، ئۇستا.

ياسايسەنكى، ياغاچتىن گۈل تىزىپ ھەر تۈرلى ساز - ئەسۋاپ،
نە سازكى، كىم ئىشتكەي بىر ناۋا، «بۇلبۇلمۇ» دەر، ئۇستا.

چىمەن دوپپاڭ چىمەنزارى بېرەر جەننەتكە ئەندازنى،
نە ئەنداز، پەردازى جەننەت گۈلىدىن بىنەزەر، ئۇستا.

جاھان سەلتەنەت كۆكدە ئەل مۇقامنى ماھى چولپان دەر،
چىمەنىدە شەرقىنىڭ بۇ كەبى چولپان تۇغۇلغان دەر،
كى بىلمەسلەر سورار — بۇ يۇرت نىچۈن داڭدار ئاتالغان دەر،
بىلەر كىم: ھەر گىيا، ھەر جان ئۇسۇل، كۆيدىن يارالغان دەر،
شۇبۇ نام بىرلە ئالەمگە تونۇلدى بۇ ۋەتەن جەننەت.

ئىجات شۇكۇقارى نەسلىمنى نىچۈن مەن ئىپتىخار بىلمەي؟
مېنى چوڭ قىلدى شۇ ئەجدات مۇقام بىرلە ئېيتىپ ئەللەي،
ئۇ تۇتقان ساز - تەۋەررۇكنى نىچۈن بىر ياخشى يار بىلمەي؟
ئۇنى جان بىرلە قوغداشنى نىچۈن ئەھدۇ - قارار بىلمەي؟
نومۇسچان ھەر مىراسخور تاجىدا بۇ دۇركى بىر زىننەت.

سورالسا گەر مىراسخور تۆھپىسى مەنكى ھامان پەستە،
ئۇمىتكە ھېچ جاۋابىم بولمىدى ئوتتۇزغا يەتمەستە،
قۇرۇق گەپتىن ئۇزۇپ قول، ئىش قىلاي دەپ گۆرگە كەتمەستە،
ئايان قىلدىم ئىرادەم گال قەلىمىم بىرلە مىڭ تەستە،
بولۇر ئارزۇ شىرىن قانچە، لېكىن كۆلمەيدۇ بى مېھنەت!

1980 - يىل ماي، ئۈرۈمچى.

يۈرەك - باغرىمنى ئېزىلبەستى تۈمەن بازغانۇ - سەندەلدە،
كى بولدى شۇ مۇقامنىڭ مەرغۇلى بىر مۇڭنى بەرگەندە،
ۋە سەزدىم شۇ مۇقام ئەۋجى بىلەن پەرھات كۈچى تەندە،
غېمىم يوقتى مادارىدىن تاغلىنى مىڭ پارە ئەتكەندە،
نە تاغ، ئەھلى مۇقامغا ئەيلەدىم تاغدىن ئېگىز ھۆرمەت.

ھالا شۇندىن بېرى دىلبەر - سەنەم خەندىگە ر[illegible]م يوق،
نىگارىمكى مۇقام، ئۆزگە نىگاردىن ھىچ تامايىم يوق،
نىگاركى مېھرى يالقۇنلۇق، ئۇنىڭسىز دىل ئارامىم يوق،
ئۇنى سۆيگەن كەبى سۆيگەن يەنە بىر خۇش ناۋايىم يوق،
ئەگەر تەشنا بىتاپتۇرمەن، مۇقامدۇر نەق شىپا - شەرۋەت.

سىگاھ ئويغاتسا ھەر تاڭدا، يېشىل قىرغاقنى سەيلە ئەتسەم،
سېغىندىم چىن گۈزەللىكنى مۇقامى چەببىيات چەكسەم،
چېلىپ مەن چارگاھ، دەيمەن ئەجەمدىن ئۆز ئانا ئۆلكەم،
يېپىشقايمەن مۇشاۋرەك ۋەجدىن چىنلىققا مۇستەھكەم،
كى ئېيتسام پەنجىگاھ، يۈكسەك تۇيۇلدى بۇ ئەجىر - مېھنەت.

كى ئۆزھال — ھالى مەزلۇمنىڭ، نە مەزلۇم بولمىسۇن غەمناك؟
ئازاتلىق دەپ ئازاپ چەككەن بوۋام دادى مۇقامى راك،
باياتى — باتۇر جەمەتىمنىڭ تېگىنى ئەسلىتۇر ھەر ۋاق،
جۇدالىقتا ئۇشاقتىن ھەر جۇنۇن دەرمان ئالۇر ئانداق،
ناۋانىڭ قۇدرىتى نىمچانىمۇ ئەيلەر باھادىر - مەرت.

تەكەللۇپ بىرلە جەننەتتە قىلۇرمەن گەر غەزەلخانلىق،
تاپار مەندىن مۇراتقا ھۆرلەر ھاسىلى ئىمكانلىق،
نە ھۆر، چالسام تىرىكلەر جىسمىدىن قاچقاي پەرىشانلىق،
تىۋىپلەر ئوردىسى ئىچرە مېنىڭدۇر تەختى سۇلتانلىق،
قازاندىم شۇل سەۋەپ دىلكەش بولۇپ سەنئەتتە خوپ شۆھرەت.

ئايىغىدا يۇمشاق كەش،
ئانا ماڭار شىپىرلاپ.
بالىلىرىنى ئۇخلاشقا
دەۋەت قىلار پىچىرلاپ.

كىردى بالىلار يوتقانغا،
تېنچلاندى ئۆي ئىچى.
كېلەر پەقەت سائەتنىڭ
چىكىلدىغان تىۋىشى.

تىرىقلىدى دەرىزە،
ئانا چۆچۈپ بولدى لال.
تۇرۇپ قالدى خۇيلىنىپ
كىتاپخان، بۇ نىمە هال؟

ئانا ئۇيلار بۈگۈنمۇ،
يوقمۇ ئاڭا ئاراملىق؟
چىدامدۇ ئۇ مۇشۇنداق
بولۇۋەرسە داۋاملىق؟

كېچىمۇ كۆپ ۋاقتنى
ئۆتكەزدى ئۇ «جەڭ» بىلەن.
قايتىپ كەلدى، بىچارە،
هاسىراپ تۈن تەڭ بىلەن.

دوختۇرغىمۇ جان كېرەك،
چۈشەنمەمدۇ خەق بۇنى؟



**مۇھەممەت شاۋۇدۇن** 1942 - يىلى كۇچاردا تۇغۇلغان. 1960 - يىلى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكولتېتىنى پۈتتۈرگەن.

شائىر ئەدەبىيات سېپىگە 1958 - يىلى قەدەم قويغان. 1981 - يىلى ئۇنىڭ تۇنجى شېئىرلار توپلىمى «يۈرەك ناخشىلىرى» نەشر قىلىندى. ئۇنىڭ يەنە خەنزۇ تىلىدىن تەرجىمە قىلغان «ئون يىلغا مەدھىيە»، «شىمشادىكى جەڭ» قاتارلىق تەرجىمە ئەسەرلىرىمۇ بار.

ئۇ ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى، «شىنجاڭ گېزىتى» ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى.

# شېئىرلار

## تەرەققىيات دەرىزە

1

ئاتا ئەسنەپ كارۋاتقا
قىڭغايدى - دە، بولدى جىم.
ئۆچۈرۈلدى تېلېۋىزور،
دەپ قېلىشتى بالىلار «ئىسم».

كۆردى تۇرغان تەلمۈرۈپ
بىر ناتونۇش دىخاننى.

ئېيتتى دىخان ئاڭا هال،
(شۇنچە ئەنسىز ئاۋازى.)
كەلدى دوختۇر ئالدىغا
بىر كېسەلنىڭ ئازاۋى.

دوختۇر جابدۇنۇپ ئۆيدىن
چىقتى مېڭىپ ئاۋايلاپ.
ياپتى ئاستا ئىشىكنى
كەتمىسۇن دەپ تاراقلاپ.

*    *

تىرىقلايدۇ دەرىزە،
تېگىپ يامغۇر تامچىسى.
ئانا ياتار ئۇيقۇدا،
ياندا ئىككى بالىسى...

1984 - يىل، 18 - ئىيۇن.

## تەۋرىنىدۇ بۆشۈكتە بوۋاق

دەرىزىدىن چۈشەر ئاي نۇرى،
ئۆي ئىچىدە ئۇيقۇ تىنىغى.
تەۋرىنىدۇ بۆشۈكتە بوۋاق،
زەپ چىرايلىق ئۇنىڭ زىنىغى.

(تۇتتى شۇ دەم ئائىنىڭ
تېخىمۇ بەك جۇدۇنى.)

— تويۇپ كەتتىم ئەجەپمۇ، —
دېدى غۇڭشۇپ ئىچىدە، —
كىمدۇ چەككەن دەرىزە
بۈگۈن يەنە كېچىدە؟

تىڭشىۋىدى زەڭ قويۇپ،
ئەمەس ئىكەن ھېچ كىشى.
(تىرىقلىغان ئەسلىدە
ئىدى يامغۇر تىۋىشى.)

پۈتتى كۆڭۈل تەشۋىشى،
ئۆچتى چىراق، ياتتى ئۇ.
خىيال سۈرۈپ بىر شېرىن
ناز ئۇيقۇغا پاتتى ئۇ.

2

تىرىقلىدى دەرىزە
ئارقا - ئارقىدىن چېكىلىپ.
سەگەك دوختۇر ئويغىنىپ،
قوپتى ئەسنەپ كېرىلىپ.

چىقتى ئىشىك ئالدىغا
يېپىنچاقلاپ چاپاننى.

ئەچچە باتۇر چاپتۇرۇپ جەڭ ئېتىنى
يىلنى قاتلاپ، بۇزدى يىلنىڭ رېتىنى.
بەيگىدە ماڭسا ئۇزۇپ كىم شۇنچە تېز
بەردى يىللار خۇش بولۇپ يول خېتىنى.

شۇڭا بارغانچە كۆپەيدى قەھرىمان،
كەلدى يىللارغا ئۇلاردىن شۇنچە شان.

1984 - يىل، يانۋار.

ئانا كۆزى يۇمۇلدى ھېلى،
قولى يەنە بۆشۈكتە بىراق.
رام تۆۋىدە ئالما ياپرىقى
پىچىرلىشار يېقىشىپ قۇلاق.

ئانا قولى چۈشتى سىيرىلىپ،
يۇمۇلغاندا كۆزلىرى مەھكەم.
يېنىدىكى تۇمارلىق بۆشۈك
غىچىرلاشتىن توختىدى شۇ دەم.

«چىر» قىلدى ـ دە، ئويغاندى بوۋاق،
ئانا شۇئان ئاچتى كۆزىنى.
شۇدەم شېرىن ئۇيقۇنى ئەمەس
ئۇنتۇدى ھەم بەلكى ئۆزىنى...

* *

دەرىزىدىن چۈشەر ئاي نۇرى،
ئۆي ئىچىدە ئۇيقۇ تىنىغى.
تەۋرىنىدۇ بۆشۈكتە بوۋاق،
زەپ چىرايلىق ئۇنىڭ زىنىغى.

## يىل ۋە قەھرىمان

قەھرىمانلارغا ئېچىپ يىل كەڭ قويۇن،
بېرىدۇ ئۆز قوينىدىن ھەردەم ئورۇن.
كۆتكۈزۈپ قويماي قەرەلى، رېتىنى
خوش بولۇپ قارشى ئالار كەلسە بۇرۇن.

گۈل دېڭىزى ئۆركەشلىگەندە،
ئۇندا يەلكەن بولۇپ ئۈزىمەن.

*　　*

ئۆتتى گۈلسىز قانچە باھار ـ ياز،
ھىجران ئوتى ئۆرتىدى دىلنى.
گۈل سىماسى بولدى ماڭا يار،
قاراڭغۇدا ئۈمىت چىرىغى.

چاڭ توزۇتۇپ بېغىمغا بىر چاغ،
بىر توپ مەلئۇن كەلدى ئولىشىپ.
قىلدى رەڭدار گۈللەرنى پايخان،
گۈل بەرگىمۇ كەتتى سولىشىپ.

ئۇلار دىدى: «زىننەتكە، گۈلگە،
ئوت ئاچىدۇ پرولېتارىيات...»
تېڭىرقاپ قالدىم ياقامنى تۇتۇپ،
گۈل ـ چېچەكسىز ئۆتەمدۇ ھايات؟!

لەنەت ئوقۇپ ئېغۋاچىلارغا
قالدىم شۇ چاغ ھەسرەتكە چۆكۈپ.
قانچە باھار ئۆتتى ئاشۇنداق،
گۈلسىز باقتا دەردىمنى تۆكۈپ.

................................

بۈگۈن مانا ئېلىمدە باھار،
بېغىمدىمۇ رەڭمۇ ـ رەڭ گۈللەر.



**ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر** 1941 - يىلى ئاتۇش ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1959 - يىلى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن. ھازىر شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلەيدۇ. جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.

شائىرنىڭ دەسلەپكى شېئىرلىرى 1956 - يىلىدىن باشلاپ ئېلان قىلىنغان. 1981 - يىلى ئۇنىڭ «ئۈمىت چېچەكلىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى. ھازىر ئىككىنچى توپلىمىنى نەشرگە تەييارلىماقتا.

شائىرنىڭ يەنە «بازار نەرقى»، «ساتىراچىنىڭ ھۈنىرى» قاتارلىق ئونغا يېقىن ھېكايىسى، بىرنەچچە ئەدەبىي ئوبزورلىرى ۋە خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلغان شېئىرلىرى بار.

# ۋەتەن ئىشقى يۈرەكتە يالقۇن

## گۈللەرگە باقسام

باغ ئارىلاپ گۈللەرگە باقسام،
قەلبىمدە كۈچ - مادار سېزىمەن.

دىدىم: «پەقەت مۇشۇ ئەسىردە
ئاينى كۆردى قەلبىمنىڭ كۆزى.

مەن ئىنتىزار سېنى كۆرۈشكە
چەكمەكتىمەن دەردىڭدە پىراق.
قانات ياساپ يېتەلمەي ساڭا
مۇئەللەقتە قالدىم مەن بىراق.

بولسا سەندە ئەقىل، ئىرادە،
دىيارىمغا پەرۋاز قىلىپ باق.
ئېلىم - پەننىڭ لاچىنى بولساڭ
گۈللىرىمنى كۆكرىكىڭگە تاق.»

شۇ سۆز بىلەن چىمىرلاپ يۇلتۇز
كۆز يۇمدى - دە، نەگىدۇر مۆكتى.
يۈرىكىمۇ ئۇنىڭ ئىشقىدا
يېڭى بىر ئوت - پىراقتا چۆكتى.

## پاتماس ئاي

ئاسمان پەردىسى نۇرلۇق تولۇنئاي،
ھۆسنىگە مەھلىيا جىمىكى ئادەم.
بىراق، تاڭ سۇبھىدە بولۇدۇ غايىپ،
ئۇنىڭدىن نۇر ئالار تۈندىلا ئالەم.

تا ئەبەتکە کەلمەسکە کەتتی،
ئاشۇ ئېغىر، قايغۇلۇق كۈنلەر.

گۈلسىز ئۆمۈر — گىياسىز تۇپراق،
گۈل جىلۋىسى بۇلبۇلغا قانات.
يۈرۈشلەردە گۈللەرنى قىسىپ،
زوق ئالدۇ پۇرولېتارىيات.

## يۇلتۇز بىلەن سۆھبەت

ئايدىڭ كېچە، تەبىئەت ئويغاق،
دەريا بويلاپ كېلەتتىم شۇدەم.
سادا كەلدى ياڭراپ پەلەكتىن،
باقسام يۇلتۇز كىرپىكلىرى نەم:

«ئازات يىگىت، مېنىڭ يۇرتۇمغا
ئېيتقىن نىچۈن باسمايسەن قەدەم.
ئاي ھۆسنىگە بوپسەن مۇپتىلا،
بۇ ھال ماڭا قىلماقتا ئەلەم.

ئايمۇ لالدۇر مېنىڭ ھۆسنۈمدىن،
ئىشەنمىسەڭ باققىن سەن كۆرۈپ.
كېچە-كۈندۈز ھىجران ئوتىدا،
كاۋاپ بولدى باغرىم ئۆرتىنىپ...»

مېنى چوڭقۇر خىيالغا سالدى،
ئاشۇ گۈزەل يۇلتۇزنىڭ سۆزى.



**هاجى ئەخمەت** 1942 - يىلى قەشقەردە تۇغۇلغان. 1960 - يىلى شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكولتېتىنى پۈتتۈرگەن. ئۇ، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى، «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژورنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى.

شائىرنىڭ دەسلەپكى ئىجادى 1958 - يىلى باشلانغان ئىدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇنىڭ «ۋىسال ئارزۇسى»، «ئۆچمەس يۇلتۇزلار» ناملىق ئىككى شېئىرلار توپلىمى، «ئۇيغۇر شېئىرىيىتى توغرىسىدا»، «دېڭىز ئۈنچىلىرى» قاتارلىق پوبلىستىك ئەسەرلىرى، خەلق ئەدەبىياتىغا دائىر «نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى»، «سەلەي چاققان لەتىپىلىرى»، «ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى» قاتارلىق ئەسەرلىرى كەڭ جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى. ئۇ ھازىر «قىسيان» ناملىق ھېكايىلار توپلىمىنى نەشرگە تەييارلىماقتا.

# پامىر ناخشىلىرى

## زەرەپشان بويىدا

زەرەپشان،
زەرەپشان،

ۋەتىنىم بىر ئايكى قەلبىم كۆكىدە
كېچە ھەم كۈندۈزى تۇرار نۇر چېچىپ،
ۋۇجۇدۇم يالقۇنلاپ ئىشقى ئوتىدا
ياشايمەن مېھرىدىن شەرۋەتلەر ئىچىپ.

## كۆمۈلمەس ھەقىقەت

تۇزۇلۇپ كەلدى - دە، بىر قارا بۇلۇت،
توسۇلۇپ ئاي يۈزى بولدى ئۇ غايىپ.
كەڭ دالا ھەسرەتتە، ئورمانلار جىمجىت،
دەريالار شاۋقۇنى مۇڭلۇق ئاجايىپ.

تەبىئەت كۈتمەكتە ۋاپادارىنى،
كۆزلىرىم ئاسماندا، مەنمۇ ئىنتىزار.
بىر شامال كەلدى - دە، بۇلۇتنى قوغلاپ،
ئاي چىقتى، باشقىدىن نۇرلاندى دىيار.

ھە، شۇنداق، بىر مەھەل توسسىمۇ بۇلۇت،
چىقىدۇ تولۇنئاي كۈلۈپ ئاقتۆەت.
شامالار بۇلۇتنى قوغلايدۇ ھامان،
كۆمۈلمەس ئەزەلدىن بۇ چىن ھەقىقەت.

1981 - يىل، ئاۋغۇست.

ﻓﯘلاچ ئات. مەنزىلگە، ئۆركەشلەپ راۋان.
كەلگۈسى ئىقبالىڭ، بەختىڭنى كۈيلەپ،
شاقىرا دولقۇنلاپ زاماندىن ـ زامان!

## يايلاق كېچىسى

يايلاق كېزىپ يۈردۈم تۈندە،
تەرك ئېتىپ ئۇيقۇمنى.
دولقۇنلاتتى گۈزەل ئالەم
ئوتلۇق يۈرەك تۇيغۇمنى.

جان بېغىشلار كائىناتقا
جۇشقۇن ھايات دولقۇنى.
يالقۇنلايدۇ تاغ باغرىدا
چېپانلارنىڭ گۈلخىنى.

قىزلار مەيىن قوشاق كۈيلەر،
نەي چېلىنار يىراقتا.
تاشتىن ـ تاشقا سەكرەپ شوخ سۇ،
ئۇرۇلىدۇ قىرغاقتا.

سان ـ ساناقسىز تۇك چىراقلار
جىمىرلايدۇ يۇلتۇزدەك.
نۇرغا چۆمگەن گۈزەل يايلاق
كېچىسىمۇ كۈندۈزدەك.

ئەي ئەزىم دەريا،
تۇرۇمەن قىرغاقتا ئېچىپ سۆيۈگىنى.
چۇلغىنىپ ئوي-پىكرىم شاۋقۇنۇڭ بىلەن،
تىڭشايمەن يېقىملىق، جۇشقۇن كۈيۈڭنى.

كەلدىم مەن بويۇڭغا، نەچچە رەت ئاڭلاپ
مويسىپىت چاللاردىن شۆھرەت-داڭقىڭنى.
ئالقىشلاپ سەن مېنى، ئاقتىڭ شاقىراپ،
چىللىدىڭ ئۆزەڭگە، ئېچىپ باغرىڭنى.

چۆمۈلەر گوياكى سۇ پەرىسىدەك،
ئاق غازلار سۈيۈڭگە يېقىپ تۆشىنى.
جۆر بۇپ قىرغاقتا سۆزلەر تاغ تېرەك،
كېچە ناز ئۇيقۇدا كۆرگەن چۈشىنى.

ئەسىرلەر سىرىدىن ئېيتىپ كۈي-قوشاق،
يول سېلىپ يىراققا ئاقسەن راۋان.
سۈيۈمنى ئىچسە كىم، دەيسەن گوياكى،
بېسىلار چاڭقىغى، قالمىغاي ئارمان.

تاغ، ئېدىر، يايلاقلار، چۆلمە باغرىنى
پۈركەيسەن چىمەنگە، بېغىشلاپ ھايات.
قېرىنداش تاجىكنىڭ ئۆمۈر كىتاۋى
پۈتۈلگەن داستانسەن — نۇرلۇق كىتابات

زەرەپشان،

زەرەپشان،

ئەي ئەزىم دەريا،

ياپ ـ يېشىل كىمخاپ لىباس كىيگەن تەبىئەت جانلىنىپ،
كەڭ دالا ـ قىردا چېچەك، تاغ ئۈستىدە، غولدا چېچەك.
زىلۋا تاللار بوپتۇ چوكان بويىنغا مونچاق ئېسىپ،
زوقلىنىپ باقسام بېشىمدا، چامدىسام يولدا چېچەك.
تاڭ سەھەردە قايىنىدى ئىش، كەچتە كۆكلەم سەيلىسى،
قىز ـ يىگىتلەر ئىشقىنى ئىزهار ئېتەر قولدا چېچەك.
مەنمۇ ئىلھام كانى بىلدىم گۈلباھار ئەييامىنى،
كۈيلىسەم تەرىپىنى داستان بولار تىلدا چېچەك.

1979 ـ يىل، نويابىر.

## باھار

قىش كېتىپ، كۆكلەم قىزى باقتى جاھانغا ناز بىلەن،
ئاقتى سۇلار جۆر بولۇپ، قۇشلار كۈيگە ساز بىلەن.
تال چوكان سۇمبۇل چېچىغا تاقتى مونچاقتىن بىزەك،
سايرىشىپ شوخ تۇرنىلار كەلدى ئۇچۇپ پەرۋاز بىلەن.
يايدى رەڭدار زىلچىسىنى جانلىنىپ تاغۇ ـ دالا،
تولدى باغرى ئىش قىزىتقان ئەر ـ ئايال سەرۋاز بىلەن.
تويغا جابدۇنغان كېلىندەك ئۈز ياساندى تەبىئەت،
ۋەتىنىمنىڭ ھۆسنىدىن ئالغان يېڭى ئەنداز بىلەن.
گۈلباھار ئىلھامىدىن زوقلا تولۇپ ئېيتتىم غەزەل،
تەنتەنە ـ شاۋقۇنغا تەڭكەش بوپ بەلەن ئاۋاز بىلەن.
تاغ سۈيىدەك جۇش ئۇرۇپ تاشماس نىمىشقا شاتلىغىم،
يار بولۇپ سۆرسەم ئۆمۈر يۇرتۇمدا كۆكلەم ياز بىلەن.

ئۇرلۇق يەرگە تەلپۈنەر ئاي،
مەپتۇن بولغان بوۋاقتەك.
ھىسسىياتىم دىلغا سىغماي،
تاشتى ئىلھام بۇلاقتەك.

تىزىلدى دىل دەپتىرىمگە
مىسرا - پىكىر ئۈنچىسى.
تەبىئەتنىڭ ئاشىغى مەن،
گۈزەللىكنىڭ كۈيچىسى.

1981 - يىل، ئاۋغۇست.

## كارۋان سەپەردە

سۈزۈلدى كۆك، تۇمان تارقاپ، باھارنىڭ شوخ ساباسىدىن،
سۆيۈندى بەختىيار جانلار يېشىل كۆكلەم ھاۋاسىدىن.
تولۇپ گۈلگە ئېدىر - تاغلار، پۇراق چاچتى چىمەن باغلار،
قىزىپ كەتتى خوشال بەزمە گۈزەل بۇلبۇل ناۋاسىدىن.
كىشەنلەنگەن تۇمەن تۇلپار قانات قاقتى بولۇپ ئازات،
سېلىپ لەرزىگە ئالەمنى ئۇلۇغ تەۋرەش ساداسىدىن.
سەپەر ئۈستىدە چوڭ كارۋان، ھۇجۇم باشلاندى ئۆتكەلگە،
نىشانغا ئۆرلىدى قورقماي يىراق يولنىڭ جاپاسىدىن.
يېرىپ تاغ، باشلىساق ئەلگە بىلىم دەرياسىدىن كەۋسەر،
ۋەتەن گۈللەيدۇ مەرتلەرنىڭ ھالال ئەجرى، ۋاپاسىدىن.

### چىچەك

ئاچىلۇر خۇشبۇي چېچىپ بىر مەررە ھەر يىلدا چىچەك،
ئىشقى لەززەت تۇيغۇسىنى قوزغىتار دىلدا چىچەك.



مىرزاھەد كېرىمى 1939-يىلى 11-ئايدا قەشقەردە تۇغۇلغان. 1958-يىلى شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن. ھازىر قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىدا مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىمەكتە. ئۇ جۇڭگو يازغۇچىلار جەمىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.

مىرزاھەد كېرىمىنىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتى 1958-يىلى باشلانغان. 1982-يىلى «ئالتۇن ئاچقاچ» ناملىق شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىنىپ، بىر قىسىم شېئىرلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلگەن، يېقىندا ئۇنىڭ «قاناتلانغان تىلەك» ناملىق شېئىرلار توپلىمى نەشرگە بېرىلدى.

# شىمالغا زىيارەت

## گۈزەل تەلكە

تەلكىنىڭ بېلىگە يۆتكەلگەن تاشيول
پاقىراپ تۇرۇدۇ كۈمۈش لېنتىدەك.
مەي ئىچىپ ئېقىندىن سۇمبۇل چاچلىق غول،
ئېچىپتۇ كۆن تۆككەن زەرگە كەڭ ئېتەك.

# چۆل ئويغاندى

1

ئەسىرلەر سىرىنى باغرىغا بېسىپ
چۆل ئۇخلار غەپلەتتە،
قاغجىراپ سۇسىز؛
نە ئۇندا ئۇچار قۇش بار،
نە يېشىل گىيا ...
كۆرۈنمەس پەقەتلا ھاياتتىن بىر ئىز.
ۋە لېكىن گۈزەلدۇر شۇ مۇقەددەس يەر،
ھەر چىمدىم تۇپرىقى تۇتىيا، ئەزىز.
دەيسەنكى، مۇھەببەت ئىلكىدە باقساڭ:
ئاق شايى پەردىگە ئورىنىپ گويا،
ئۇخلاپ ياتار ساھىپ جامال قىز...

2

جان بېرىپ شۇ چۆلگە باھار ھاۋاسى،
سۇبھىدەم جاراڭلىق ناخشا ساداسى:
تىراكتور كۆيىگە ئاقتى جۆر بولۇپ،
ئەسىرلىك ئۇيقۇدىن كۆز ئېچىپ گۈزەل،
ئاھ! دىدى، بەختىيار ھىسقا چۇلغىنىپ.
تۇراتتى ئالدىدا ئاشىقى پەرھات
(ئاستىدا ئويناقلار كىشنەپ پولات ئات)
سۆيۈملۈك يارىغا ئېچىپ باغرىنى،
تەبەسسۇم ئىلكىدە باقتى تولغىنىپ.

1980 - يىل، ماي.

كوچاڭدا يامرىغان سادىر بوۋامنىڭ لەسلىنى كۆردۇم.
ۋەتەنىنىڭ پەخرى ئەخمەتجان يۈرەك ـ باغرىنى يېقىپ ياتقان،
كۆمۈلگەن گۈل ـ چېچەكلەرگە تەۋەررۈك قەۋرىنى كۆردۇم.
جۇدۇن ـ چاپقۇنغا بوي بەرمەس، ياۋۇز دۈشمەنگە تىز پۈكمەس،
ئەزەلدىن قەھرىمان، بەردەس قەددىم يۇرت ۋەسلىنى كۆردۇم.
قولۇم كۆكسۈمدە ھۆرمەتتە سالام بەردىم تۈمەن مەرتكە،
تولۇپ ـ تاشقان مۇھەببەتتە قېرىنداش قەلبىنى كۆردۇم.

## قاش بويىدا

قاش بويىدا تۇرۇمەن
دولقۇن بىلەن مۇڭدىشىپ.
چاچار ماڭا مەرۋايىت،
سۇ پەرىسى ئويىنىشىپ.

كۆزۈم تويماي تەلمۈرەر
يېشىل ئوتلاق — يايلاققا.
قوي ـ قوزىلار مەرىشىپ،
يۈرگەن قولۇن ـ تايچاققا!

قوڭۇر موزاي يېپىشقان
سۈتكە تولغان يېلىنغا.
ئانا سىير پۇشۇلداپ
باقار زۇمرەت ئېقىنغا.

چۈشۈپ كۆكتىن ئاق بۇلۇت،
چىمەنلىككە قونۇپتۇ.

قارىغايلىق چىمەنزار، يېشىل تاغ ـ داۋان،
كۆز چاناقلىرىمغا يازدى بىر داستان.
ھەر قانچە تەسۋىردىن، سىزغان رەسىمدىن
گۈزەلكەن تەلكىنىڭ باغرى مىڭ چەندان.

## سايرام

كۆۋەجەپ ئۇرۇلۇپ يېشىل قىرغاققا
تۇزار كەڭ دېڭىزدەك ئۆركەشلەپ سايرام.
چاچتى سۇ پەرسى ئۈستۈمگە مارجان،
زۇمرەتتەك سۈيىگە چۆشكەندە شولام.

گويا بۇ سۈزۈك كۆل ئاسمان پارچىسى،
ئاق ئايدىڭ كېچىدە يۇلتۇز چاقنىغان.
گويا بۇ سۈزۈك كۆل جەننەت ھاۋزىسى،
بويىنى رەڭمۇ ـ رەڭ گۈللەر قاپلىغان.

نە ئاسمان پارچىسى، جەننەت ھاۋزىسى،
ئانىنىڭ كۆزى بۇ — ئوغلىغا باققان.
سەن قاراپ تۇرغاندا، ئەي ۋەتەن ئانا،
نىچۈن خىزمىتىڭگە پىدا قىلماي جان!؟

## كۆردۈم

كېلىپ باغرىڭغا، ئەي غۇلجا، پەزىلەت ئەھلىنى كۆردۈم،
ئېچىلغان ئىلمۇ ـ ئىرپاندىن گۈلۈڭنىڭ بەھرىنى كۆردۈم.
شېھىتلار قېنىغا رەڭداش كىيىپ دوپپا غۇرۇرلۇقتا،

قۇش بولغىن بۆرە ئالار، تۈلكىنى باسار،
چۈجىنى ئېلىپ قاچار سا، بولما زىنھار.
سەن تەختى سۇلايمان ئەمەس ھاجەتمەن،
ئىنسانغا قانات يېيىپ، بولغىن بەختىيار...»

چېقىلىپ بۇ سادادىن قانائەت كۇرسى،
مەن چاچراپ تۇرۇپ كەتسەم ئاينى كۆرۈمەن.
ئاز ئۇخلا، كۆپ ئۇگەن، ئىشلە، ھودۇقما!
دەپ بىردىن ساقلىمنى سىپاپ قويۇمەن.
تۇرلانغان كۆز ئالدىمدا تۇرار ياشلىغىم
غېرىبتەك كۆيۈپ سەنەم ۋەسلىگە يەتكەن.

بىر قەنە ھەمرا بولغان دىلدار قەلىمىم،
ياشلىغىم سۇرىتىنى رەڭمۇ ـ رەڭ سىزار.
گاھ قاماق سېلىپ كۆرەر بوغدا كۆلگە،
گاھ تارىم قۇملۇغىدا ــ دەشتتە جەڭ قىلار.
مۇراتقا مىنىپ گاھى تۇرار خىيالچان،
گاھ، ھېيتكا گۈلزارىدا گۇلدەستە تىزار...

ۋە لېكىن ئۆتتى ئاشۇ نادىر ياشلىغىم،
ھېچكىممۇ مېنى ئەمدى ياش دىمەس، ھەق راس.
تەر تۆكۈپ ھالاللاپ يەپ ئەلنىڭ تۇزىنى،
ئاقلىدىم ئۆز بۇرچۇمنى تىرىشىپ خالاس.
بايلىغىم ــ كىتاپ، قەلەم، يامدىكى شۇ گۈل،
بالامغا تىللا ئەمەس قالار بۇ مىراس.

له ئاق بۇلۇت، بايقسام
ئاق ئۆي نۇرغا تولۇپتۇ.

كۆپ ـ كۆك قاردىغاي، ئاق قېيىن
يەلپۈنەتتى قىيادا.
شوخ ـ شوخ سايراپ بوز تورغاي
ئۇچۇپ يۈرەر جىرادا.

ئايغىر كىشنەپ تۇرۇدۇ
تاغ ئۈستىدە كۆزەتتە.
شۇ دەم بۇ ئۇز ۋادىنى
تارتىۋالدىم سۈرەتكە.

قىرىندىشىم قازاقىم،
يايلىغى بۇ ئاي دالا.
سۈيى كەۋسەر، تېشى زەر،
سۈت، قىمىزغا باي دالا.

قاش بويىدا يايرىدىم
بولۇپ ئۇچ كۈن مەن قوناق.①
تۈگىمەيدۇ تەرىپى
توقىغانغا مىڭ قوشاق.

1982 - يىل، ئۆكتەبىر.

## ياشلىغىم تۈگىمەس داستان

ھەر كۈنى ئۈمىت بىلەن كۆنگە باقىمەن،
دەر قەلبىم: «بول ماھارەت پەيتىدە بىدار.

① قوناق — مېھمان.



**ماھمۇت زايىت** 1942 - يىلى 8 - ئاپرېلدا گۇما ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1960 - يىلى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكولتېتىنى پۈتتۈرگەن. 1963 - يىلىدىن بېرى جۇڭگو يازغۇچىلار جەمىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى، ھازىر خوتەن ئالىي سىفەن تېخنىكومىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكولتېتىدا لېكتور بولۇپ ئىشلىمەكتە.

شائىر ئىجادىيەت سېپىگە 1959 - يىلى قەدەم قويغان ئىدى. ئۇنىڭ «گۈلمەرۋىي» ناملىق شېئىرىي رومانى، «خانتەڭرى قىزى» ناملىق داستانلار توپلىمى، «كارۋان بۇيۇك» ناملىق شېئىرلار توپلاملىرى بار.

# خىيال ئۇچقۇنلىرى

## ۋاقىت

ئەسىرلەر ھېكمىتى، ئەجدات ساۋىقى؛
ھاياتتا بىر مىنۇت ئالتۇندىن قىممەت.
پۈتسىمۇ ئاي، يىلدا ئۇتتۇق قەسرى،

دوستلىرىم، پەزىلەتكە ئىگە ياشلىغىم،
كەتسىمۇ چىرايىمدىن، كۆڭلۈمدىن كەتمەس.
ياشلىغىم شېئىرىمدا مەرتلەر سىماسى،
ياشلىغىم كۆڭلۈم مېنىڭ ئۆمۈرۋات ئۆلمەس.
شۇڭلاشقا «بالىسەن» دەر ئۇرغۇپ بۇ قەلبىم،
ۋەسلىمگە ھېچ زاماندا قېرىلىق يەتمەس.

1983 - يىل، سېنتەبىر.

كۆرگەندە مېھرىۋان باغۋەن تۇرقىنى،
مۇئەللىم ــ ئۇستازىم كەلدى يادىمغا.
باغۋەندەك پەرۋىرىش قىلىپ مېنى ئۇ،
بىلىمدىن ئىز سالغان ياش ھاياتىمغا.
بۈگۈنمۇ بەختىيار كېلەچەك ئۈچۈن،
تەربىيە بەرمەكتە ياش ئەۋلادىمغا.

نەۋقىران ياشلىقنى بەرمەس قولىدىن،
باسسىمۇ يىللارنىڭ قىروسى چاچنى.
شەرەپلىك بۇرچىنى قىلىدۇ ئادا،
بىلمەيدۇ ھېچقاچان ھېرىپ ـ چارچاشنى.
ئىنژېنېر، مۇئەللىم، يازغۇچى قىلدى
ئېتىزدىن، يايلاقتىن كەلگەن كۆپ ياشنى.

ئۆسمەكتە سېرىندەك گۈللەپ ئۇنىڭغا
شاگىرتلار قەلبىدە سۆيگۈ ـ مۇھەببەت.
قەدىرلەپ بىباھا تۆھپە ـ ئەجرىنى،
بەخش ئەتتى پارتىيە ئاڭا شان ـ ھۆرمەت.
بولماقتا ۋەتىنىم بىلىم گۈلزارى،
مۇئەللىم باغۋەندۇر، ياش ئەۋلات كۆچەت!

## ئايال

بارمىدۇ چولپاندىن گۈزەلرەك يۇلتۇز،
سۈبھىنىڭ ئەرشىدە كامالغا يەتكەن؟
بارمىدۇ جاھاندا بىر ئۆلمەس ئەدىپ،
گۈزەللىك توغرىلىق كۈيلىمەي ئۆتكە

مىنۇتلار قىلىدار كەشپىيات مېھنەت.
شۇڭلاشقا، بەختنى قەدىرلىگەندەك
ۋاقىتنى قەدىرلەش ئۇلۇغ بىر خىسلەت.

ئۆمۈر ئۇ — ئېقىن سۇ، ۋاقىت — ئاتقان ئوق،
كېتىدۇ، كەلمەيدۇ قايتىپ كەينىگە.
سېكۇنتلار يىغىلىپ يارالغان ئەسىر،
ۋاقىت ئۇ باشلايدۇ بىزنى غەلبىگە.
بولماقنى خالىساڭ ھەقىقى ئىنسان،
ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ ئۆرلە پەللىگە!

## باغۋەن

ياشنىدى بەرق ئۇرۇپ، سوقتى گۈپۈلدەپ
چىچەكتە گۈلباھار، يۈرەكتە باھار.
شېئىر يازدىم يېزامنىڭ گۈزەل بېغىدا،
تىزىلدى يالقۇنلۇق مىسرالار قاتار.
باھارنىڭ پۇرىغى سىڭگەن ئىلھامدىن
خۇش پۇراق چاچماقتا شېئىرىمدىن ئىپار.

چىچەكتەك ئاق كىرپىك، كۈمۈش چاچ باغۋەن
قارىدى چىچەككە، بەختىيار كۈلدى.
ئىقبالدەك گۈللىگەن كۆچەتنى كۆرۈپ،
قەلبىگە ھاياجان، ئىپتىخار تولدى.
شۇ تاپتا ئەجرىنىڭ ۋايىغا يەتكەن
باياشات كۆزىنى كۆرگەندەك بولدى.

ئۇلارسىز يوق ئۆيدە ھەقىقى بەركەت،
ئاياللار — ئەر ئۈچۈن گۆھەر — غەزىنە.

ئاياللار مەنبەئى جۇشقۇن ئىلھامنىڭ
ئۇلارسىز ياڭرىماس شائىر قوشىغى.
ئۇلارسىز ئاچمايدۇ باغلار گۈل - چىچەك،
ئۇلارسىز مۇز گويا ھايات قۇچىغى.

ئاياللار قاتناشماي، كۈچ قاتماي پەقەت
تاپالماس ئىنقىلاپ ئىستىقبال، ئۈمىت.
بولماستىن مەھبۇبنىڭ مەدەت - ئىلھامى،
جەڭگاھتا شان - زەپەر قۇچالماس يىگىت.

ئاياللار ماھىرى ھۈنەر - سەنئەتنىڭ،
ئەڭ نازۇك ماشىنا گويا جۈپ قولى.
تەبىئەت مىسالى، ئۇ چىرايلىق، ئىشچان،
مۆجىزە — يىگىندە ياراتقان گۈلى.

ئايالار تۆھپىكار بىلىم - ئىرپاندا،
تارىختا ئۇلارنىڭ بار ئورنى، شانى.
ئالىمە، شائىرە ... ھەمشىرىلەرنىڭ
ئۆچمىدى، ئۆچمەيدۇ ۋەتەندە نامى.

كۈيلىگەن لۇتفى ھەم نۆبىتى، گۇمنام،
ئايالار توغرىلىق غەزەل - قەسىدە.
شېئىرىيەت داھىسى بۈيۈك ئەلىشىر
ياراتقان چوڭ داستان شېرىن ھەققىدە.

گۈزەللىك ھەققىدە بولار ئىكەن سۆز،
كېلىدۇ ئاياللار ئېسىمگە دەرھال.
نۇر، يالقۇن، ھاياتلىق بۆشۈكى ئۇلار،
«ئاناممۇ، سىڭلىممۇ، يارىممۇ ئايال.»


ئانىسىز — بۇ ئالەم مەھرۇم ئەۋلاتتىن،
ئانىسىز — پەرزەنتىمۇ بىناۋا يېتىم.
بولمايدۇ ئانىنىڭ سۈت ھەققى ئادا
بۇ يولدا ئۆمرۈڭنى بەرسەڭ مىڭ قېتىم.

ھەدىلەر، سىڭىللار شەپقەت بۇلىغى،
مېھرىدىن ۋۇجۇدۇڭ كۈچ ئالار ھەردەم.
ئۇلارسىز بولمايدۇ تويۇڭمۇ تويدەك،
مۇسىبەت كۈنىمۇ ئۇ ساڭا ھەمدەم.

قىرانلىق پەيتىگە يەتكەن ئەر ئۈچۈن
بىر بەخت — ئۆمۈرلۈك نىگارنى سۆيمەك.
ياشلىقتا بىر مەزمۇن كۈچ قوشۇدۇ يار،
نىگارسىز يالقۇندىن مۇستەسنا يۈرەك.

ۋاپادار ئايالسىز ئۆي مىسالى گۆر،
ئايالنىڭ مېھرىسىز لەۋگە يات كۈلكە.
ئايالسىز تۇرمۇشتا يوق لەززەت - ھوزۇر،
ئايال ئۇ ئۆي ئۈچۈن گويا تاج - قۇببە.

ئايالسىز — خانىغا تولمايدۇ مېھمان،
ئۇلارسىز قىزىماس سورۇن ۋە بەزمە.



**تۇرسۇنئاي ھۇسەيىن**

1944 - يىل قەشقەردە تۇغۇلغان. 1962 - يىلى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن. ھازىر «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.

شائىرەنىڭ دەسلەپكى شېئىرى «گۈل تاقايمەن كۆكسۈڭگە» 1959 - يىلى جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشكەن. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇنىڭ «چىمەنستە»، «بۇلبۇل ناۋاسى» (زەينۇرە ئەيسا بىلەن بىرلىكتە) قاتارلىق شېئىرلار توپلاملىرى نەشر قىلىندى، ئۇنىڭ «گۈل نىھال» ناملىق داستانلار توپلىمى يېقىندا نەشردىن چىقىدۇ.

# كېلىمەن يېقىملىق ناخشىلار ئېيتىپ

## مېھرىگىيا

قارىغاي ئۆسەر ئېلىپ قۇياشتىن نۇر،
پۈركىنەر گۈللەر بىلەن تاغۇ - قىيا.

ماختالغان نىزارى قەلىمى بىلەن
ئاياللار — ئۆلگىسى بولۇپ ۋاپانىڭ.
ئىزھارى رابىغۇزى يازغان زۇلەيخا،
ئاياللار مەرتلىگى، سۇبات، جاپانىڭ.

ھەمشىرە رىزۋانگۈل كەبى ئاياللار
جەڭ قىلغان ئەرلەرگە تۇرۇپ يانمۇ - يان.
ئۇلارنىڭ ئىچىدىن چىققان بىھىساپ
ۋاپادار مەھبۇبە، باتۇر، قەھرىمان.

تەرىپى تۈگىمەس كۈيلىسە قانچە،
ئۇلار — چىن گۈزەللىك، مەرتلىككە سىما.
ئۇلارسىز بولالماس مەۋجۇت بۇ ئالەم،
شۇڭلاشقا ئاياللار كەڭ يېرىم دۇنيا!

1984 - يىل، مارت.

قوندۇزدەك قارا سۇمبۇل چاچلىرىنى
يېقىملىق تاغ شاملى يەلپۈپ ئۆتەر.
تاشلاردىن - تاشقا ئوخچۇپ تاغ سۇلىرى،
جىپپاڭچۇن دوختۇر قىزنى كۈيلەپ ئۆتەر.

قىرغىزنىڭ قومۇزلىرى كۈيلەر ئۇنى،
تونۇيدۇ ئۇنى ھەر- بىر تاغ ۋە قىيا.
تاغ خەلقى بەرگەن ئاڭا شۇنداق بىر نام،
«ھەممىگە شىپا بەخش مېھرىگىيا.»

1979 - يىل، فېۋرال.

## ئالما كۆچىتى

بېغىمىدىكى ئالما كۆچىتى
چېچەكلەپتۇ چىرايلىق ھالرەڭ.
باغ ئىچىگە بېرىپتۇ زىننەت،
شاخ ئۈستىگە ياپقاندەك پەرەڭ.

نوتىلىرى يۇمران ۋە نازۇك،
بويلىرىمۇ ئانچە ئۆسمىگەن.
بىرىنچى رەت گۈللىشى تېخى،
گۈللىرىنى شامال تۆكمىگەن.

ياقۇت ئوخشاش قىزىل غۇنچىسى
كۈنگە قاراپ ئېچىلدى خۇشخۇي.
ئىللىق شامال چىققانتى بىر چاغ،
يەر - زېمىنگە تاراتتى خۇشبۇي.

مېھرىۋان ئانا يەردىن ئېلىپ قۇۋۋەت،
تاغلاردا چاچار پۇراق مېھرىگىيا.

چىرايلىق كۈلۈپ تاققا كەلدى باھار،
چوققىلار، ئېدىرلاردا ئېرىدى قار.
يەلكىگە ئېسىپ كىرىست سومكىسىنى
كەلمەكتە كۆزى بۇلاق، مەڭزى ئانار.

كېلىدۇ ئېيتىپ ئەجەپ گۈزەل ناخشا،
ھەر گىيا، زۇمرەت تاغنى قېتىپ كۈيگە.
يېقىملىق سۆزلەيدۇ ئۇ قىرغىزچىنى،
كىرىدۇ مېھرى بىلەن كىگىز ئۆيگە.

كۆزەر ئۇ كېسەللەرنى ئىخلاس بىلەن،
دەردىگە چىن يۈرەكتىن بولۇپ دەرمان.
لىپى فىكدەك خەلق ئۈچۈن ئۆمۈرۋايەت
ئىشلىمەك بۇ قىزدىكى ئارزۇ - ئارمان.

چاقنايدۇ كۆزلىرىدە شاتلىق نۇرى،
چاقنايدۇ چېكىسىدە قىزىل يۇلتۇز.
ماش رەڭلىك كىيىمىدە قىزىل لىنجاك
گويا تاغ لالىسىدەك كۆرۈنەر ئۇز.

قوغدايدۇ كىچە - كۈندۈز ھوشيار تۇرۇپ،
چېگرىدا ياۋدىن ئانا دىيارىنى.
ۋەتەن ۋە خەلقنى ئۇ سۆيەر دىلدىن،
سۆيگەندەك ئاشىق گويا ئۆز يارىنى.

مەن دېدىم: «قارا ئۆرۈك ئەنجۈردەك ئەمەس شېرىن،
ئاۋارە بولۇپ قالما، شېرىن تەم ئالارمەن» دەپ.
سەن دېدىڭ: «ئىكەن تاتلىق قاپقارا بولۇپ پىشسا،
كۆزلىرىڭ سېنىڭ شۇنداق، مەن ئاڭا خۇمارمەن» دەپ.
مەن قىلدىم ساڭا ئاچچىق (كۆڭلۈمگۈ كۈلەر ئەمما):
«سۆزلىسەڭ يەنە شۇنداق چىتەندىن قاچارمەن» دەپ.
سەن دېدىڭ: «سۆزى ئاچچىق، ئەي چۈچمەل، قارا ئۆرۈك،
ئېيتىدۇ كۆزۈڭ ئەمما ئۆزەمنى ئاتارمەن» دەپ.
مەن ئېيتتىم: «كېتىپ قالغىن، ئۆيۈڭگە يېتىپ قالغىن،
ئەل ئاڭلاپ نىمە دەيدۇ، بالاغا قالارمەن» دەپ.
سەن ئېيتتىڭ: «جېنىم، مەيلى، بىلگەنلەر بىلىۋەرسۇن،
كۆرمىسەم سېنى ھەركۈن تولغىنىپ ياتارمەن» دەپ.
مەن دېدىم: «خىجىل بولغىن».
سەن ئېيتتىڭ: «قاراپ تۇرغىن،
بىر كۈنى بارار ئەلچى، توي سازىن چالارمەن» دەپ.
ئۇيلىماس ئىدىم ھەرگىز شۇ كۈندىن بېرى، يارىم،
ئىشقىڭدا يېنىپ مۇنداق يۇلتۇزدەك ئاقارمەن دەپ.
تەتىلمۇ توشۇپ ئاخىر، ئوقۇشقا يەنە ماڭدىڭ،
ئايرىلدىڭ ئەجەپ تەستە «كەچكۈزدە يانارمەن» دەپ.
ئوقۇشمۇ پۈتۈپ ئەمدى كېپقالسا ۋىسال پەيتى،
ئاڭلىسام، يۈرەرمىشسەن «شەھەردە قالارمەن» دەپ.
دەپسەن: «ئۇ كىچىك جايدۇر، يوللىرى توپا-لايدۇر،
ساقلىسۇن قارا ئۆرۈك، تېز يۆتكەپ ئالارمەن» دەپ.
ئاڭلاپ قال قارا ئۆرۈك ياشناركەن توپا-لايدا،
قىلماسكەن پەقەت ئارمان ئۇ جايغا بارارمەن، دەپ.
كۈتتى ھەم كۈتەلەيدۇ، ۋەدىسى ئۈنىڭ ۋەدە،
ئۇيلىماس پەقەت غەيرى، باشقىنى تاپارمەن، دەپ.
كەلسەڭ كەل، ئۆتۈك باردا، بىلەكتە كۈچۈك باردا،
ئۇيلىساڭ مۇشۇ يۇرتقا گۈل كەشتە ياپارمەن، دەپ.

1984 - يىل، يانۋار.

ھەر باھاردا شۇ ماڭا ئادەت:
گۈل بېغىمغا كۆچەت قويۇمەن.
كېلەر يىلى قىلىمەن ئۇلاق،
پەرۋىشى قىلىپ ئاڭا كۆيۇمەن.

تامدىن قاراپ دىدى بىر خوشنام:
«نۇرغۇن كۆچەت قويدىڭىز زەپمۇ؛
مېۋىلەرنى تۈگىتەلمەيسىز،
ئۆمۈرۋايەت ئۆزىڭىز يەپمۇ.»

دىدىم: «بوۋام تىككەن كۆچەتنىڭ
ئاغزىمىزغا تەگدى نېمىتى.
مېۋىسىنى ئەۋلادىم كۆرسە،
بۇ بولمامدۇ ئۆمرۈم زىننىتى.»

1980 - يىل، سېنتەبىر.

## قارا ئۆرۈك

ئامرىغىم، چىۋەر يارىم، يولۇڭغا قارارمەن دەپ،
ئويلىغان ئىدىم سەنچۈن ساچىمنى تارارمەن دەپ.
كۈتتۈم مەن ساڭا قىلغان لەۋزىمدە تۇرۇپ بەش يىل،
ئوقۇشى پۈتۈپ كەلسە، يولىغا گۈل چاچارمەن دەپ.
ئەسلىسەم سېنى دائىم، ئويناپدۇ يۈرەك قۇشتەك،
ئوتلۇق ھىس قۇچار ھەر چاغ شىرىن كۈي قاتارمەن دەپ.
يادىمدا تۇرار بىر كۈن، سەن باققا كىرىپ ئېيتتىڭ:
«پىشتىمۇ قارا ئۆرۈك، يا خاممۇ، تېتارمەن» دەپ.

بەرگىدە كۆز يېشىدەك سۈزۈك شەبنەم،
ئىنتىلەر چىرماشقىلى ماڭا ئەمەن.

ھەر كەلسەم «چىداملىق بول» دىگەندەكلا،
تۇيۇلار شىۋىرلىشى قىياقلارنىڭ.
كۆزلىرىم شەبنەملەرگە شەبنەم قوشۇپ،
يۇيۇدۇ يۈزىن لەيلىقازاقلارنىڭ.

بىر گەپنى ئېتەر تەكرار قېيىن، قارىغاي:
«نەقەدەر يىغلاڭغۇسەن، نازۇك كۆڭلۈك؟!
بەختىڭنى قايتىپ ئىزلە ئەللىك كۆزدىن،
شۇلارغا سىڭىپ كەتكەن ئاي يۈزلۈكۈڭ.»

ئەللىك كۆز ...
چاراقلىغان ئەللىك يۇلتۇز،
ئەللىك كۆز ...
يىگىرمە بەش ئوغۇل ۋە قىز.
چاقنىسا پارتىلاردا، مەيدانلاردا،
قەلبىمدە تۈن يىرتىلىپ كۈلەر كۈندۈز.

دولقۇنلار لەۋلىرىڭدىن سۆيۈپ ئۆتەر،
ئېپ قاچار خىيالىمنىڭ يەلكىنىنى.
سوغ - ئىسسىق ئالمىشىدۇ دىل ۋادامدا،
قوزغىتىپ ئەسلىمىلەر سەلكىنىنى ...

* *

قىز كېلەر گۈزەل قازاق دالىسىغا،
قىسقان ئۇ چېكىسىگە لەيلىقازاق.



ئابلىكىم خېۋىر 1946 - يىلى 1 - ئىيۇندا تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ توخسۇن ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1968 - يىلى مەركىزىي مىللەتلەر ئىنىستىتۇتىنىڭ خەنزۇ تىلى فاكولتېتىنى پۈتتۈرگەن، ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدا ئىشلەيدۇ؛ جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.

شائىرنىڭ دەسلەپكى شېئىرلىرى 1964 - يىلدىن باشلاپ مەتبۇئات يۈزىدە كۆرۈلگەن ئىدى. ئۇنىڭ «باھار شۇنچە كۆپ ئىكەن ئاشناڭ»، «باھار تىلەكلىرى» شېئىرلىرى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى باھالاشلاردا مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان «چېچەك قىسسىسى»، «تىيانشانغا مۇھەببەت»، «ئاتا» قاتارلىق 100 پارچىغا يېقىن شېئىر ۋە باللادىلىرى گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى. «چىمەن قىرغاق» ناملىق شېئىرلار توپلىمى يېقىندا نەشىردىن چىقىدۇ.

# چىمەن قىرغاق

(بىر قازاق يىگىتىنىڭ خاتىرە دەپتىرىدىن)

ھەر كەلسەم بويلىرىڭغا يېشىل چىمەن،
گۈللىرىڭ رەڭ پۈركەيدۇ تۈمەن - تۈمەن.

ئالدىنقى يىلى تېخى تاش سىلىپتا
باشلىدىم ئوقۇتۇشنىڭ تۈنجىسىنى.

ھە، ئەمدى كېلىپ قالدى بۇ ئاۋۇلغا
داشۆنى تۈگەتكەن بىر ئۇيغۇر قىزى،
ستۇدېنت كەلگەچ بىزگە، قېرى - ياشنىڭ
شاتلىقتىن يومۇلمايتتى ئاغزى - كۆزى.

*　　　*

يىگىرمە بەش باللىق بىر سىنىپنى
ئالدى قىز زىممىسىگە كەلگەن كۈنى.
كىتاپنى قولتۇقلىدى ماڭدى دەرسكە،
دەم ئېلىڭ، دەپ تۆرسامىمۇ قانچە ئۇنى.

ئۆتتى كۈن، ئۆتتى ھەپتە ئاردىدىنمۇ،
يۈتمەكتە ياتسىراشنىڭ كۆلەڭگىسى.
دەرس غەملەپ ئولتۇراتتۇق ئۇزاق - ئۇزاق،
ئوت ئېلىپ سۆھبەتلەرنىڭ سەرەڭگىسى.

ئاخىرى دىدىم ئاغا چىن سۆزۈمنى:
«مەن كېتەي سىزگە قويۇپ بۇ مەكتەپنى.
مەن پەقەت چالا ساۋات، چارۋا باقاي،
كەچۈرۈڭ، كېيىن دەرمەن قالغان گەپنى.»

ئۇ دىدى: «خەۋرىم بار بۇ ئەھۋالدىن،
ئۆگىنىڭ بىلمىگەننى ئاستا - ئاستا.

نىچۈن گۈل چېكىسىدە شۈنچە رەڭسىز؟
(هەي، قارا، ئاۋۇ قىزغا گۈزەل قانداق؟)
چاناركەن سەرخىلىدىن گۈلمۇ شۈنداق.

قىز كېلەر گۈزەل قازاق دالىسىغا،
سەنەممۇ يا ئۇ يۈرگەن چار باغ ئارا؟
سۈمۈرەر قېنىپ - قېنىپ ساپ هاۋانى،
سەيلىگە چۈشكەن هۆر قىز ئوخشاش گويا.

*　　*

بۇ يەرلەر بىر چەت چېگرا، پىنهان يايلاق،
بىر مەهەللە، ئالتە - يەتتە كىگىز ئۆيلۈك.
قارىغايلىق تۆپىلىكلەر، چىمەن قىرغاق،
تۆۋەندە ئاقار دەريا ئەجەپ سۈرلۈك.

يېزىمۇ، كەنتمۇ شۇ پىنهان مەهەللە،
تاش قىرلاپ، سالدۇق بۇندا ئىككى سىنىپ.
دەريانىڭ ئۇ قېتىدىن ئوغۇل - قىزلار
بۇ يەرگە كېلەر كۈندە دەريا كېچىپ.

بۇ جايدا ئىككى سىنىپ يەك زىممەمدە،
مۇدىرمۇ، مۇئەللىممۇ، ئىشچىمۇ مەن.
دادۈينىڭ كاتىپىمۇ، كاسسىرى هەم،
قولىدا قەلىمى بار «تالىپ» مۇ مەن.

قاچانكى تەلەي ماڭا ئوڭدىن كېلىپ،
پۈتتۈرگەن ئىدىم ئاران تۆتىنچىنى.

كۆش ـ مايسىز ئۆتەمدىكەن سېنىڭ كۈنۈڭ،
ئاۋۇلغا كەلگەچكە قىز تاشلىدىڭمۇ؟»

غەزەپتىن يېرىلمىدى ئۆپكەم مېنىڭ،
قىسۇغۇم قاچان شۇنچە كۆپكەن مېنىڭ؟
مەن دىدىم: «سىز شەھەرگە كېتىڭ دەرھال،
بەختىڭىز پايخان بولار، ھازىر مېڭىڭ!»

بۇقۇلداپ تۆشىگىدە يىغلاپ ياتقان
قىز بىردىن تۇردى تۈزەپ چاچلىرىنى.
«ۋاپاسىز جەننەتتىمۇ قىلار شۇنداق»
دىدى قىز سۈرتۈپ تۇرۇپ ياشلىرىنى.

باشتىلا ئىككىمىزنى بۆلگەن ئىدى
بۇ ئاۋۇل تەۋە بولغان ۋىلايەتكە.
قالدى ئۇ،
مەن ئويلىدىم: «ئاخىر بىر كۈن
مۇھەببەت ھەيدەر ئۇنى مەن تەرەپكە...

ئەللىك كۆز — يىگىرمە بەش ئۇماق بالام،
ئەللىك كۆز — بەخت كۆكۈمدە يانغان يۇلتۇز.
مەن ئۈچۈن سائادەت شۇ، چىن بەخت شۇ،
بۇ يەردىن كېتەلمەيمەن ئەمدى ھەرگىز...»

*    *

ئەي ھايات، ئۆزەڭ قانداق قىزىق ئالەم؟
قەلبىمگە تاتلىق تۇيغۇ سېلىپ قويدۇڭ.

مەن سىزدىن ئۆگىنىمەن قازاق تىلى،
تىرىشقان چىقار ئۆتۈپ ھەر ۋاقىتتا ... »

* *

ئەللىك كۆز ...
يىگىرمە بەش ئۇماق ئۆسمۈر.
ئەللىك كۆز چاراقلىغان ئەللىك يۇلتۇز،
سىنىپتا، مەيدانلاردا يانار چاقناپ،
قەلبىنى تولۇن ئايدەك يورۇتقاچ قىز.

بىلىمنىڭ مايلىرىغا قانمىغان شام،
دەرتمەننىڭ كۆزى ئوخشاش شۇنچە نۇرسىز.
نۇرلاندى ئاستا - ئاستا پەرلەپ - تاراپ،
قەلبىدىن ماي قۇيغاچقا ئاڭا بىر قىز.

خەت كەلدى قىزغا بىر كۈن چوڭ شەھەردىن،
(كەلگەندۇ ئانىسى يا ئامرىغىدىن.)
شۇ كۈندىن باشلاپ كەم سۆز بوپ قالدى ئۇ،
ئۆيىدە نىمە ۋەقە تۇغۇلغاندۇ؟
مەن سەزدىم ئىششىپ چىققان قاپىغىدىن.

ئاردىن ئۆتتى ھەپتە، ئۆتتى ئايلار،
قىز ئاخىر كەلگەن خەتنى بەردى ماڭا:
«مۇشۇنداق ياخشى قىزنى تاشلىغان نەس،
ئەي بەڭۋاش، لەنەت ساڭا، نەپرەت ساڭا.

ئاۋۇلنى شۇنچىلىك پەس چاغلىدىڭمۇ؟
يا ئۆزەڭ بۇ دەم ئايغا ئاتلىدىڭمۇ؟

باللار ئۆتەلمگەچ ئۆلۇق سۇدىن،
دۆمبىمىز كۆۋرۈك بوادى يەنە كاتتا.
ئىككىمىز بىر نۆۋەتتە ئىككىسىنى
هاپاش قىپ يەتكۈزەتتۇق قارشى قاتقا.

ئاخىرقى ئىككى بالا قالدى ئەمدى،
هاپاشلاپ، قول تۇتۇشۇپ جۆنەپ كەتتۇق.
ئۇ قاتقا چىقىپ، چىمەن قىرغاق ساڭا،
ئېتىلىپ خۇددى ئوقتەك يۈگرەپ كەتتۇق.

تىك قىرغاق، چوققاڭنى بىز دەسسىگەندە،
قىز بىردىن ئارتقا ئۇچتى، چۈشۈپ كەتتى.
كەينىدىن دومۇلدى ئىككى - ئۈچ تاش،
بىز سۇغا چۆككەن يەرگە چۆكۈپ كەتتى.

ۋاقىراپ سارائلارچە تىك قىرغاقتىن،
ئۆزەمنى ئاتتىم دەريا ئېقىمىغا.
تىتىلغان تەننى سۈزۈپ ئالدىم ئاخىر،
ئەي خۇدا، قۇلاق سالغىن، پەريادىمغا!

نىمىنى ياقاتتىم مەن بۇ ئالەمدە؟
نىمىنى يالماپ قاچتىڭ ئاچ دولقۇنلار؟
ئەللىك كۆز ــ ئەللىك يۇلتۇز بەختىنى يەپ
تويدۇڭمۇ قاباهەتلىك ئەي ئۇپقۇنلار؟

نىمىنى ياقاتتى ئەل - ئەهلى يايلاق؟
تۇتقاندەك تولغىنار ئەل خۇددى تولغاق.

قىز بىلەن ئىككىمىزنىڭ دىل يىپىنى
قاچان ۋە قانداقلارچە ئېشىپ قويدۇڭ؟

تاۋلىنار قىز كۆنسىرى ئالما بولۇپ،
كۆرۈنەر ماڭا ئەمدى بىر ئاي بولۇپ.
بىپايان يايلاق بىزگە تار كېلىدۇ،
بىز چاپساق قىيغىتىشىپ جۈپ تاي بولۇپ.

ھەركۈنى چىمەن قىرغاق، بويلىرىڭنى،
چۆگىلەپ كېتەر ئىدۇق سەيلە ئېتىپ.
چايكىلار ئەگىپ قالار ئۈستىمىزنى،
تووۇلساق چىن ۋاپانى كۈيگە قېتىپ.

* *

نىمىشقا كەلدى كەلكۈن ئاشۇ كۈنى؟
نىمىشقا سىڭىرمىدىڭ تاغلار سۇنى؟
قەيەردىن كەلدى بىر توپ لالما بۇلۇت،
تارىمدى ئاڭا چەكسىز ئاسمان قوينى؟

نىمىنى يوقاتتىم مەن بۇ ئالەمدە؟
نىمەگنى يۇتتۇردۇڭ سەن، ئېيتچۇ يايلاق؟
ئەسىرلەر يامغۇردا ئېزىلمەستىن،
شۇ كۈنى ئېزىلدىڭمۇ چىمەن قىرغاق؟

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن بىر توپ بۇلۇت
قاپلىدى ئاۋۇلۇمنىڭ ئاسمىنىنى.
ئارىدىن سائەت ئۆتمەي غۇل-غولدا سۇ،
كەلتۈردى ئاسمان كۆزلۈك تاشقىنىنى.



**مۇھەممەتجان راشىدىن** 1940 - يىلى غۇلجىدا تۇغۇلغان. 1958 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك تېخنىكومىنى پۈتتۈرگەن. ھازىر غۇلجا ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى.

ئۇنىڭ تۇنجى شېئىرى — «ئىلى دەرياسى» 1958 - يىلى ئېلان قىلىنغان ئىدى. شۇندىن بۇيان شائىرنىڭ شېئىرلىرى «تارىم» ژورنىلى، «شىنجاڭ گېزىتى» ۋە «ئىلى دەرياسى» ژورناللىرىدا داۋاملىق ئېلان قىلىنىپ كەلمەكتە. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇنىڭ بىر قىسىم لىرىك شېئىرلىرى جامائەتچىلىكنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلدى.

# ناخشىلىرىم ياڭرار سامادا

## ۋەتەن ھەققىدە قوشاق

مەن تۇغۇلدۇم،
«ئالتۇن» دىدى ئاتام مېنى ئەزىزلەپ،
«گۆھەر» دىدى ۋەتەن يەنە، قاتتى بېقىپ قاتارغا.
بوۋاق ئىدىم، ئانام مېنى ئەللەي ئېتىپ ئۆستۈردى،
شۇ ۋەتەننىڭ كىمياسىدىن بۆشۈك ئېتىپ ياتارغا.

ئەسىرلەر يامغۇرلىرى ئېزەلمەپتۇ،
شۇ كۈنى ئېزىلدىڭمۇ چىمەن قىرغاق؟

* *

ھەر كەلسەم بويلىرىڭغا يېشىل چىمەن،
گۈللىرىڭ رەڭ پۈركەيدۇ تۈمەن - تۈمەن.
گۈللىرىڭ تومۇرىدا قىز قېنى بار،
گۈللىرىڭ قىزدەك گۈزەل شۇڭا، دەيمەن.

ئەللىك كۆز...
ۋۇجۇدىڭغا ئاي سىڭگەنلەر،
ئاي سىڭىپ چاراقلىغان ئەللىك يۇلتۇز.
بەختىمۇ، شاتلىغىمۇ سىز باللار،
يۈزلىرى تولۇنئايۇ، چېچى قۇندۇز...

1982 - يىلى، سېنتەبىر

ئالار قۇۋۋەت ۋۇجۇدىغا شۇ ۋەتەندىن جىمى جان،
قۇشلىرىمۇ ئىگىز كۆكتە ئەركىن قانات قاقارغا.
ئاۋال ۋەتەن تۇرغان يەردە ئاي مەسەللىك گۈزەللەر
گۈزەللىكتە تۆر تالىشىپ ئاۋارىدۇر بىكارغا.

## ناخشا ئېيتساق

(خەلق ناخشىچىلىرىغا)

ناخشا ئېيتساق، مەندە ئىلھام قوزغىلار ناخشاڭ بىلەن،
بىر ھوزۇر — راھەتكە بۇ جان چۇلغىنار ناخشاڭ بىلەن.
بىر سېھىرلىك كۈچ ئېرۇرسەنكىم، تىرىك جانلار تۈگۈل
قەۋرىلەر ئىچرە شېھىتمۇ ئويغىنار ناخشاڭ بىلەن.
ئوخشىتىپ ناخشاڭنى ئاتەش ئىشقىغا ئۆز يارىنىڭ
ئاڭلىسا، سۆبھەدە قىزمۇ تولغىنار ناخشاڭ بىلەن.
كەلسە تويى تارتىپ باھاردا، قايتىشۇر شات كۆزدە ھەم
ئەڭ ئەزىز مېھمان مىسالى تۇرنىلار ناخشاڭ بىلەن.
سەن ۋەتەن، دەپ ناخشا ئېيتساڭ، تىڭشىغانلاردا ئاۋال
بۇ ئانا تۇپراققا سۆيگۈ ئۇلغىيار ناخشاڭ بىلەن.
سەن ئانا، دەپ ناخشا ئېيتساڭ، قەلبى-كۆكسۈمدە مېنىڭ
جۇش ئۇرار ھۆرمەتتە قايناق تۇيغۇلار ناخشاڭ بىلەن.
قىزىماس قىشلىق تۈنەكلەر ئالمىسا سەندىن ھوزۇر،
ياز كېلىپ، چوغلۇق، قىزىلگۈل چوغلىنار ناخشاڭ بىلەن.
بىر ئەسىرنىڭ شاھىدى بولغان بوۋايلار ئالدىدا
يۈز ئېچىپ لوقمان ھاياتى نۇرلىنار ناخشاڭ بىلەن.
ياڭرىتىپ لەيلۇننى ئېيتساڭ، ئەۋجىگە چىللار گۈدۈك،
پىقىرار تاش ئىچرە ئالماس بۇرغىلار ناخشاڭ بىلەن.
سەن ۋەتەن، دەپ ناخشا ئېيتساڭ، جەڭچى قەلبى جۆر ساڭا،

تۇتاش كەتكەن زەنجىر ئىكەن ئەجدات بىلەن ئەۋلاتلار،
پەرزەنت دىگەن بىر ھالقىكەن شۇ زەنجىرنى چاتارغا.
ئۇغۇ شۇنداق، ئەمما رىسقى پۈتەر ئىكەن ۋەتەندىن،
ئەقەللىسى، زۆرۈر كۈچمۇ بىر تال ئۈچكە چاقارغا.
غۇرۇرىڭغا غۇرۇر قوشسا ئورمانلىرى، كانلىرى...
مەكتەپلىرى ئۇستاز گويا ئەقلىڭ كامال تاپارغا.
جاكالاشقا ھەقلىقمەنكىم: شۇ ۋەتەندىن كەلدى دەپ،
ئىشىپ سالغان بىر تال پىلىك ھەتتا چىراق ياقارغا.
ئەلنىڭ باغرى پانا ساڭا مۇدۇرلىسەڭ، قوپساڭمۇ،
ۋەتەن تۇرۇپ نىمە ھاجەت كۆزۈڭدىن ياش ئاقارغا؟!
رىسقىڭ پۈتسە ئالدىكەن قۇچىغىغا ئۇ يەنە،
يېتىم قالساڭ، كېپىل ئىكەن سېنى ئاسراپ باقارغا.
بىز كۆرمىگەن نە ئىش قالدى: سوغدا قالساڭ، ئۆشنەڭگە —
چىقار ئىكەن بىراۋ شۇندىن كېلىپ چاپان ياپارغا.
دەريالىرى شاقىرايدۇ گويا ناخشا — مۇقامدەك،
جۆر ئەيلىسەڭ، خوپ يارىشار ئۇنى تەمبۇر، ساتارغا.
ئاڭلا جەڭچى، ۋەتەن بىزگە ئاتا قىلغان شەرەپنىڭ
ئەڭ ئۇلۇغى مۇجەسسەمدۇر چىكەڭدىكى كاكارغا:
ئۇنى قوغداپ، ياۋغا ئاتساڭ ھاياتىڭدا بىر تال ئوق،
شۇنىڭ ئۆزى ئۇنۋان ساڭا ئۆمرۈڭ بويى تاقارغا.
كائىناتنىڭ چىرىغىكەن قۇياش بىلەن ئاي دىگەن،
ئالدىرايدۇ چىقىپ ئۇمۇ تاغ كەينىگە پاتارغا؛
ۋەتەن ئەمما قالار بۇندا نۆۋەت ئېلىپ شۇلاردىن،
ۋۇجۇدىڭدىن يەنە بىزگە ئىسسىق نۇرلار چاچارغا.
ۋەتەن بەردى ساڭا، شائىر، قەلەم بىلەن قەغەزنى،
ئايلانغىنىڭ ئاشۇ، بىلسەڭ، خەلقىڭ ئۈچۈن چاكارغا.
ۋەتەن بولماي، تاغلار ئارا شۇ قارا تاش، ئەي ئوۋچى،
قايدا ساڭا دالدا قىلىپ مىلتىغىڭنى ئاتارغا؟!

## ئىشقىم

«قىلدى دەپ ئەقلىنى شېئىرغا زايە»
ئارقىمدىن كىملەردۇر قىپتۇ كىنايە.
مىسرالار كەينىدىن بارىمەن، ھەق راست،
بىلمىدىم، شۇمىكىن مەنىدىكى غايە.
ھەر شېئىر پۈتكەندە گويا بېشىمغا
بۆككىدە بىر دەرەخ سالىدۇ سايە.
بىلمەيمەن، ئۇ ئالدى كىملەردىن قارغىش،
شۇنداقلا كىملەردىن تاپتى ھىمايە.
مىسرالار كەينىدىن تىزدىلار مىسرا،
توختاشقا مىڭ چېكىت بولماي كۇپايە.
كايىماڭ، دوستلىرىم، كايىماڭ چۈنكى،
مەنمۇ ھەم ئىشقىمغا قىلدىم رىئايە.

1984 - يىل، ماي.

بۇتىدا بارچە گۈل ـ گىياھۇ قونغۇدىلار ناخشاڭ بىلەن.
چالدى مىڭلاپ قىز ـ يىگىت دۇتار، سېنى ئۇستاز تۇتۇپ،
قانچە مەركە ـ تويى شۇلاردا ئۆيلىلار ناخشاڭ بىلەن،
بەيگىلەرنىڭ كەينىدىن چاپقان قۇلۇندەك قوللىرىم
ئەگىشىپ ھەم پەدە ئۆزرە يورغىلار ناخشاڭ بىلەن.

## تەمبۇرۇم

مەس ئېتۇر مەيسىز مېنى، چالسام چىمەندە، تەمبۇرۇم،
ئايلىنۇر ھەم مەيگە چاي، ئىچسەم چىمەندە، تەمبۇرۇم.
بارچە گۈل تىڭشاپ سېنى، باقسا ئىشق كۆزى بىلەن،
قونغىلى بۇلبۇل ساڭا چىندۇر ئەلەمدە، تەمبۇرۇم.
خاھى بۇلبۇل، خاھى مەن ھەرئان ئاۋازىڭغا ئەسىر،
بۇنچە ھىكمەت بەلكى يوق ئىسمۇ ئەزەمدە، تەمبۇرۇم.
سېنى تىڭشاپ، ئەي مۇقام، ئالغان ھۇزۇرۇڭ ئالدىدا،
نە ئىسىش كۆك ئۆزرە ھەم ئۇچماق گىلەمدە، تەمبۇرۇم.
نەغمە ئىچرە سەندە بار ئوتتۇز باھادىرلىق كەمەر،
چىقتى داڭقىڭ دەل «سەھەر پەيزى»، «ئەجەم» دە، تەمبۇرۇم.
شاھ ئىرۇر سەن چالغۇلارغا، ھەر قۇلاق تاجىڭ سېنىڭ،
يوق ماڭا سەنسىز ھوزۇر باغى ئىرەمدە، تەمبۇرۇم.
يەتكۈزۈپ بابىڭغا ئەھلىڭ ئۇرسا باغرىڭغا ناخۇل،
سەندە گويا «بوغ» ئېتىپ ئۇنلەيدۇ دەمدە، تەمبۇرۇم.
ئاچقۇچسەن ھەر قۇلۇپلاغلىق كۆڭۈلنىڭ، ئاپىرىن!
ھىكمىتىڭنى تەس بايان ئەتمەك قەلەمدە، تەمبۇرۇم.

1983 - يىل، ئىيۇل.

يارالغان چوڭ دېڭىز گويا بۇ يەردە بىھساپ تەكتىن،
ئېلىپ قوينىغا ھەرتۈپ تەك تۈمەن مىڭ ئۈنچە ـ مارجاننى.
قىزىل سايۋا قىزارغان خوپ قىزىل ياقۇت كەبى چاقناپ،
بولۇپ ئالتۇن بىلەن رەڭداش بىزەر ئاق سايۋا بوستاننى.
ئېرىپ تاڭلايدا بال ئوخشاش بېرەر ھەر دانىسى لەززەت،
ئۈنىڭ شېرىن گۈلابىدىن ئۈلارسەن جانغا سەن جاننى.
دېمەككىم، يوق ئەمەس دۇنيا قۇچاغىدا ئۈزۈم ئەسلا،
قىلار ئۇشبۇ ئۈزۈم مەپتۇن ئېتىپ كۆرگۈچى مېھماننى.
تۆكۈپتۇ تەر ئەمەس گويا تامامى مېھرىنى تەككە،
ئۈزۈمزار باغۋەنى رازى ئېتەرگە بارچە ئىنساننى.

## ئىختىرا ھەۋىسى

ئۆيدىن ھويلىغا چىقتى ئىتتىرىپ
يەتتە ياش ئوغلىنى دۈشكەلەپ ئانا:
«مىلتىغىڭ تۇرۇغلۇق بازاردىن ئالغان،
نىمىشقا ياغاچتىن ياسايسەن يانا؟»

چېچىلماڭ بالىغا ئارتۇقچە، ھەدە،
ئىنتىلگەن يولىدىن توسماڭ ھەرگىز.
ئاخىر شۇ بالا دەپ سەكپارىغۇ بىز،
ئىستەيمىز ئۆسسۇن دەپ مەغرۇر، شۈبھەسىز.

بەزىدە، مىنۇتلۇق خوشلۇغى ئۈچۈن،
ياسايمىز ئويۇنچۇق ئۇيقۇنى قويۇپ.
دەيمىزكى: ئۇلغايسۇن ھىسسىيات ـ تەسەۋۋۇر،
شۇ كىچىك مودېلدىن ھاياتنى تونۇپ.

گەرچە ئۇ ياسىغان مىلتىق، يەتمىگەن —
بولسىمۇ بازاردىن ئالغانغا تەھقىق؛



**تۇرغان شاۋۇدۇن** 1940 - يىلى غۇلجا ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1960 - يىلى شىنجاڭ پىداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكولتېتىنى پۈتتۈرگەن. ھازىر شىنجاڭ خەلق رادىيو ئىستانسىسى ئۇيغۇر بۆلۈمىدە ئەدەبىي مۇھەررىر بولۇپ ئىشلەيدۇ، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.

شائىرنىڭ دەسلەپكى شېئىرلىرى 1958 - يىلىدىن باشلاپ جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشكەن. شۇندىن بۇيان ئۇنىڭ شېئىر ۋە داستانلىرى گېزىت - ژورناللاردا داۋاملىق ئېلان قىلىنىپ كەلمەكتە.

شائىرنىڭ «ھايات دولقۇنلىرى»، «ۋەتەنگە مەدھىيە» قاتارلىق شېئىر توپلاملىرى بار؛ «ئۈزمە سايىسى»، «تاشۋاي» قاتارلىق رادىيو درامىلىرى، «گۈزەل دولان دەرياسى»، «گىلەم توقۇغۇچىلار ناخشىسى»، «سەھرا قىزى» ناملىق ناخشا تېكستلىرى درama ۋە مۇزىكا كۆرەكلىرىدە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

# شېئىرلار

## تۇرپان ئۈزۈمى

زىيارەت ئەيلىسەم پات - پات ئۈزۈمنىڭ كانى تۇرپاننى،
خوشاللىق ئىلكىدە دائىم باسالماسمەن ھاياجاننى.

تاللىغاي دۇلدۇلنى بەيگە، بەيگىدە دۇلدۇل چىقار،
نە ھاجەت دۇلدۇللىقى، بولغاندا بەيگە چاپمىسا.
تۇنۇلار مەيداندا مەرت پۈككەچكە ياۋنىڭ بېلىنى،
مەرت ئاتالماس ھېچ كىشى مەيداندا شۆھرەت تاپمىسا.
كىمكى شۆھرەت ئىستىسە، كەلتۈرەر ئەلگە شەرەپ،
شۆھرىتى داستان بولار شۆھرەتكە لاپنى قاتمىسا.
بۇ كۆكۈل لاپتىن يىراق، قىلما تەمەننا ھېچقاچان،
نە ھاجەت لاپ ئۇرمىغىڭ، لاپنى كۆڭۈل ھېچ تاتمىسا.

1980 - يىل.

## تېنىڭدە زەررە كۈچ بولسا

بۇ دەۋران ھەممىتى شولدۇر،
ئۇچۇقتۇر يول ئىجاتكارغا.
تۇرۇپ يەڭ، چۈشسە كىم ئىشقا،
ئىگە ھەردەم ئىجاتكارغا.

يېڭى تۆھپە ياراتقانىنىڭ،
ئىلىم ـ ھېكمەت تاراتقانىنىڭ،
تاقالغاي كۆكسىگە گۈللەر
بولۇپ كۆركى شەرەپ ـ شانىنىڭ.

ياراتقاي ھەر كىشى تارىخ،
ھامان ئۆز قۇربىگە لايىق؛
بېغىشلار زەررە كۈچ بولسا،
ۋەتەن ـ ئەلگە بولۇپ سادىق.

كۆرسىتەر بىراق ئۇ، بالا ئېڭىدا
ئىجادى ئىنتىلىش سۈرگىنىنى بىخ.

چېچىلماڭ بالىغا ئارتۇقچە، ھەدە،
ئىنتىلگەن يولىدىن توسىماڭ پەقەت.
ئىختىرا ھەۋەسى باشلىنار شۇنداق،
ئاھ! ئۇنى قەدىرلەش بىز ئۈچۈن قىممەت.

1981 - يىل، دويابىر.

## ياشلىق

ھاياتلىق مەۋسۈمى ئىچرە ئۆمۈرنىڭ ئۆز گۈلى ياشلىق،
ھاياتىڭ بولسا گەر ناخشا ئۇنىڭ شات مەرغۇلى ياشلىق،
قۇرار ئۆز كەچمىشى بىرلە ئۆمۈر بىناسىنى ھەركىم،
ئۆمۈر بولسا ئىمارەت گەر ئۇنىڭ مەھكەم ھۇلى ياشلىق.
شۇ ياشلىق مەۋسۈمى ئوخشار گويا مۇنبەت ئېتىز - قىرغا،
تېرىپ دان ئۆستۈرۈشكە باپ، باھارنىڭ سىمۋۇلى ياشلىق.
شۇڭا سەن تۇتمىساڭ مەھكەم، ساڭا باقماس بۇ ئالتۇن چاغ،
ئۆتەر ئاققان سۇدەك ياكى بولۇپ بىر دۇلدۇلى ياشلىق.
شۇ ياشلىق پەيتىنى چىڭ تۇت، ئۆگەنمەك ئىستىسەڭ كۆپلەپ،
گۈزەل غايەڭگە يەتكۈزگەي بولۇپ ئۆمرۈڭ رولى ياشلىق.

1981 - يىل.

## تونۇلار مەيداندا مەرت

كىم دىگەي بۇلبۇلنى كۈيچى، كۈيىدىن دىل ئاچمىسا،
ئەتىۋارلار كىممۇ گۈلنى خۇش ھىدىنى چاچمىسا؟

كوممۇنىست — دۈشمەنگە قادالغان خەنجەر،
ئەل ئۈچۈن ۋۇجۇدى تولغان ۋاپاغا.
ئۇ خۇددى خەلقنىڭ ئاددى چاكىرى،
باش ئەگمەس قىلچىمۇ مۈشكۈل - جاپاغا.

كوممۇنىست — هامان ئەل دەردىگە دەرمان،
ئاتىغاچ خەلق ئۈچۈن چوغدەك قەلبىنى.
ئەل - ۋەتەن بەختىدىن باشقا بەختى يوق،
بەختىم دەپ بىلىدۇ ئەلنىڭ بەختىنى.

پارتىيە — ئانامدىن سۆيۈملۈك ماڭا،
مەن ئۇنىڭ پەرزەنتى، پەخرىم شۇ مېنىڭ.
سادىقمەن پارتىيەم يولىغا ئەبەت،
يالقۇنلۇق قەسىمىم - ئەهدىم شۇ مېنىڭ.

1984 - يىل، يانۋار.

## ئۇستازىم

ئەقىل — زېهنىمگە نۇر بەردىڭ،
ئۇلۇغ ئەجرىڭ چىراغىمدىن.
دىلىم قاندى ئىلىم - پەننىڭ
شىرىن - شەرۋەت بۇلاغىدىن.

ئۆزەڭ بولغاچ ماڭا باغۋەن،
يېتىلدىم مەن كۆچەت بولۇپ.



ئېزىز نىيازى 1938 - يىلى كورلىدا تۇغۇلغان. 1956 - يىلى شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكولتېتىنى پۈتتۈرگەن. 1957 - يىلىدىن باشلاپ شىنجاڭ خەلق رادىيو ئىستانسىسىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت بۆلۈمىدە مۇھەررىر ۋە باشقا مەسئۇل خىزمەتلەرنى ئىشلەپ كەلمەكتە.

ئۇ، 1954 - يىلى تۇنجى شېئىرى «باشئەگىم يولىدا» بىلەن ئەدەبىيات سەھنىسىگە چىققان. شۇندىن بۇيان نۇرغۇن شېئىر ۋە ناخشا تېكستلىرىنى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ «يېشىل بوستان» ناملىق شېئىرلار توپلىمى ۋە «توي» ناملىق ناخشا تېكستلىرى توپلىمى بار.

شائىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.

## شېئىرلار

### كوممۇنىست

خەلق چوڭ دېڭىزدۇر، كوممۇنىست بېلىق،
دېمەككى، كوممۇنىست ئەلگە ئەڭ يېقىن.
شۇڭلاشقا پارتىيە غالىپ ھەر قاچان،
تەڭداشسىز قۇدرەتلىك بىر پولات ئىقىم.

ئەجرىڭ شېخى بەرگەي مېۋە،
تىكلە گۈزەل خىسلەتنى سەن.

ياشلىق چېغىڭ — ئالتۇن چېغىڭ،
ئەل - يۇرت ئۈچۈن مەردانە بول.
«ئەلنىڭ غېمى — ئەرنىڭ غېمى»
ئەل ئىشقىدا پەرۋانە بول.

## كۈيۈڭ شات ياڭرىغاي ئەمدى

سۆيۈندۈڭ زەپ گۈزەل تاڭدىن،
كۈيۈڭ شات ياڭرىغاي ئەمدى.
يېڭى نەغمەڭگە خۇشتار ئەل،
قولۇڭ دەرت تارتمىغاي ئەمدى.

چېلىپ سازىڭنى سازەندەم،
كۆڭۈلنى مەھلىيا ئەيلە.
دىلىڭ سۆيگەن باھارىڭ بۇ،
بولۇپ بۇلبۇل ناۋا ئەيلە.

بۈيۈك مەنزىلگە يول ئالدۇق،
ئاشۇ قايىنامدا ئۆركەشلە.
مۇقام چال — يېڭىدىن يېڭى،
زەپەر سازىغا تەڭكەشلە.

1983 - يىل، دېكابىر

چۆمۈپ نۇرغا باھارىمدا،
ئېچىلدىم گۈل - چېچەك بولۇپ.

ئۇنۇتماسمەن سىنىڭ، ئۇستاز،
ھالال ئەجرىڭ - جاپايىڭنى.
ئۇنۇتماسمەن ماڭا سىڭگەن
سىنىڭ مېھرى - ۋاپايىڭنى.

ئىزىڭدىن ئىز باساي دەيمەن،
شۇڭا چىڭ باغلىدىم بەلنى.
ئۈمىت - ئەجرىڭنى ئاقلايمەن،
سۆيۈپ دىلدىن ۋەتەن، ئەلنى.

ساڭا ئۇستاز ئەقىدەم بار،
يۈرەكتە كۆي — قەسىدەم بار.

1983 - يىل، 18 - دېكابىر.

## ياشلىق

ياشلىق چېغىڭ — ئالتۇن چېغىڭ،
ئۆمرۈڭ بېغى گۈللەيدىغان.
ياشلىق چېغىڭ — يالقۇن چېغىڭ،
ئالغا ھامان ئۆرلەيدىغان.

ياشلىق چېغىڭ — ئالتۇن چېغىڭ،
ئۆگەن ئىلىم - ھېكمەتنى سەن.

قاراپ تاملاردىكى نازۇك پەرىشتەنىڭ ۋىسالىغا،
يۈرۈپ بىر سەير ئەتمەكنى قىلۇر دىل ئىختىيار، مىڭ ئۆي.

دىۋارىڭ غىچچىدە تاشلىق، قىيا باقسا ئىچىڭ گۆھەر،
بوۋاملار ئەجرىگە شاھىد لەتاپەت-جىلۋىكار، مىڭ ئۆي.

تېگى يوق ئۇندا سەنئەتنىڭ، ئويۇقلاردا گۈزەل جانان،
تىرىكتۇر ھۆرى-غىلمانلار لېۋىدىن مەي تامار، مىڭ ئۆي.

قولىدا گۈرزى، ئويناقلاپ چاپارغا ئاستىدا دۇلدۇل،
ۋەتەن سۆيگەن جەسۇرلەرنىڭ كۆزىدە ئىپتىخار، مىڭ ئۆي.

جاپا بىرلە ھالاۋەتنىڭ تىنىم تاپماس گۇۋاھى بوپ،
يېنىڭدا ئول ئەزىم دەريا جاۋاھىر چاچرىتار، مىڭ ئۆي.

تۆمۈر تەنلىك، كۈمۈش ياپراق دەرەختە زەر كەبى نىمەت،
بىزەلگەن گۈل ئارا ھۆسنى، بىنادۇر ئۈزۈمزار، مىڭ ئۆي.

قېزىلغانسەن ئۇلۇغ ئەجدات تەرى ئاققان قىيالاردىن،
قىيا نەدۇركى جەننەتتەك مىسالى گۈلئۇزار، مىڭ ئۆي.

ۋە لېكىن بىر زامان مەلئۇن يۈزۈڭگە قىل سېلىپ مۇدھىش،
تېنىڭنى ئەيلىدى پارە، قەپەزدە خاكسار، مىڭ ئۆي.

بۈگۈن شاتسەن، خاراپلىقتىن قۇتۇلدۇڭ تاكى مەڭگۈگە،
تيانشان - تاجىڭدۇر سەنىڭكى، ھاياتىڭ نەۋ باھار، مىڭ ئۆي.

سېنى كۆردۈم، دىلىمغا ئورنىدى ئۇنلاپ ئەسىردىن نۇر،
تېخىچە كۆرمىگەنلەرنىڭ نىگارى زۇلخۇمار، مىڭ ئۆي.

1980 - يىل، ماي.



ئىمىن ئەخمىدى 1943 - يىلى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1967 - يىلى بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكولتېتىنى پۈتتۈرگەن. ھازىر جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئاقسۇ يەرلىك كومىتېتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.

ئۇنىڭ دەسلەپكى شېئىرلىرى 1959 - يىلى قەشقەر گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان ئىدى؛ «بەخت ناخشىلىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى 1984 - يىلى نەشردىن چىقتى. شائىرنىڭ ئابلەت قەييۇم بىلەن بىرلىشىپ يازغان «مۆلجەر تاغ بورانلىرى» درامىسى كەڭ تاماشاچىلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

# تارىم بويى قانداق گۈزەلسەن

## مىڭ ئۆي

ئەزىز يۇرتۇمغا شان - شۆھرەت، مۇقەددەس يادىكار مىڭ ئۆي،
مۇزات باغرىدا ئەڭگۈشتەر كەبى نۇرلۇق دىيار مىڭ ئۆي.

گويا شىرىننى ئاختۇرغان مۇھەببەتلىك يىگىت ئوخشاش،
جىمى ئىقلىم جامالىڭنى كۆرۈشكە ئىنتىزار، مىڭ ئۆي.

ئاتاڭ قويۇپ كەتكەن پالازدەك،
ئۆزگەرمەسكە مىراس تەگمىگەن.

پادىشالىق زامان ئەمەس بۇ،
خەلققە مەنسۇپ بارلىق ئىرادە.
سېنى ئاتقا مىندۈرگەنلەر شۇ،
قالدۇرۇدۇ بەزەن پىيادە...

«مەن ئەگەر...» دەپ قىلغاندا چوڭ سۆز،
ئۇلار ساڭا ئۈمىت باغلىدى.
تىكىپ جۇشقۇن غەيرىتىڭگە كۆز،
يۇرت تۇۋۇرىگى، ھەمدەرت چاغلىدى.

يىغلىغاندا بېسىپ گادايلىق،
«يىغلاڭغۇلار» دىگەن سەن بولدۇڭ؛
تولغىنىدا چۆنتەكلىرىڭ لىق،
ئەلگە باقماي يىگەن سەن بولدۇڭ.

ھەممە ئىشتا كۆزلەپ ئۆزەڭنى،
ئۆزگىلەرنى بىر چەتكە قويدۇڭ.
ھەق-ناھەققە يۇمۇپ كۆزۈڭنى،
ئەمەل بىلەن بېيىدىڭ — تويدۇڭ.

مەنمەنلىكىڭ بولدى بىر پىچاق،
كېسىۋەتتى ئەلنىڭ رىشتىنى.
كېچىپ سەندىن ئۇلار ئاشۇ چاغ،
باشقىلارغا بەردى ئىشقىنى.

## ئارزۇ بوستانى

نا ئۈمىت بولما، جەنۇپنىڭ پەيزىنى ئاقسۇدا كۆر،
شوخلىنىپ ئاققاندا تارىم ئەۋجىنى ئاقسۇدا كۆر.

تاغ - دالانى باغۇ - بوستان قىلمىغۇنچە توختىماس،
ئىشقى يالقۇن خەلقىمىزنىڭ قەلبىنى ئاقسۇدا كۆر.

نەچچە مىڭ يىللاپ چىلىشقان، ياۋنى تار - مار ئەيلىگەن،
شاھى پەرھاتتەك يىگىتلەر نەسلىنى ئاقسۇدا كۆر.

كۆڭلى خۇشتۇر، لەيلى بويلۇق، مەگزى گۈلدەك ئوت يۈرەك،
ياكى شىرىن، ياكى زۆھرە ۋەسلىنى ئاقسۇدا كۆر.

سۈت بىرىپ پەرزەنتىگە ئاچقان قۇچاق تەكلىماكان،
نەھرىنىڭ سۆيگۈ - مۇھەببەت مەۋجىنى ئاقسۇدا كۆر.

دوستقا مۇشتاق، ياۋغا خەنجەر، ئىشتا چاققان، پەھلىۋان،
بەستى تاغدەك زەربىدارلار قەھرىنى ئاقسۇدا كۆر.

بەختى كۈلگەن يىزىلارنى ئىستىسەڭ كۆرمەكنى سەن،
كۈلكە چاقچاق، شات - خوراملىق سەيلىنى ئاقسۇدا كۆر.

## ئۆزەڭدىن كۆر

يىشىڭ تۆكمە سايلانمىدىم دەپ،
مەنسەپ بۆشۈك بىلەن كەلمىگەن.



نۇرىيە ئىبلاخۇن قىزى 1939 - يىلى غۇلجىدا تۇغۇلغان. 1957 - يىلى ئىلى قىزلار تولۇق ئوتتۇرا مەكتىۋىنى پۈتتۈرگەن. ھازىر غۇلجا ناھىيىلىك دارىلمۇئەللىمىن مەكتىۋىنىڭ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى؛ جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.

شائىرەنىڭ دەسلەپكى ئىجادىي پائالىيىتى 1953 - يىلىدىن باشلانغان ئىدى. 1983 - يىلى ئۇنىڭ «باھار شاتلىقى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى كىتابخانىلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

# باغلار ئاچتى گۈل چىراي

## باھار كەلدى يۇرتۇمغا

كەلدى بۇ يىل گۈل باھار، جەۋلان بىلەن باشقىچە،
مېنىڭ ئانا يۇرتۇمغا يېڭى ھايات بېغىشلاپ.
ئىللىق باھار شاملى چاچلىرىمنى يەلپۈتۈپ،
ئەركىلىتىپ يۈزۈمنى سۆيدى يەنە يېنىشلاپ.

كۆچەپ سادىق «بۇرادەر» لەرنىڭ
شۇنچە قىلدى، بولمىدىڭ ئۆرە.
(قېنى، بىر چاغدىكى نادانلار،
ھە-ھۇ دىسە سايلاۋېرەرگە؟)

يېنىڭ تۆكمە «چۈشۈپ قالدىم» دەپ،
سەۋدىۋىنى ئىزلە ئۆزەڭدىن.
دەرەخ تۈگۈل، سەنمۇ قۇرۇيسەن،
ئايرىلغاندا يىلتىزلىرىڭدىن.

1981 - يىل، دېكابىر.

ئۇچار پىكرىم قاناتلىنىپ،
بىر سېھىرلىك ئىش كويىدا.

تىكىلگەندە جۈپ كۆزلىرىم
شوخ ئۇخچىغان دولقۇنلارغا.
ھىسسىياتىم ئۆركەش بولۇپ
قوشۇلۇدۇ ئۇپقۇنلارغا.

سۇغا سىرداش بولۇپ شۇدەم،
شاۋقۇن سېلىپ ئاققۇم كەلدى.
يېشىل چىمەن قىرغاقلارغا
تويىماي شۇنچە باققۇم كەلدى...

زوقۇم كېلىپ سوراپ قالدىم:
«سۇلار، نەگە ئاقىسلەر؟
قانماي سۆيۈپ گىرۋەكلەرنى،
يۈزلۈكلارنى ياقىسلەر؟»

ھەيران بولۇپ سوئالىمدىن
سۇمۇ دەرھال كىردى سۆزگە:
«بىز ئاقمىز، بىلمەك بولساڭ،
چوققىلاردىن دالا - تۈزگە.

تېنىم تاپماي چېپىپ ھەر يان،
ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇمىز.
ھايات شامى ئۆچسە نەدە،
بېرىپ قايتا ياندۇرۇمىز.

تاغ-ئېدىرلار، ئېتىزلار كىيىپ يېشىل لىباسنى،
كۆن نۇرىدا جىلۋە قىپ، يالتىرىدى پارقىراپ.
ئۆستەڭلەردە شوخ سۇلار قىيغىتىشتى توختىماي،
گىرۋەكلەرنى قۇچاقلاپ، ئاقتى ھەريان شاقىراپ.

چوكان تاللار بىخ سۈرۈپ، كۆزنى ئاچسا ھاياتقا،
لالە-رەيھان غۇنچىلاپ پورەك بولۇپ ئېچىلدى.
چالسا چاۋاك دەل-دەرەخ، بىر-بىرىنى ئالقىشلاپ،
ئۇسۇل ئويناپ مايسىلار بۇ سورۇنغا قېتىلدى.

يىپەك رومال پۈركىنىپ باغلار ئېچىپ گۈل چىراي،
كاككۈك بىلەن بۇلبۇللار خەندان ئۇرۇپ سايرىدى.
ھەر تەرەپتىن نەغمىچى قۇشلار كېلىپ شاتلىنىپ،
بەزمە قۇرۇپ، جەم بولۇپ، ئەجەپ خوشال يايرىدى.

ھۆسۈن تۈزەپ كائىنات، جىلۋە قىلدى رەڭمۇ-رەڭ،
خۇش تەبەسسۇم ئىلكىدە باقتى بىزگە يېقىملىق.
بەكمۇ كۆركەم، ھەيۋەتلىك بىزەلدى بۇ تەبىئەت،
ياڭراق كۈيلەر ئەۋجىگە كۆتىرىلدى رىتىملىق.

ئاھ، يۇرتۇمنىڭ باھارى، مەنمۇ بولدۇم جۆر ساڭا،
ناخشام بىلەن ئالدىڭغا سالدىم ئىسىل پاياندااز.
چۈشتى بۈگۈن سەن بىلەن تۈمەن تۇلپار بەيگىگە،
يېتىلگۈسى چېلىشتا سان-ساناقسىز چەۋەنداز.

## سۇ بىلەن سۆھبەت

تاماشا قىپ شوخ ئېقىننى
ئولتۇرۇمەن سۇ بويىدا.



**مىركامىل ياقۇپ** 1939 - يىلى قەش - قەردە تۇغۇلغان. 1958 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكولتېتىنى پۈتتۈرگەن. هازىر «شىنجاڭ گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلەيدۇ.

شائىرنىڭ تۇنجى شېئىرى «رەۋەندە ۋە چاشقان» 1951 - يىلى «جەنۇبىي تيانشان» گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان. شۇندىن باشلاپ ئۇنىڭ شېئىر ۋە داستانلىرى ئاپتوم رايونىمىزدا چىقىدىغان گېزىت - ژورناللاردا داۋاملىق ئېلان قىلىنىپ كەلمەكتە. ئۇ هازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.

# ئىككى شېئىر

## رەھمەت، ئانىلار

رەھمەت، ئەي ئانىجان، ئۇلۇغ قەھرىمان،
كەلتۈردۇڭ ۋەتەنگە زور شەرەپ - شاننى.
كەلتۈردۇڭ يەلكەڭدە سەن تيانشاننى،
زەپەردىن كۆي قاتتىڭ، جانلاندى جاھان!

ماكانىمىز چەكسىز زېمىن،
شۇڭا ئەركىن قىيغىتىمىز.
كىرپىك قاقماي، راۋان ئېقىپ،
قاقاس چۆلنى ئويغىتىمىز.

ئېتىزلارغا كۆمۈش چاشقا،
بىزنىڭ ھىممەت-خىسلىتىمىز.
ھۆسنىمىز يوق قىزىققۇدەك،
بىراق ئۈستۈن ھۆرمىتىمىز.

پەرھات كەبى باشلىسا كىم،
تاغۇ-دەشتنى گۈللىتىمىز.
سۇغا تەشنا قىر-دالاغا
ئۈنچە-مارجان چاچرىتىمىز.»

دىدى-دە، سۇ، كەتتى ئېقىپ
سۆيۈپ ئۆستەڭ قىرلىرىنى.
بىلىۋالدىم بۇ سۆھبەتتىن
سۇنىڭ خىسلەت سىرلىرىنى.

ئۆز-ئۆزەمگە دىدىم شۇندا
يىغىپ ئەس ۋە خىيالىمنى:
مەنمۇ تامچا سۇدەك تىمىپ،
ياشناتسامدىم دىيارىمنى.

1984-يىل، مارت.

## بىلىم

بىلىمدۇر ھېكمەتلىك چەكسىز بىر دېڭىز،
پەن ئەھلى ئۇنىڭدا گويا بىر يەلكەن.
دولقۇنلىرى ئۇنىڭ شۇنچە شىددەتلىك...
غەم قىلىپ ياش تۆكمىگەن،
چېكىنىشنى دىلغا پۈكمىگەن،
غالىپتۇر ئۇزە-ئۇزە مەنزىلگە يەتكەن.

پەن بىر تاغ، چوققىدا بىباھا گۆھەر،
ئىزلىمەس قەدرىگە يەتمىگەن كىشى.
«كۆيىقاپ»، «دىۋە» دۇر جاپا-مۇشەققەت،
گۆھەرنى ئالالماس
(ئالىم بولالماس)
يول بويى جاپانى يەڭمىگەن كىشى.

بىلىمدۇر ئۆلۈمنى يەڭگۈچى غالىپ،
نادانلىق-مەھكۇملۇق، بول ئۇندىن پەخەس.
تۇغۇلدۇڭ، خەلق ئۈچۈن جەڭ قىلىپ ياشا!
بىلىمدۇر گاڭ قورال،
ئىزدە، قولغا ئال!
ئىجاتكار ئۆلمەيدۇ، تۆھپە كۆمۈلمەس.

شىددەتلىك دولقۇندا غۇلاچ تاشلاپ ئۈز،
چوققىغا ئۆرلىگىن جۈرئەت بىلەن تىز.
ئۆتكەنلىنى تىز بۆسۈپ ئۇزۇن سەپەردە،
يەلكەنلەر ماڭماقتا،
دۇلدۇللار چاپماقتا!
ئەتكى دۇنيانىڭ چوققۇم ئالدى بىز.

1979 - يىل، 25 - مارت.

سەپەردە تۇغ تۇتۇپ كېتىۋاتىسەن،
ئىزىڭدىن ئۈنمەكتە بەخت چېچىكى.
پارلاقتۇر يۇرتۇمنىڭ ھۆر كېلەچىكى،
سەپكە مەرت، جەڭگە كۈچ قېتىۋاتىسەن.

ئالدىڭدا ماختانماس نى - نى ئىجاتكار،
بىلەر ئۇ، ئەجرىڭدە ۋايىغا يەتكەن.
ۋەتەن دەپ جەڭ قىلغان، ئەلنى شات ئەتكەن
پەرزەنتىمۇ سېنى دەر غەمخان - نىجاتكار.

تاغ - دالا، گىنيامۇ بالاڭدەك يايراپ،
ئىمدۇ ئەجرىڭنى يەردە — بۆشۈكتە،
جاھاننى كۈلدۈرگەن كۈيلىرىڭ كۆكتە،
يوقلايدۇ قۇياشنى جاراڭلاپ - ياڭراپ.

مېھرىڭدە ئۇن قۇياش ھارارىتى بار،
قۇچىغىڭ بىر ئۇچۇن ئالەمدىنمۇ كەڭ،
ياشايسەن يىللارنىڭ ئۆمرى بىلەن تەڭ،
نىمىنىڭ مۇشۇنداق كارامىتى بار؟

سەن بىزنىڭ شەۋكەتلىك، بۈيۈك پەخرىمىز،
ۋەتەننىڭ غۇرۇرى، شانى - شۆھرىتى،
شۇڭلاشقا مەڭگۈلۈك دىللار ھۆرمىتى،
گۈل قىلىپ قىسىدۇ سېنى دەۋرىمىز.

1981 - يىل، 15 - مارت.

شۇ قەدەھ گويا كى بىر جاھاننامە،
كۆرۈندى ئۇنىڭدا ۋەتەننىڭ ھۆسنى؛
ياشارغان تاغ-دالا، ياشنىغان باغلار،
گۈللەرگە پۈركەنگەن تۆت باھار پەسلى.

شۇ قەدەھ ئىچىدە بولدى نامايان
شەرەپلىك مۇساپە، چاقماقلىق يوللار؛
تامچە تەر ئورنىغا ئاققۇزغان ساپ قان،
جاپاكەش ئەمگەكچى، قاداقلىق قوللار.

شۇ قەدەھ ئىچىدە كۆرۈندى يەنە،
چولپاندەك نۇرانە، بىر يورۇق روجەك؛
بەختنىڭ سىماسى جۇلالاپ تۇرغان
جەننەتۇل مەئۋادەك گۈزەل كېلەچەك!...

قۇي ساقى، شاراپنى، ئۇزۇلدۇرمەي قۇي،
قەدەھلەر لىق تولسۇن، قالمىسۇن يېرىم.
شۇ گۈلگۈن شاراپتىن ئىچەي قانغىچە،
خوشاللىق مەۋجىدىن يايرىسۇن تېنىم.

بۇ ئاددى مەي ئەمەس،
غەلىبە — زەپەرنىڭ
ھاياتبەخش ئەتكۈچى شىپالىق سۈيى؛
مەنزىلگە ئات سالغان يولچى كارۋاننىڭ
تۆتلىنىش جېڭىگە قەسەميات كۈيى.

1983 - يىل، يانۋار.



**ئابلىز ئۆمەر** 1942 - يىلى قەشقەردە تۇغۇلغان. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن. ھازىر قەشقەر گېزىتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە؛ جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.

ئۇنىڭ تۇنجى شېئىرى «لەگلەك» 1958 - يىلى ئېلان قىلىنغان ئىدى. 1983- يىلى «ئۆمۈر ئىزلىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى. ئۇنىڭ يەنە «يېڭى كېلىن»، «ئۆلۈپ تىرىلگەن ئادەم»، «ۋاپادارلىق كويى»، «ئۈزۈلمەس رىشتە» قاتارلىق ھېكايە ۋە ئوچېركلىرى بار.

# شېئىر ۋە رۇبائىيلار

## يېڭى يىل شارابى

يارانلار، قولۇمغا ئالدىم جۈپ قەدەھ،
بولۇشقا سىلەرگە مەنمۇ ھەمنەپەس.
ياشلىقىم ھېسلىرى بىر ئەزىم دەريا،
قەلبىمدە جۇش ئۇرار خۇشاللىق پەۋەس.

زەينۇرە ئەيسا قىزى 1946 ـ يىلى قەشقەردە تۇغۇلۇپ، ئاقسۇدا ئۆسكەن. 1965 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل ـ ئەدەبىيات فاكولتېتىنى پۈتتۈرگەن. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۆز مەكتىۋىدە تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.



زەينۇرە ئۆزىنىڭ ئىجادىي پائالىيىتىنى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ۋاقتىدا باشلىغان. ئۇنىڭ «توققۇز بۇلاق» ۋە تۇرسۇنئاي بىلەن بىرلىكتە ئېلان قىلغان «بۇلبۇل ناۋاسى» ناملىق شېئىر توپلاملىرى بار. يېقىندا «ئۈچ لەيلىگۈل» ناملىق شېئىرلار توپلىمى نەشرگە بېرىلدى.

شائىرە زەينۇرە جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.

## ئوركېستىر

كەڭ ۋەتەن زېمىنى گويا بىر سەھنە،
ئۇنىڭدىكى ئوركېستىر قەلبىم سۆيگۈسى،
تۇيغۇم دەر ئوركېستىر مەزمۇنى مۇنداق:

## ئانا قەدرى

ئەگەر بىلسەڭ، ئۇلۇغ شۇنچە
ئانا قەدرى، باھاسى يوق.
ئۇنىڭ ئەجرى ئۇلۇغ، بىلسەڭ،
ئۇنىڭ تەڭداش، جوراسى يوق.

باتۇر كۆچى كېلەر نەدىن؟
ئالىم ئەقىل تاپار نەدىن؟
ئانا مېھرى ئەزىم دەريا،
تەمەننىاسى، تاماسى يوق.

ئانا ئالدىدا كۆپ قەرزىم،
ئۇنى ئاقلاش مېنىڭ پەرزىم،
ئانامنى قىلمىسام رازى،
ھاياتىنىڭ ھېچ مەناسى يوق.

## رۇبائىيلار

بەزىلەر مېنى دەر: «ئاچچىقى يامان،»
ھەيرانمەن شۇ گەپكە، ھەيرانمەن ئەجەپ.
ياخشىدۇر ھەر قاچان ساختا كۈلكىدىن،
ۋاقتىدا بىلدۈرگەن ھەققانى غەزەپ.

* *

كۆردۈمكى، شېئىرىڭنى، گۆھەر تىزىپسەن،
بىر ئەسىل خىسلەتكە مەدھى يېزىپسەن،
ۋە لېكىن قىلغىنىڭ نەزمەڭنىڭ ئەكسى،
ئۇنداقتا مەنىسىز سۈرەت سىزىپسەن.

1983 - يىل، ئۆكتەبىر.

ھەيۋەتلىك تيانشان — يۈرىگىم گويا،
ئىستىكىم — ئىستىقبال كۆكىدە چولپان.

تارىمدىن ئۇن قېتىپ بىر ياڭراق سادا
ئۇركىستىر كۈيىگە قوشۇلدى بۇ دەم.
تىڭشىغىن بۇ كۈينى، ئۇندا مۇھەببەت،
غايە ۋە ئىستەكلەر بولغان مۇجەسسەم.

پەن سىرى ئۆرلەشنىڭ چوڭ بەيگىسىدە
دۇلدۇللار چېپىشى — ئەۋجىسى سازنىڭ.
يوللاردىن غەلىبىلىك ئۆتكەن كارۋاننىڭ
قوڭغۇراق ساداسى — نەغمىسى سازنىڭ.

تاشلانغان قەدەملەر ئالغا ئىلگىرلەپ،
دىللارنى ياشناتقان رېتىمى ئۇنىڭ.
ئاسماندا يۇلتۇزلار ساندەك گويا
ئۇتۇقلار باھارى قېتىمى ئۇنىڭ.

جاراڭلا ئۇركىستىر، سېنى گۈل دېسەم،
مەن ئاشۇ گۈللەرگە شەيدا كېپىنەك.
سويلايمەن گۈزەللىك كۆلىدە ئەركىن،
مېھنەت قولىۋىغا پالاق بۇ يۈرەك.

1982 - يىل، ماي.

ھاياتقا مەدھىيە،
پارلاق كەلگۈسى!

*　　*

سۈيۈمەن، تەبىئەت ئۇركىستىرىگىنى،
ئۇندا بار ئەزىمەت تاغلار ساداسى.
بۇلبۇلنىڭ قەلبىدىن ئۇرغىغان ناۋا،
ئۇندا بار چاقماقنىڭ يارقىن زىبياسى.

ياڭرىسا ھەرىلەر ئىسكىرىپكىسى،
كاككۇكلار زوق بىلەن چېلىشىدۇ داپ؛
ئاي بىلەن كۈن گويا ماھىر دىكراتور،
تۇرۇدۇ نۇر تەڭشەپ شۇ سەھنىگە باپ.

مەردانە دېرىژور تىنىمسىز بوران،
دەريالار ئۇنىئالغۇ لېنتىسى، ئاي-ھاي.
ئۇچۇملاپ سۇ ئىچىپ دەريا لېۋىدە،
زەپ لېرىك مۇزىكا ئاڭلايمەن قانماي.

دېڭىزلار مەۋجىدە بولدۇقلىتىپ سۇ،
بېلىقلار قېتىشتى ئۇركىستىرغا ئۈن،
چايكىلار دولقۇنغا ئۇرۇپ باغرىنى،
شاۋقۇنلۇق دېڭىزغا جۆر بولدى شۇ كۈن.

شۇ ياڭراق ئۇركىستىر ساداسى ئىچرە
ھىسلىرىم ساماغا ئۆرلىگەن فونتان.

دەرىزىدىن لىپ - لىپ - لىپ
ئۆتەر تېنىماي گۈل كەشتە.
هايات كۆلەر، ئەركىلەر
تۈنۈگۈنكى چۆل - دەشتتە.

پويىز ئالتۇن بۆشۈگۈم،
ئارام ئالغان سەبى مەن.
تاغ - داۋانلار ئاشىمەن،
گويا ئۇچقان كەبى مەن.

تيانشاندىن ئالدىراپ
يولغا چىقتىم بېيجىڭگە.
خوشاللىقتىن شۇ تاپتا
سىغماي قالدىم تېنىمگە.

تيانشاننىڭ ئوغلىمەن،
دۇلدۇل مىنىپ كۆندۇرگەن.
تاڭ شەپىغى كۆكلۈمدە
گۈزەل ئارزۇ ئۈندۇرگەن.

ئىخ، دوستلىرىم، بىلسەڭلار،
شۇ ئارزۇيۇم ھەل بۈگۈن.
ئاستانەمنىڭ ئىشقىدا
ئىلھاملىرىم سەل بۈگۈن.

بېيجىڭ مېنىڭ سۆيۈملۈك
پايتەختىم ئەمەسمۇ؟



**سەلەي قاسىم** 1939 - يىلى قەشقەردە تۇغۇلغان. 1959 - يىلى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتىنىڭ تىل-ئەدەبىيات فاكولتېتىنى تۈگەتكەن. ھازىر قىزىلسۇ ئوبلاستلىق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.

شائىر سەلەي قاسىمنىڭ دەسلەپكى ئىجادىيىتى 1954 - يىلى باشلانغان ئىدى. شۇندىن بۇيان ئۇنىڭ شېئىر، داستان ۋە ھېكايىلىرى ھەرقايسى گېزىت - ژورناللاردا بېسىلىپ كەلمەكتە. 1984 - يىلى ئۇنىڭ «گۈلچەمەن» ناملىق شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىندى.

# مەن شەرقتە يول ئالدىم

مەن شەرققە يول ئالدىم،
ئاخشىلىرىم بىر كارۋان.
ئۇچار پىكرىم دۇلدۇلى،
قەلبىمدە گۈزەل ئارمان.



جىلىلى تەخەللۇسى بىلەن جامائەتچىلىككە تونۇلغان ئابدۇجېلىل تۇرسۇن 1940-يىلى خوتەننىڭ لوپ ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1959-يىلى شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىنىڭ ماتېماتىكا فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن. ھازىر «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر بۆلۈمىدە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە؛ جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.

شائىرنىڭ دەسلەپكى ئىجادىي پائالىيىتى 1959-يىلى باشلانغان ئىدى. 1983-يىلى ئۇنىڭ «يۈرەك ئۇچقۇنلىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى، ئۇنىڭ يەنە «نۇرلۇق يول»، «قاراموق»، «دوستلۇق رىشتى» قاتارلىق ھېكايە، ئوچېرىكلىرى بار.

# شىمال ئىلھاملىرى

(شۇ ناملىق سىكلىدىن)

## شىخەنزە تەسىراتى

كەلدىم زىيارەت قىلغىلى شىخەنزىگە — بوستانغا مەن،
قىلدىم يۈرەك رىشتىمنى تار، قاتماق ئۈچۈن داستانغا مەن.

ئۇنى كۆرمەك، بىلسەڭلار،
تەلەي - بەختىم ئەمەسمۇ؟

كۆرۈپ كەل، دەپ يوللىغان
ئازات خەلقىم ئەمەسمۇ؟
يۈرەك - قەلبىم خەلقىمگە
مەڭگۈ تەقدىم ئەمەسمۇ؟

مۇشۇ تاپتا ھاياجان
دەرياسىدا ئاقمەن.
ئىختىيارسىز تەلمۈرۈپ،
كۈن چىقىشقا باقمەن.

ماڭا تاغلار بەردى يول،
باغلار كۈلۈپ سۇندى قول.
تەبرىكلىشىپ دوستلىرىم،
ھەر دوقمۇشتا تۇتتى گۈل.

مەن شەرققە يول ئالدىم،
ناخشىلىرىم بىر كارۋان.
ئۇچار پويىز ئالدىراپ،
قەلبىمدە گۈزەل ئارمان.

1984 - يىل، يانۋار.

قىز ئۈزاتقان ئاشۇ زىلال سۇ
يۈرىكىمدە ئۆركەشلەپ ئاقتى؛
ئەجادىمنىڭ مىسرالىرىغا
مەڭگۈ سولماس گۈل - چىچەك تاقتى...

## قاش مۇھەببىتى

جۇش ئۇرۇپ يۈرىكىمدە شىرىن ئارزۇ،
بىر كۆرسەم دەيتتىم قاشنى كۆپتىن بۇيان.
شۇ ئارزۇ - تىلىكىمدىن قاناتلىنىپ،
پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇپ كەلدىم ئىلى تامان.

چۆمۈلدۈرۈپ ۋۇجۇدۇمنى ھاياجانغا،
ماڭا كەڭ قۇچاق ئاچتى قاش دەرياسى.
قوزغىتىپ ھىسلىرىمنى چاچتى ئىپار،
ئاۋرالدىن سوققان غۇر - غۇر تاڭ ساباسى.

ئۇچۇملاپ ئىچتىم قاشنىڭ سۈيىنى مەن،
كۆمۈشرەڭ دولقۇنلارغا بولۇپ سىرداش.
ياڭراتتىم گۈزەل قەشقەر كۈيىنى مەن،
يېقىملىق شاۋقۇنلارغا بولۇپ جۆرداش.

قاش بىلەن تۇمەن ئەسلى بىر تومۇرداش،
ئەسىرلەر بويى تىنماي ئېقىپ تۇرغان.
ھەمنەپەس بولۇپ ئەلنىڭ تەقدىرىگە،
شىمالنى جەنۇپ بىلەن چىتىپ تۇرغان...

كەزدىم مەن ساھىللارنى زوق - شوق بىلەن،
ئەگىشىپ قاش سۈيىنىڭ ئېقىشىغا.

باقتىم جامالۇ-ھۆسنىگە قاندىم گۈزەللىك ۋەسلىگە،
يەتتىم گويا ئاشىق كەبى كۈتكەن ۋىسال-ئارمانىغا مەن.
گۈللەپتۇ بۇ جاي شۇ قەدەر، بوپتۇ بىنا ئاۋات شەھەر،
باقتىم ھەۋەستە رەستە، يول، باقچا، يېشىل ئورمانغا مەن.
خاڭجۇدا يۈرگەندەك ھامان، سەزدىم ئۆزەمنى شادىمان،
بەرپا بولۇپتۇ جۈپ دىدىم، ئەپسانىۋى رىزىۋانغا مەن.
گۈلگە ئورالغان ئۆي-بىنا، ھەر ياقتا قىزغىن كوي-ناۋا،
كەزدىم بولۇپ ئىش-بەزمىدە ئۆلپەت تالاي پالۋانغا مەن.
ياڭراپتۇ دىخان ناخشىسى، ئوخشاپتۇ ئاشلىق، پاختىسى،
بولدۇم يۈرەكتىن مەھلىيا مۇنبەت ئېتىز-مەيدانغا مەن.
سەنئەت، مائارىپ گۈلشىنى، مەپتۇن قىلار ھەر كىشىنى،
قېيدۇم قولۇمنى بۇندىكى پەن باغۋىنى ئىشچانغا مەن.
سېخلاردا ئۆرلەش دولقۇنى، جۆر بولدى قەلبىم شاۋقۇنى،
ياغدۇردۇم ئالقىش ئىشچىلار قۇچقان شەرەپكە-شانغا مەن.
سەيلە قىلىپ بۇ باغچىنى، ئېيتتىم قەسىدە — ناخشىنى،
شىخەنزىگە پارلاق ھايات بەرگەن يېڭى دەۋرانغا مەن.

## بۇلاق سۈيى

كەلگىنىمدە بۇلاق بېشىغا①
تاغ-داۋانلار ئېشىپ يىراقتىن،
قارشى ئېلىپ مېنى گۈزەل قىز،
سۇ ئۇزاتتى كۈمۈش بۇلاقتىن.

چاڭقىغانتىم سەپەر ئۈستىدە،
سۇنى ئىچىپ قەلبىم سۆيۈندى.
ئاشۇ سۇدىن بۇلاق خەلقىنىڭ
ماڭا بولغان مېھرى كۆرۈندى.

① بۇلاق بېشى — غۇلجا ناھىيە ئارا ئۈستەڭ رايونىدىكى بىر يېزا.

بالىلار ئەدەبىياتى ساھەسىدە جامائەتچى-



لىككە تونۇشلۇق بولغان **ئابلىكىم روزى** 1946 - يىلى ئاتۇش ناھىيەسىدە تۇغۇلغان. 1963 - يىلى قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن مەكتىۋىنى پۈتتۈرگەن. ئۇنىڭ تۇنجى شېئىرلىرى 1962 - يىلى ئېلان قىلىنغان ئىدى. «قالغاچ» ناملىق شېئىرلار توپلىمى ياش ئۆسمۈرلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. ئۇ، يەنە «ئىز»، «ئۆسمۈرلەر ئارزۇسى» ناملىق ئىككى شېئىرلار توپلىمىنى نەشرگە تاپشۇردى.

شائىر ئابلىكىم روزى 1982 - يىلدىن باشلاپ جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.

# يېڭى يىل چاچقۇلىرى

## يېڭى يىل خۇشلۇقى ئەلا

شاتلان دوستۇم، يېڭى يىل كۈنى
«مول نەتىجەڭ مۇبارەك!» دەيمەن.
رەنجىپ يۈرمە، «يېشىڭ مۇبارەك!»
دىگەن سۆزنى كېيىنرەك دەيمەن.

گۈل باغلار، گۈل ۋادىلار رىشتى مەھكەم
باغلاندى يۈرىگىمنىڭ بېغىشىغا.

ئۆركەشلەپ ئاققان زىلال قاش سۇلىرى،
ئېلىنى پۈركەپتۇ گۈل - چېچەكلەرگە.
چېچىپتۇ نازۇ - نېمەت چاچقۇسىنى،
قاندۇرۇپ ئەلنى كۈتكەن تىلەكلەرگە.

ئۆزەمنى سەزدىم شۇنچە شات، بەختىيار،
خۇش نەپەس ئالغاچ قاشنىڭ ھاۋاسىدىن.
بۆلىنىپ چىن دوستلۇقنىڭ بۆشۈكىگە
كۈچ تاپتىم ئاقىنلارنىڭ ناۋاسىدىن.

يېقىنلاپ كەلدى مېنىڭ قايتىش ۋاقتىم،
قىيمىدى كۆزۈم قاشتىن ئايرىلىشقا.
ھىجراننىڭ ئازاۋى بەك يامان ئىكەن،
ئاز قالدى يۈرەك - باغرىم يېرىلىشقا.

ساھىللار، باغ، يايلاقلار قالدى ئارتتا،
كۆڭۈللۈك ئۆتكەن كۈندۈز - ئاخشام قالدى،
گۈزەل قاش!
جىلىلىنى كەتتى دىمە،
بويۇڭدا ياڭراتقان كۈي - ناخشام قالدى.

1982 - يىل، ئۆكتەبىر، (غۇلجا).

## كونا دىمەڭلار

يېڭى يىلنى تەبرىكلىگەندە،
خۇشلىشىمىز كونا يىل بىلەن.
لېكىن، ئۇنىڭ غەلبىلىرىنى
ئىزھار قىلىپ بولالماس تىل بىلەن.

ئۆتكەن يىلنى «كونا» دىمەڭلار،
كونا پەقەت ئۇنىڭ رەقىمى.
ئوخشىمايدۇ باشقا يىللارغا،
چۈنكى، يېڭى مەزمۇن، قەدىمى.

جۇشقۇن، يېڭى غەيرەت بولسىلا،
ئادەم يولدا قالمايدۇ ھېرىپ؛
بىزنىڭ يىللار تارىخ بېتىدە
نۇر چاچىدۇ كەتمەيدۇ قېرىپ.

1984 - يىل، 1 - يانۋار، قەشقەر.

چۈنكى، ساڭا بېرىلمەس باھا
تەققى ـ تۇرقۇڭ، يېشىڭغا قاراپ.
ياغار پەقەت ھۆرمەت ئالقىشى
ئەلگە قىلغان ئىشىڭغا قاراپ.

شۇڭا ياشنىڭ چوڭلۇغىدىنمۇ
ئىش ـ نەتىجە چوڭلۇغى ئەلا.
يېڭى ياشنىڭ خوشاللىقىدىن
يېڭى ئىشنىڭ خۇشلۇغى ئەلا.

## چۈشەنسەڭلار...

سوراپ قالدى بىر كۈن مېنىڭدىن
يۇرتىمىزنىڭ قىزىقچىلىرى:
«نەدىن كەلدى پىشانىڭىزنىڭ
چىبەرقۇتتەك سىزىقچىلىرى؟»

جاۋاپ بەردىم: «بۇ سىزىقچىلار
قېرىلىقتىن بەرمەس بىشارەت.
پىشانەمدىن ئورۇن ئالدى ئۇ،
يۇرتۇم ئۈچۈن چەككەچ رىيازەت.

چۈشەنسەڭلار، بۇ سىزىقچىلار
تەپەككۇرنىڭ دەرياسى ئەسلى.
ئۇندا ئاققان ھەر بىر تامچە تەر
چىن ھاياتنىڭ مەناسى ئەسلى.»

ئويناق، ئەركە سۇلىرىڭ بولسام،
باغرىڭلى چىلك سۆيۈپ ئاقاتتىم.
ھارارەتتىن پارغا ئايلانسام،
كۆكتىن يەنە ساڭا ياغاتتىم.

بولسام مەيىن باھار شاملى،
چاچلىرىڭنى يۇمشاق تارىسام.
يۇلتۇزلىرىڭ بولسام كۆكتىكى
جامالىڭغا تويماي قارىسام...

ياق!
بولمايمەن تەبىئەت ھۆسنى،
تەبىئەتتە يوق ھىسسىيات، يۈرەك.
سىنىڭ چەكسىز، ئۇلۇغ سۆيگۈڭنى
سىزىش ئۈچۈن پاك يۈرەك كېرەك.

پەخىرلىنىمەن بۈگۈن، ۋەتىنىم،
چىن ئىنسانمەن —
تۆرەلگەن سەندە.
بېغىشلىدىڭ مېھرى - ئىشقىڭنى
مەن دۇنياغا كۆز ئاچقان دەمدە.

شۇڭا، يۈكسەك مۇھەببىتىڭنى
ئەلا بىلدىم جاندىن، ئانىجان.
تۇتقۇنلۇققا بەردىم مەن چىداش،
ھۇۋۇلىغاندا دەھشەت شىۋىرغان...



**ئابلەت ئابدۇللا** 1946 - يىلى 5 - دېكابىر كۈنى غۇلجىدا تۇغۇلغان. 1962 - يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن. ھازىر غۇلجا شەھەرلىك رادىيو ئۆزىلىنىڭ مۇخبىرى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.

شائىرنىڭ دەسلەپكى ئىجادىيىتى 1957 - يىلى «كانىكۇلدا» شېئىرى بىلەن باشلانغان ئىدى، يېقىندا ئۇنىڭ «ئىلى مۇھەببىتى» ناملىق شېئىر ۋە داستانلار توپلىمى نەشرگە بېرىلدى. ئۇنىڭ يەنە «بىپايان زېمىن – كەڭ سەھنە»، «ئارزۇ» قاتارلىق ھېكايىلىرىمۇ بار.

# ئىككى شېئىر

## ۋەتەن مۇھەببىتى

مېھرى بىلەن تەبىئەت ئەگەر
دەرەخ قىلىپ ياراتسا مېنى،
شۇ چاغدىمۇ يىلتىزىم بىلەن
قۇچاقلايتتىم ۋەتىنىم سېنى.

*     *

ئەزىز ئانام، بەختىم — ۋەتىنىم،
سەن مېھرىۋان ماڭا تا ئەبەت.
بورانلاردا ئۆچمىگەي ئەسلا
مېھرىڭ بىلەن يانغان مۇھەببەت!...

1981 - يىل، ئۆكتەبىر.

## ئاق تۆپىدە ئاي كۆردۈم

ئاق تۆپىدە ئاي كۆردۈم،
ئاي دىگىنىم گۈلجامال.
ئاق تۆپىدە باي كۆردۈم،
باي بولۇپتۇ توختى «گال».

ئاي بىلەن باي تۇققانمۇ،
ئاي تۇغدىمۇ - ئايخانىمۇ؟
جۈپ ئاقتۇكەن ئايلىناي،
ئاق ئۈستەگدە ئاققان ئۇ.

بىرى بۇلبۇل، بىرى گۈل،
كەڭ ئېتىزدا بالقىسا.
ياشنارمىدى دالا - قىر،
يۈرىكىنى ياقمىسا.

توختى چاپسا تۇلپارنى،
ئاي سىيالكىغا قونۇپتۇ.

سەن ئىگىرساڭ ئەلەمدە - غەمدە،
كۆڭلى قارىلار خوشال - شات ئىدى،
تۇغۇلسىمۇ قوينۇڭدا ئۇلار،
ۋەتەن، ئىشقىڭ ئاڭا يات ئىدى.

سىنىڭ قايغۇ، كۆز يېشىڭ، ئانا،
مىليون دىللار قەلبىگە تۇتاش.
ئاخىر غەزەپتە چايقالدى دېڭىز،
كۈلدى ئاسمان،
كۈلدى يەر، قۇياش!

*　　*

بۈگۈن گۈزەل باغرىڭدا ياشنار
يېڭى،
جۇشقۇن،
بەختىيار ھايات.
يېڭى سەپەر - ئىجات، ئەمگەكنىڭ
سۇمرۇغلىرى قاقماقتا قانات.

ئەنە چەكسىز ئالتۇن باشاقلار
ۋە يۇلتۇزلار چاچقان پولاتتا،
ۋەتەن،
ئىشقىڭ پارلايدۇ روشەن،
ئۈندەپ بىزنى گۈزەل ھاياتقا.



مەخمۇتجان ئىسلام 1947-يىلى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1968-يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن. ھازىر شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە مۇھەررىر، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.

شائىرنىڭ دەسلەپكى شېئىرلىرى 1960-يىلىدىن باشلاپ مەتبۇئات يۈزىدە جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشكەن. ئۇنىڭ «باھار قوشاقلىرى»، «يۈرەك كۈيلىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى، «تاڭ شەبنەملىرى» دېگەن ئوبزورلار توپلىمى، «نېلىسىنىڭ غازغا مىنىپ ساياھەت قىلىشى»، «قەرىق بىرىنچى»، «ئابرويى تۆكۈلگەن كاتالىنىا» قاتارلىق تەرجىمە ئەسەرلىرى بار.

# كۆڭۈل كۈيلىرى

(شۇ ناملىق سىكلدىن پارچىلار)

## ئەينەككە قارىغاندا..

ئەينەككە قارىدىم، ساقاللىرىم ئاق،
قارمۇ بار بېشىمدا خۇددى ئۇچتەك ئاق.

سۇ ياقىلاپ ئايدىڭدا
بىر - بىرىگە بېقىپتۇ.

خاماندىمۇ - چەشتىمۇ،
ئوغۇت توشۇپ قىشتىمۇ،
ھەمرا ئىكەن ئۆرگىلەي،
كەچكۈرسىندا — كەچتىمۇ.

كۈمۈش تەردىن ئالتۇن تاغ،
ئالتۇن تاققا ئاي چىقتى.
تەقسىماتتا جۇپ ئاقتۇ
كۆككە چىقتى - باي چىقتى.

* *

ئاق تۆپىدە ئاي كۆردۈم،
ئاي بولۇپتۇ گۈلجامال.
ئاق تۆپىدە باي كۆردۈم،
ماي چاينايدۇ توختى «گال».

1983 - يىل، مارت.

«قەلبىمدە ئىشقىم گوياكى ئاتەش،
مەڭگۈلۈك ساڭا تالىقمەن» دىدى.

غۇنچە دىدىكى: «ياقتۇرساڭ مىنى،
ئاقسۇن تىنىڭدە چىن سۆيگۈ قىنى؛
مەن ئۆسكەن يەرگە باغلا مۇھەببەت،
شۇندىلا مەڭگۈ سۆيۈمەن سىنى.»

## ئانار گۈلى

«ئانار گۈلى گۈل ئەمەس» دەيدۇ،
بىلمىگەنلەر ئۇنىڭ قەدرىنى.
ماختىشىدۇ ئەڭ ئىسىل گۈل، دەپ،
لەيلى، سەبدە، مۇدەن، ئەترىنى.

ئاشۇ گۈللەر كۆركەم، چىرايلىق،
بىراق ھۆسنى باھار بىلەنلا.
غازاڭ بولار كۆكلەم، ياز كىتىپ،
كەچكۈز يىتىپ كەلگەن ھامانلا.

ئانار گۈلى ئاشۇ كۈز پەسلى
مىۋە بىرەر ھەممىدىن ئىسىل.
شۇنچە شىرىن — يۈرەككە شىپا،
ھۆسنى يارنىڭ مەڭزىدەك قىزىل.

بىر تال ئانار گۈلى بولسام مەن،
مىۋە بەرسەم خەلقىمگە تاتلىق.
ھوزۇر ئالسا ئۇنىڭدىن دىللار،
قۇچار ئىدى قەلبىمنى شاتلىق.

ئاشۇ چاغ ۋىجدانىم دېدى: «ئەمدى سەن
ئۆرۈلۈپ ئارقاڭغا، ئوبدان قاراپ باق!»

قارىدىم ئارقامغا، قالماپتۇ ھېچ ئىز،
ئۆتۈپتۇ ھاياتىم لاي سۇدەك ئېقىپ.
گوياكى چەيلەنگەن سامان ئوتىدەك،
بېرەلمەي، ئىسسىق، نۇر، گاھ ئۆچۈپ - يېنىپ.

ۋىجدانىم ئالدىدا قىزاردى يۈزۈم،
(نىم دېگەن نوموس بۇ، قالغاندا قېرىپ؟!)
بولمىسا ئادەمدە ئۇلۇغۋار غايە،
ئۆلەركەن تىرىكلا، غازاڭدەك چىرىپ.

## تەسىرات

قىپ - قىزىل غۇنچىگە قولنى ئۇزاتتىم،
«چىم» قىلدى بارمىقىم، «ۋاي!» دېدىم شۇئان.
گۈلمۇ بۇ، چاققاقمۇ؟... بولۇپ مەن ھەيران
ئۇكۇلاپ كۆزۈمنى باقتىم خىيالچان.

ھۆسنى ئۇز، چىرايلىق قىزىل غۇنچىنىڭ
كۆردۈمكى، يېنىدا تىكەن بار ئىكەن.
ئويلىدىم: گەر ئادەم قىلسا تەنتەكلىك،
پۇشايمان يەيدىكەن، ئازاپ يار ئىكەن.

## بۇلبۇل ۋە غۇنچە

بۇلبۇل غۇنچىگە: «ئاشىقمەن» دېدى،
«ھىجرىڭدە ھەر چاغ ئاغرىقمەن». دېدى.



**ئابدۇللا سۇلايمان** 1952 - يىلى چىرىيە ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1975 - يىلى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكولتېتىنى پۈتتۈرگەن، ھازىر خوتەن ئالى سىفەن تېخنىكومىنىڭ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.

شائىر ئەدەبىيات سېپىگە 1964 - يىلىدىن باشلاپ كىرگەن ئىدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇنىڭ «يوروۇغاش ناخشىلىرى» ناملىق شېئىر توپلىمى جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى. ئۇ «يۇرتۇمنىڭ كىشىلىرى» ناملىق داستانلار توپلىمىنى نەشرگە تاپشۇردى.

# تاغ ناخشىلىرى

(شۇ ناملىق سىكىلدىن پارچىلار)

## دەريا

تاغلارنى كېزىش ئىستەك - ئارزۇسىدا
تۇلپارغا ئوخشىتىپ يۈكلەپ قىلدىم سەپەر.

# ئاق كېچە

ئاق كېچە، ئاپپاق كېچە،
ئاخشىغا تولغان كېچە.
لەززىتى، مېھرى بىلەن
دىلغا ئوت ياققان كېچە.

دىلغا ئوت ياققان كېچە،
سوقۇدۇ سالقىن شامال.
تۇرۇمەن يارنى كۈتۈپ،
كېلىدۇ ساھىپجامال.

كېلىدۇ ساھىپجامال،
ئاپمۇ - ئاق نۇرغا چۆمۈپ.
پەن - ئىلىم دەرياسىدىن
بىباھا گۆھەر سۈزۈپ.

بىباھا گۆھەر سۈزۈپ،
كېلىدۇ خۇشخۇي كۈلۈپ.
يۈرىكىم ئەلبومىغا
سۆيگۈدىن قوشاق پۈتۈپ.

سۆيگۈدىن قوشاق پۈتۈپ،
يار قويار كۆكسۈمگە باش.
لېۋىدىن بەرگەندە بال،
چاقنىدى دىلدا قۇياش...

ئاق كېچە، ئاپپاق كېچە،
ياقىسەن كۆڭلۈمگە سەن.
تۆكۈمەن ئوتلۇق قوشاق،
زوقلىنىپ جىلۋەڭگە مەن.

شاتلىققا چۈمۈلەتـتىم، ئاشۇ قەترەم —
قاتىسا شان ئانا يۇرتنىڭ گۈللىشىگە.
بولاقمەن، چوڭ دەريانى ئۇلغايتقۇچى،
ئۆزىتار ئاڭا كەۋسەر ئىشقىم كۆچى.

## چوپان

سوزۇلغان ئىلان باغرى چىغىر يوللار
شايىدىن رومال ئارتقان تىك چىرقىغا.
قارىدىم تەئەججۇپتە بىر پەس توختاپ،
ئۆندىكى ئۇتلاۋاتقان مال تـوپىغا.
قويلارنى ئاق بۇلۇتقا قىلىپ قىياس،
قەلبىمنىڭ ئاپاراتى بېسىلدى «چاس!»

ئاپارات ئەينىكىگە چۈشتى روشەن
قولىدا راۋاپ تۇتقان چوپان بوۋاي.
ئولتۇرۇپ قىيا تاشنىڭ ئۈستىدە ئۇ،
ئېيتاتتى لەرزان ناخشا - غەزەل تىنماي.
قەلبىمنىڭ ئۈنـئالغـۇسى ئېلىپ كۈيىنى،
قوزغاتتى مەندە مۇنداق خىيال - ئويىنى:

«بولىسمۇ چىقىپ - چۈشۈش بەك خەتەرلىك،
نېچۈن مال باقار بۇندا چوپان خوشال؟»
سېمىز گۆش قايناتقىنىم كېلىپ ئەسكە،
يېشىلدى ئـۆز - ئۆزىدىن سىرلىق سوئال.
چەكسىمۇ جاپا، ئەلنى خۇش قىلار ئۇ،
شۇڭا تەر، ئەجرىدىن لوق گۆش قىلار ئۇ.

ئارقامدا قالدى ئۇزۇن كارۋان يولى،
ئاتقاندا تۈننى قوغلاپ قۇتلۇق سەھەر.
ئەمەسكەن كۆرۈنگەن تاغ ھەرگىز يىراق،
ئارزۇيۇم مەنزىلىمگە ياقتى چىراق.

ئۆتكەندە ئەزىم دەريا، ساھىللاردىن،
تۆرۈلگەن دولقۇنلارغا نەزەر سالدىم.
مەھلىيا بولۇپ شاۋقۇن — كۈيلىرىگە،
قىرغىقى — پايانىغا قاراپ تالدىم.
ياپىرەي، تۇتتى شۇندا ھەيرانلىقىم،
«بۇ ھەيۋەت سۇ كېلىدۇ نەدىن؟» دېدىم.

ئۇچراتتىم يولنى داۋام ئەتكەنسېرى
تاغ بويى سانسىز تارام — ئېقىنلارنى.
قېشۇلۇپ ئۇلار دەريا ھاسىل قىلىپ،
ئاقاركەن بېسىپ يىراق - يېقىنلارنى.
دەرياغا قاتسا كەۋسەر بۇلاق چۇشمە،
ئاچاركەن قۇچىغىنى جىلغا، تەشمە...

ھە بىلدىم، ئاشۇ تامچە، ئېقىنلارسىز
بولماسكەن ھاسىل ئەزىم دەريا - ئەنھار.
گەر دولقۇن بىر بىرىنى ئىتتەرمىسە،
ئۈزۈلۈپ قالماسمىدى رىشتە زىنھار.
بۇ ماگا جوشقۇن ھايات بوپ تۇيۇلدى،
دەرياغا قەلبىم ئىشقى تەك قۇيۇلدى.

قوشۇلار قىسقا ئۆمرۈم چەشمىلىرى
ھاياتلىق دەرياسىنىڭ ئۆركىشىگە.

ھوشيارلىق بىلەن تالاي كۈندۈز-كېچە.
ئۇ باتۇر قۇش، تەييارغا ھېرىس ئەمەس،
قۇزغۇنغا ئېتىلىشنى قىلار ھەۋەس.

قاغىمۇ ئۇنى دوراپ ئۇچۇپ باقار،
لېكىن بىر داۋان ئاشماي قالار ھېرىپ.
ئۇچرىسا تەلىيىگە سېسىق تاپ — گۆش،
ئۇستىگە قونۇپ ئالار مەيدە كېرىپ.
ئۆلتۈردۇ قاغا ئۆمرى تاپىنى چوقۇپ،
قىلىدۇ بۈركۈت پەرۋاز كۆكنى قوچۇپ.

بۈركۈتكە ياتتۇر بۇ خىل ياشىماقلىق،
كۆك قەرى بېغىشلايدۇ ئاڭا راھەت.
كۆرۈشتىن يۈز يىل ئۆمۈر تاپىنى چوقۇپ،
بىر قېتىم جان تىكىشنى بىلەر قىممەت.
چوققىدا ئۇنىڭ تىنىما ئۇگىسى بار،
تاغ گۈلى كۆرپە ئاڭا، يوتقىنى قار.

مېنىڭمۇ ھېس بۈركۈتۇم قوندى شۇئان،
ئۇنىڭغا ھەمرا بولۇپ قىيا تاشقا.
خىسلىتى، شىددىتىدىن ئالدىم ئۆرنەك،
تىك تۇتۇپ باشنى، مەغرۇر-شات ياشاشقا.
ياشلىقىم — ئارزۇيۇمنىڭ جۈپ قانىتى،
بولۇدۇ ئالغا ئۆرلەش كاپالىتى!

1982 - يىل، ئاۋغۇست.

# بۈركۈت

تۇختىدى قۇياش بىر پەس تىك چوققىدا،
ئاداققى نۇرلىرىنى تۆكۈپ تاققا.
تاۋلانسا تىزمىلىرى ئۇتقاش كەبى،
قىيالار ئوخشىدى بىر قىزىل داغقا.
چوققىلار گويا شەمشەر نۇرنى كەسكەن،
بۇ يېشىل دۇنيانى شوخ شامال ئەسكەن.

چوققىغا قونىدى شۇ چاغ قىران بۈركۈت،
پەرۋانە ئوت-يالقۇنغا ئېتىلغاندەك.
سىلكىپ پەي-قانىتىنى كېرىلدى ئۇ،
بەستىگە يېڭىدىن كۈچ قېتىلغاندەك.
تىككەندە يىراقلارغا جۈپ كۆزىنى
تىرنىقى قامالدى تاش يۈزىنى.

چولپاننى ئويغىتىپ ئۇ تاڭ سەھەردە
كەتكەنتى ئۇچۇپ مۇشۇ تىك چوققىدىن.
كۆز تىكىپ قوزغۇنلارنى قىلدى شىكار،
ھارغىنلىق سېزىلمەيدۇ ھېچ تۇرقىدىن.
بار قانىنىڭ دېغى تۇمشۇق، تىرنىقىدا،
تاغ تىترەر گويا نەپەس-تىنىقىدا.

قانچىلاپ بۆرىلەرگە تاشلاندى ئۇ،
ئۇچۇرما بولغاندىن تا بۈگۈنگىچە.
ئىزلىدى دۈشمىنىنىڭ ئۇۋىسىنى،

تىلغا ئالسام سېنىڭ قۇتلۇق شۇ نامىڭنى،
لەۋلىرىمدىن تامچىلايدۇ ھەسەل قەشقەر.

ئارزۇلىرىم ئاچتى چېچەك يۈرەك قاندى،
ۋۇجۇدۇمدا ھاياجاندىن ماگما ياندى.
مىڭ كۆز بولۇپ مۇھەببەتتە باقتىم ساڭا،
خوشاللىقتىن ئىلھاملىرىم قاناتلاندى.

يېڭى ھايات جىلۋە قىلغان جامالىڭدىن،
جەننەت ساڭا بەخش ئەتكەن باھارىڭدىن،
يۈرىكىمگە ئاقتى ئىلھام، يېقىلدى ئوت،
سېنىڭ مەزمۇت چىنار قامەت، مادارىڭدىن.

نىمشقىمۇ جان ئانادەك سۆيمەي سېنى،
ئىلخىدەك ئەزىزانە كۆرمەي سېنى؟!
تىيانشاننىڭ ماڭلىيىدا گۆھەر تۇرساڭ،
كۆزلىرىمگە تۇتىيا قىپ سۈرمەي سېنى؟!

سەندە بوۋام كىندىك قېنى يېنىپ تۇرسا،
قەۋرىسىنى قىزىلگۈللەر يېپىپ تۇرسا،
كۈيلىمەيمەن نىچۈن سېنى، يۈرىكىمنىڭ
بىر پارچىسى كۆكرىكىڭدە تېپىپ تۇرسا!

## ئالىم مازىرىدا

ئىلىدىن دەستە گۈللەر تىزىپ كەلدىم،
قويۇمەن مەقبىرەڭگە، ئالىم ئاتا.



**قەييۇم سوپى** 1947 - يىلى قورغاس ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1968 - يىلى بېيجىڭ مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنى تۈگەتكەن. ھازىر ئىلى ئوبلاستلىق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ خادىمى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.

ئۇنىڭ بىرىنچى شېئىرى — «دوستلىرىمنى چىللايمەن» 1962 - يىلى ئىلى گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان ئىدى، تۇنجى داستانلار توپلىمى — «تيانشاننىڭ كۈلكىسى» 1984 - يىلى جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى. يېقىندا «ئىلى دەرياسى» ناملىق پوۋېستىنى نەشرگە بەردى.

# ئىلھام جامى تولدى شەرۋەتكە

(جەنۇپ سەپىرىدىن تەسىراتلار)

## ئانا قەشقەر

سالام قەشقەر، ئانا قەشقەر، گۈزەل قەشقەر،
يۈرىگىمنىڭ قېتىدىكى غەزەل قەشقەر،

كىتاۋىڭ ۋاراقلىسام ھەر قېتىمدا،
قولۇمغا ئالتۇن ئاچقۇچ تۇتقۇزۇدۇ.
شۇ قامۇس نۇر چىرىغىم، جان ھەمرىيىم،
غەپلەتتىن مېنى ھامان قوتقۇزۇدۇ.

ئىزىدىن ماڭمىغانلار ئاتىلارنىڭ
ئاتالماس ئاتا ئوغلى ۋەسلىمىزدىن.
چىرىغىڭ ياندۇرۇمىز، ئۆچۈرمەيمىز،
چىقىدۇ ئىزباسارىڭ نەسلىمىزدىن.

خەير - خوش، مەھمۇت ئاتا، خۇش قال ئوپال،
ئالىمنى باغرىغا ئېپ ياتقان ماكان!
توپاڭدىن چېكىمۇالدىم ياغلىغىمغا،
بۇلار ئۇ كوچ - جاسارەت ئاشسام داۋان.

## چۆل

باردىمەن سەپەردە، چۆللەر ئاردلاپ،
ئارقامدا قالىدۇ قۇم بارخانلىرى.
ئىسسىقنىڭ تەپتىگە چىدايمەن يەنە،
چۆرەمدە يانىسمۇ ئوت گولخانلىرى.

بۇ چۆللەر يۇرتۇمنىڭ پۈتمەس بايلىغى،
گويا بىر ساندۇق ئۇ، تېخى ئاچمىغان.
زەگانىڭ قولىغا چۈشمىگەن ئالتۇن،
بىر تەييار چىراق ئۇ تېخى يانمىغان.

ئۇندا بار سانسىزلاپ بۇلاقنىڭ كۆزى،
ئاستىدا چايقىلار نېفىت دېڭىزى.

قويۇمەن قەلبىملىمۇ بىللە شۇدەم،
ھۆرمەتتىن يۈرىگىمدە ياڭراق سادا.

زەر بۇلاق، چەشمە زىلال ① ۋۇجۇدۇمدا
خوشاللىق پەرىشتىسى ئاچتى قۇچاق.
تاۋاپ قىپ قويغىنىمدا قەۋرەڭگە باش،
تۇيۇلدۇڭ ماڭا شۇ تاپ گويا ئويغاق.

ئىلھامىم يەتتە ئېقىن ② ئۆركەشلىگەن،
سىغمايدۇ ئىچ-ئىچىمگە ئېپتىخارىم.
ئوغلىمەن ئاڭلا، مەھمۇت قەشقەرىنىڭ
ھوزۇرىدىن جاراڭلايدۇ زىل دۇتارىم.

مەرىپەت ئاسمىنىنىڭ چولپانىسەن،
نۇر چېچىپ، تائەبەتكە ئۆچمەيدىغان.
قالدۇرغان ئۇلۇغ تۆھپە، ئىجادىڭدىن،
ئەسىرلەر ياشايدىغان، ئۆلمەيدىغان.

مۇبارەك دىۋانىڭنى ۋاراقلىسام،
ئۆمرۈمگە يېڭى ياشلىق كۈچ ئالىمەن.
ئىرادەم «هاي-هاي تېرەك» ③ ئۆزەك قويغان،
ئېلىمنىڭ مەنزىلىگە ئات سالىمەن.

---

① چەشمە زىلال — مەھمۇت قەشقەرى مازارى ئالدىدىكى بۇلاقلارنىڭ ئىسمى.
② يەتتە ئېقىن — ئوپالدىكى يەتتە ئېقىن.
③ هاي - هاي تېرەك — مەھمۇت قەشقەرى مازىرىدىكى چەشمە زىلال بۇلىقى يېنىدا ئۆسكەن بىر تۈپ تېرەك.

كۆردۇم ئۆتكۈر كۆزلىرىنى،
كۈيلىرىڭدىن ئاڭلىغاندەك
بولدۇم ئۇلۇغ سۆزلىرىنى.

غۇرۇر قوشتۇق غۇرۇرمىغا،
قۇۋۋەت ئالدىم ۋۇجۇدۇمغا.
فونتانلىرىڭ يۈرىگىمدە،
ئېپ كېتمەن ئۆز يۇرتۇمغا.

## سايە دۆڭ

پاھ! سايە دۆڭ ① ،
سايەڭ چۈشتى ئۈستۈمگە،
چۈشتى شۇنداق يۈرىگىمگە كۆكسۈمگە.
نەشپۈتزارلىق مۆجىزە بوپ كۆرۈندى،
ھەيران قالدىم، ئىشەنمىدىم كۆزۈمگە.

بېھىشنى مەن رىۋايەتتە ئاڭلىغان،
تەھقىقكى، ئۇ سايە دۆڭگە يەتمەيدۇ.
ياپراق قايرىپ جىلۋە قىلغان نەشپۈتتە
يار نازى بار، مەڭگۈ ئەستىن كەتمەيدۇ.

1983 - يىل، دىكابىر

① سايە دۆڭ — كورلىدىكى چوڭ نەشپۈتزار.

زارلىما، ئەي كارۋان، بېرىۋەر، شۇ چۆل،
ئەتىكى ھاياتنىڭ گۈلشەن ئىزى...

## توققۇز بۇلاق

توققۇز بۇلاق ① — كۈمۈش بۇلاق،
ئېقىشىڭغا سالدىم قۇلاق.
فونتانلىرىڭ — قايىنىمىڭدىن،
ئاڭلىدىممەن ياڭراق قوشاق.

مۆلدۈر مۇنچاق سۈيۈڭ تاتلىق،
جاراڭلىغان كۈيۈڭ تاتلىق.
ئېرىقلاردا قىرغاق سۆيۈپ،
شىلدىرلىغان ئۈنۈڭ تاتلىق.

كۆزلىرىڭدىن ياقۇت كۆردۈم،
ئىچتىم سېنى، ھوزۇر سۈردۈم.
چىمەنزارلىق باغلىرىڭدا
سەيلى قىلدىم، خوشال يۈردۈم.

مۆلجەر تاغنىڭ باغرىدا سەن،
يېشىل بوستان قوينىدا سەن.
مۆجىزىدىن گۈل تاقايسەن،
ھەر بىر باغلىق ھويلىدا سەن.

ئاباباسوپنىڭ ② ئىزلىرىنى،

① توققۇز بۇلاق — ئۈچتۇرپان ناھىيىسىدىكى جاي نامى.
② ئاباباسوپ — ئىنقىلاۋىي قۇربان ئابدۇكېرىم ئاباباسوپ ئۈچتۇرپاندا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئىدى.

ياتسەن مەرۋايىتتەك جۇلالىنىپ،
يالىتىراپ قىلىپ جىلۋە، چۆل ئىچىدە.

بىر چېتىڭ تەگرى تېغى، كۆلۈپ باقار،
بىر چېتىڭ ئەزىم تارىم، ئۇخچۇپ ئاقار؛
ئۆگەننىڭ سۈيى ئۆتۈپ يان- يېنىڭدىن،
بوينۇڭغا ئۈنچە، ياقۇت، مۇنچاق تاقار.

باغلىرىڭ گىرەلەشكەن بىر تام ئارا؛
ئېرىقىڭ شەرۋەت بىلەن تولۇپ ئاقار.
يوللىرىڭ بۈك- باراقسان جانغا راھەت،
چىمەنلەر كەڭ باغرىڭغا بەرقۇت ياپار.

بىپايان ئېتىزلىرىڭ سالا- سالا،
تۇپرىقىڭ مول ھوسۇللۇق شۇنچە مۇنبەت.
ئوتلىقىڭ مال قوراسى، مەرەيدۇ قوي،
ئەلتىرەك جاھانغا كۆز، زەپمۇ ھەيۋەت.

ئارىلاپ باغرىڭ ئارا كۆز تاشلىدىم،
تاغلىرىڭ كۆزلىرىمگە گۈل كۆرۈندى؛
ھۆزمەتتە رەسىملەرگە يۈزۈم ياقتىم،
مىڭ ئۆيۈڭ جاھانشۇمۇل كۈن كۆرۈندى.

بايقىدىم سىزمىلاردىن ئەقىل- ئىدرەك
تاشقا گۈل چېكىپ ئۆتكەن پاراسەتنى؛
تاغ تېشىپ سۇ باشلىغان باياۋانغا
تەگداشسىز كەشپىياتنى،
جاسارەتنى.



**تۇرسۇن زىردىن** 1937 - يىلى غۇلجا ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1956 - يىلى ئىلى ئەخمەتجان قاسىمى نامىدىكى بىلىم يۇرتىنى تۈگەتكەن. ھازىر ئىلى گېزىتى ئۇيغۇر تەھرىرى بۆلۈمىدە ئەدەبىيات بېتىنىڭ مۇھەررىرى؛ جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.

ئۇنىڭ تۇنجى شېئىرلىرى 1956 - يىلى جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشكەن ئىدى. شۇنىڭدىن بۇيان ئۇنىڭ 100 پارچىدىن كۆپرەك شېئىر ۋە داستانلىرى ھەرقايسى گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى. ئۇ، ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى، چۆچەكلەر، مەسەل ۋە ماقال - تەمسىللەردىن ئىبارەت تۆت توپلامنى نەشرگە تەييارلىدى.

# تەسرات ئۈنچىلىرى

## كۈچار

تۇزمىسەن قۇيرۇق يايغان بۇ ۋادىغا،
ئەي كۈچار، قەدىم شەھەر گۈل ئىچىدە —

يىللار ئۆتسە ئىزى ئۆچەر كارۋاننىڭ،
بىراق مەزمۇت يەتتە قىزنىڭ قەۋرىسى.
ئەل قەلبىدە گويا كۈندەك يالتىراق،
جەسۇرانە قامىتى، گۈل چېھرىسى.

تىلدا داستان يەتتە قىزنىڭ ئىش - ئىزلىرى،
كەلدى پارلاپ ئاتا ئاتلاپ نەۋرىگە.
نەۋرىلەرمۇ ئاتا بولسا ئىز بېسىپ،
تارقىلىدۇ ئەۋرىلەردىن چەۋرىگە.

*　　*

ھەر كىم قىلسا خەلقى ئۈچۈن ياخشى ئىش
ئۇنتۇلمايدۇ ئۇنىڭ ئىشى ئەبەدكە.
چۈنكى ئۇلار كەتسىمۇ گەر ئارىدىن
روھى ياشار قەلبلەردە — يۈرەكتە.

1983 - يىل.

جاسارەت ئىگىسىنىڭ چەۋرىلىرى،
ئەي كۈچار، بۈگۈن ساڭا گۈل يېپىپتۇ.
ئۆگەنىنىڭ ئېقىمىدىن ئوت چاقنىتىپ،
تۈن كېچە ئاسمىنىغا نۇر تۆكۈپتۇ.

*         *

سىغىنىپ، سېنى كۈچار، ئۇچقان ئىدىم،
گۈل - گىيا يېيىپ يولغا، كۈلۈپ باقتىڭ.
ئەتىۋا ئوغۇل بىلدىڭ ئىلدىلىقنى،
باغرىڭنى ئېچىپ كەڭرى، قانات ياپتىڭ.

تۇرسامۇ ھوزۇرۇڭدا ئىككى كۈنلا،
ئوغلۇڭدەك تۈز - تەمىڭنى تېتىپ قالدىم.
ئارمان شۇ ساڭا كۆچەت تىكەلمىدىم،
ئۇخلىماي قوشىقىمنى قېتىپ قالدىم.

ئەي كۈچار، يۈرىكىمدە سۈرىتىڭ بار،
بالامغا قىلىپ سوغا كۆرسىتىمەن.
ئارمانلار يورۇقىنى قەلبلەرگە
سىڭدۇرۇپ باراقسان قىپ ئۆستۈرىمەن.

## ئۆچمەس ئىز

قىلدىم تاۋاپ يەتتە قىزنىڭ مازارىنى،
ياتار ئۇلار ئۇچتۇرپانغا باش قويۇپ.
پىدا قىلىپ ئاشۇ قىزلار ئۆز جېنىنى،
چىنقان ئىكەن ئاسارەتكە تىغ ئۇرۇپ.

— نېمە قىلىپ يۈرۈسەن
گۈلتەكچىدە، چىمەندە؟

— شۇ يايلاقتا تۇغۇلۇپ،
يايراپ خوشال ئۆسكەنمەن.
ئۇزۇغۇمدۇر سۈزۈك سۇ،
يېشىل مايسا - كۆك چىمەن.

سالقىن شامال، قۇشچاقلار
مېنىڭ دوستۇم — ھەمرايىم.
ساغلام، تېتىك ئۆسۈمەن
تاغ قوينىدا مەن دائىم.

— ئوزۇقلىنىپ سۇ ئىچسەڭ،
سەن شۇ گۈزەل يايلاقتىن،
ساڭا ئوخشاش سۇ ئىچتى
دىلىم مەكتەپ — بۇلاقتىن.

شۇڭا مەكتەپ قوينىدا
مەنمۇ خوشال ئۆسۈمەن.
سەن يايلاقنى سۆيگەندەك،
مەن مەكتەپنى سۆيىمەن.

## ھەرە

ھەي ھەرىچاق - ھەرىچاق،
ياساپ قويدۇم مەن باغچاق.
كەتتى گۈللەر ئېچىلىپ،
خۇشبۇي ھىدى چېچىلىپ.

**مۇتەللىپ جۇماخۇن** 1942 - يىلى قورغاس ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1959 - يىلى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكولتېتىنى پۈتتۈرگەن. ھازىر قورغاس ناھىيىلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.



شائىر ئىجادىيەت قوشۇنىمىزغا 1978 - يىلى كىرگەن ئىدى. شۇندىن باشلاپ ئۇنىڭ شېئىرلىرى ھەرقايسى گېزىت - ژۇرناللاردا بېسىلىپ كەلمەكتە. ئۇ «قالغاچ» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى نەشرگە تاپشۇردى.

# بالىلارنىڭ دوستلىرى

## ئوغلاق

— ئوغلاق، ئوغلاق، سەن نەدە؟
— تاغ باغرىدا، گۈلشەندە.

سەن سۆيگەلدەك ئېتىزنى،
مەن ۋەتەننى سۆيۈمەن.
كېلەچەكنىڭ ئىشقىدا
يالقۇنلىنىپ كۆيۈمەن.

## كۆچەت

پەرۋىش قىلدىم بېغىمدا
بىر تۈپ كۆچەت ئۆستۈرۈپ.
ئاينىغاچقا ئوبدانلا،
خىيال قىلدىم ئولتۇرۇپ:

زېمىندىن سۇ ئىچمىسە،
ئوزۇق بەرمىسە تۇپراق،
مۇنچە ياشناپ، باراقسان
ئۆسەلىسۇن ئۇ قانداق!

مەنمۇ شۇنداق كۆچەتمەن،
بىلىم — سۇ ھەم ئوزۇقۇم،
ئۆستۈرمەكتە پەرۋىشلەپ
ئۇلۇغ ئانا تۇپرىقىم.

1981 - يىلى، ئىيۇن.



«غىڭ...غىڭ» قىلىپ كېلىۋەر،
شېرىنسىنى ئېلىۋەر.
مېھنىتىڭنى خەلققە
سوغا قىلىپ بېرىۋەر.

مەنمۇ سەندىن ئۆگىنىپ
بىلىم يىغاي دىلىمغە.
ئىجات قىلىپ بىر ئۆمۈر
سوغا قىلاي ئېلىمغە.

## بوز تورغاي

بوز تورغىيىم، بوز تورغاي،
ئەجەپ خۇشخۇي سايرايسەن.
پىر - پىر قىلىپ ھاۋادا،
موللاق ئېتىپ ئوينايسەن.
ئاشىق بولۇپ قالدىڭمۇ؟
كېتەلمەيسەن ئېتىزدىن.
ھەۋەسلىنىپ كۆزۈمنى
ئۈزەلمەيمەن سېنىڭدىن.
كۆك مايسىلار يەلپۈنۈپ،
ئېتىز جەننەت بولغاندا،
ياكى يېغىپ ئاپپاق قار،
جۇت - شىۋىرغان ئۇرغاندا،
ئوخشاش ئۇچۇپ يۈرۈسەن
كەتمەي ئېتىز قىردىن.
چوڭقۇر مېھرىڭ كۆي بولۇپ
ياڭراپ تۇرار تىلىڭدىن.

نى كۆنلەر ئۆتمىدى باشتىن، نى كۆيغا سالمىدى ئۆتمۈش،
(ئۇ چاغنىڭ ئالەمى ئوخشار ئىدى رەڭگىگە قوندۇزنىڭ.)
تۇغۇلغانغا تۈمەن پۇشمان، ياشاشقا ئەسلا يوق ئىمكان،
ئاداققى لوقمىسى تارتىپ ئېلىنغاچ ئەھلى يوقسۇزنىڭ،
قاچان زۇلمەت يوقاپ، ھۆرلۈك ۋىسال كۆرسەتتى مەشرىقتە،
نۇرىنى كۆردى ئەل شۇ چاغ قۇياش، ئاي بىرلە يۇلتۇزنىڭ...
باھار پەسلىن ياراتقان پارتىيەم شەنىگە كۈي قاتتىم،
گۇۋاھى ـ شاھىدى بولغاي بۇ يازمام قىش، باھار ئۆزنىڭ.

* *

يېڭى جوڭگو قۇرۇلدى، پاھ، ئەجەپ نۇرانە تاڭ ئاتتى،
سابا كىيدى شەپەقتىن تون، باھار گۈلزارنى ئويغاتتى.
قۇچاق ئاچتى زېمىن دەرھال بەخت تاڭىغا ھۆرمەتتە،
كېيىپ زەر تاجىنى بوستان قىزىل گۈلدەستە ئويناتتى.
باھارنى قۇتلىدى بۇلبۇل، ئۇسۇلغا چۈشتى چوكانتال،
ئۆزىنىڭ دىل مەھلىيا قىلغۇچ ھوزۇرى جاننى يايراتتى.
تۈمەن يىل لەنىتى «ئۈچ تاغ» جاپاسىدا مىجىلغان دىل،
تېپىپ مەلھەم ــ داۋا، تۈنجى قېتىم شات كۈلكە ياڭراتتى.
جاھان رەنالىرى مەشرىق بېغىغا تىكتى كۆز، ھەيھات،
قەلبلەر ئاسمىنى پاتماس قۇياش نۇرىنى پارلاتتى!

* *

باھار كەلدى، ۋەتەنىنىڭ باغرىغا كۆچمەس باھار كەلدى،
چېچەك ئاچتى ئۆمۈر باغى گويا نۇرلۇق باھار كەلدى.



**روزى سايىت** 1944 - يىلى گۇما ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1976 - يىلى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكولتېتىنى پۈتتۈرگەن. 1981 - يىلى جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىنغان، ھازىر خوتەن «يېڭى قاشتېشى» ژورنىلىنىڭ مۇھەررىرى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

روزى سايىت 1973 - يىلى مەتبۇئاتقا كىرىشىپ كەلگەن ئىدى. ھازىرغىچە، ئۇنىڭ «قاشتېشىنىڭ رىۋايىتى»، «بۇ قىز كىمنى تاللىسۇن؟» قاتارلىق شېئىر ۋە داستانلار توپلاملىرى جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

# غەزەل ۋە رۇبائىيلار

## تاڭ شەجەرىسى

(شۇ ناملىق سىكىلدىن پارچىلار)

زىمىستاندىن بىزار بۇلبۇل يېتەر قەدرىگە نورۇزنىڭ،
يېتەر قەدرىگە خامانچى تېپىپ ۋاقتىدىكى مۇزنىڭ.

3

قىشلىغى تۆن، يازلىغى كۆن ئۆزار ئىكەن،
ئۆمرۆڭنىڭمۇ گۆلى بىللە توزار ئىكەن.
ۋاي ئىست، قەدرلەنمەي ئۆتكەن ئۆمۆر
هاياتنىڭ گۆلزارىنى بۇزار ئىكەن.

4

ساتقىنلار ۋىجدانىنى سېتىپ يەيدۇ،
ئىقىللىق ئەقلىدىن نان تېپىپ يەيدۇ،
بېشىنى سىلىغاننى چىشلەيدىغان
بى ئەقىل ـ ئەقلىنىمۇ قېتىپ يەيدۇ.

5

باھا بەرمەك ئاسانغۇ خەقنىڭ چىراي — ئەپتىگە،
لېكىن ھۆكۆم قىلماق تەس يۈرىگىنىڭ تەپتىگە.
«ئەل ئىشقىغا پەرۋانە، چوغ يۈرەك» دەپ بولامدۇ،
بەزىلەرنىڭ «ئىسسىغى» پايلىمىسا ھەپتىگە!؟

6

بەختىڭنى بەرپا قىل ھالال تەر بىلەن،
پۈتمەيدۇ ئىنسانىنىڭ رىسقى «بەر» بىلەن.
ئەقلىڭنى ئىشلەتكىن، زېهنىڭنى يۈگۆرت،
زامانەم گۆللىنەر ئىشچان ئەر بىلەن.

ئېچىلدى بارچە گۈل تەكشى، چۈرۈقلاپ سايرىدى بۇلبۇل،
بۇ شاتلىق ئەھلىنى قۇتلاپ سۇنۇپ گۈلدەستە يار كەلدى.
مۇھىم نۇقتا، مۇھىم ئىشقا — ئۇلۇغۋار جەڭگە يۆتكەلدى،
بۇ «يۆتكەش» تىن بىلەككە كۈچ، ئەقىلگە زور مادار كەلدى.
تۇرۇپ چىڭ «تۆت پىرىنسىپ»تا، ھەقىقەتنى سىناپ جەڭدە،
يۈرۈش قىلغاچقا ھەر سەپتىن زەپەر قات - قات، قاتار كەلدى.
مۇراتنىڭ ئاچقۇچى قولدا، ئۇنى كومپارتىيە بەردى،
ئۇ، بىر ئاچقۇچكى، كىم قەدرىنى بىلسە، غەمگۇزار كەلدى!

1983 - يىل، ئۆكتەبىر.

## رۇبائىيلار

1

پولات تاۋلىنىدۇ شاللىنىپ داشقال،
مېغىز تاللىنىدۇ خىللىنىپ شاكال.
ئۆمۈر گويا مېھمان، كېتىدۇ بىردىن،
ھايات رەنجىمىسۇن، ئىزدىگىن ئامال،

2

ئۆمرۈڭگە ئىشەنمە، تۆھپەڭگە ئىشەن،
قەترەڭدىن يارالسۇن چۆللەردە گۈلشەن.
قىلچە نەپ يوقمىسا ئەلگە سېنىڭدىن،
بارىڭدىن مىڭ ئەلا يوقلىغىڭ، چۈشەن!

11

قاپىغىڭ ئىششىپتۇ ــ باغلىۋاپسەن ئاق،
ماتەمدار ھالەتتە يۆتكەيسەن ئاياق.
ئوغۇللۇق بۇرچۇڭنى ئويلساڭ، دوستۇم،
ئۆلگەندە ئاز يىغلاپ، تىرىكتە ياق.

12

ھەر ئىشنىڭ باشلىنىش دەسلىۋى قىيىن،
جاپاسى ئالدىدا، راھتى كېيىن.
كىمكى كۆرسەتمەي چىدام، ئەجتىھات،
تەلپۈنسە راھەتكە ئىشى بىر تىيىن!

13

ئاتتى تاڭ، چىقتى كۈن، نۇرلىرى تاراپ،
ئويغاندۇق دىماقلار گۈل ھىدى پۇراپ.
بەختىنىڭ مەيدىنى ئۇتلايلىچۇ، كەل،
تېخىمۇ ئۇز زامان ــ ئەتىگە قاراپ!

1979 ـ، 1982 ـ يىللار.

7

تاك ئاتار، كۈن ئۆتەر ئۆز رېتى بىلەن.
كەلگەنلەر كېتىدۇ نۆۋىتى بىلەن.
ۋە لېكىن ئۆلمەيدۇ ئىجات، كەشپىيات،
ياشار ئۇ مەڭگۈلۈك ھۆرمىتى بىلەن.

8

يول ھەرقانچە بولسىمۇ يىراق،
بىر پەللىسى بولىدۇ، بىراق،
سەن ئۇنىڭدىن قانچىلىك باستىڭ،
قويدۇڭمىكىن ئۆزەڭگە سوراق؟

9

قۇم يىغىلسا تاغ بولۇدۇ، ئەل يىغىلسا باغ،
ئەل چېچىلسا نىم بولۇدۇ؟ يۈرەكلىرى داغ.
بەش بارماقنى جەم قىلمىسا تۈگۈلمەيدۇ مۇشت،
ئىككى قوشقار ئۇسۇشقەندە كۆلەر بورە، زاغ.

10

«بىر قېتىم كەسمەكچۈن ئۆلچىگىن يەتتە»
سەن بۇنى مىزان ئەت سۆزدە، ھەركەتتە،
ئەقىلنىڭ دۈشمىنى ئالدىراڭغۇلۇق،
ئالدىراپ ئىش قىلساڭ قالىسەن دەرتتە.

بىر بېشىدا ياشنار «دۆلەتباغ»،
«ئاۋات» ئىكەن يەنە بىر بېشى.

«ئاقساقمارال» ① مەزمۇت مېگىپتۇ،
«چۇقۇرچاق» قا تولۇپتۇ ئاش، ياغ.
«سېرىق بويا» بازىرى — جەننەت،
گۈل پۇرايدۇ. «ئانار گۈل»، «چار باغ».

## قىزىل يۇلغۇن

ماراللارنى ساقلىغان يۇلغۇن
كەڭ جاڭگالنىڭ كۆركى - زىننىتى.
يولۇچىغا كارۋانغا بەكمۇ
بىلىنىدۇ قەدرى - قىممىتى.

سۇلدۇرالماس بوران - قۇيۇنلار،
چۆكتۈرەلمەس توپان بالاسى.
شۇڭا كۆكۈل ئەيىنگىدە سەن
قەيسەرلىكنىڭ شانلىق سىماسى.

سەن قىزلارنىڭ مەڭزىسەن گويا،
لالە رەڭدە ئاچسەن چېچەك.
ساڭا ئوخشاش قىزارغاچقا نان،
سېنى كۆرسە ياپرار كېلىنچەك.

① قوش تەرناق ئېچىگە ئېلىنغانلارنىڭ ھەممىسى جاي ئىسىملىرى.



**تاھىر تالىپ** 1945 - يىلى قەشقەردە تۇغۇلغان. 1963 - يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، خىزمەتكە قاتناشقان. ھازىر «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلەيدۇ.

شائىرنىڭ دەسلەپكى شېئىرلىرى 1960 - يىلى مەتبۇئاتلاردا كۆرۈلۈشكە باشلىغان ئىدى. شۇندىن كېيىن ئۇنىڭ 250 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر ۋە ئوچېرىكلىرى گېزىت - ژورناللاردا ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭ «مارالۋېشى» ناملىق سىكىلى 1983 - يىلى «تارىم» ژورنىلىنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ھازىر «خەير، ياشلىقىم»، «زىناق سۈرىتى» ناملىق شېئىرلار توپلاملىرىنى نەشرگە تەييارلىماقتا.

# مارالۋېشى

(سىكىل)

## مۇقەددىمە

مارالۋېشى — راست مارال بېشى،
گۆھەر ئىكەن ھەر گىيا، تېشى ...

يېڭىچە كۆي - يېڭى مۇقام بار
شۇ ئورماننىڭ سادالىرىدا.

بويى كۆككە تاقاشقان ئۇنىڭ،
توغراقلارغا بولۇپ ماكانداش.
لېكىن يېشى كىچىك (ئۇ، بىزنىڭ
باھار بىلەن تەڭداش، زامانداش.)

يېڭى دەرەخ پولاتتىن - گاڭدىن،
ئۇق يىلتىزى يەرنىڭ قەرىدە.
(ئۇزاق يىللار بۇرۇختۇم بولغان
يەر تومۇرى — نېفىت شەھرىدە.)

يېڭى ئورمان سادالىرىدىن
ئۇيقۇسىدىن ئويغاندى جاڭگال؛
سۇمۇرگەندە قېنىنى يەرنىڭ،
چۆچۈپ يەرمۇ تولغاندى دەرھال.

پولات دەرەخ — ۋېشكا ئورمىنى،
ئوخشار گويا رەڭمۇ - رەڭ گۈلگە.
ئەزىز ۋەتەن، ئەي ئەزىز ئۆلكە،
باغرىڭ تولدى چىمەنگە — گۈلگە.

## تەم

ئاق ناۋاتتەك سۆزۈك بۇ تۈزدا
ئۆزگىچە بىر خىسلەت مۇجەسسەم:

ئەنە، سەييياھ ھاياجان بىلەن،
چېچىڭگە تۆكمەكتە كۆز ياش.
يۈرىكىدە ياشنار بىر ئارمان
ساڭا ئوخشاش مەردانە ياشاش.

## توغراق

سەنمۇ جاڭگال پەرىسى، توغراق،
ئۇچار قۇشقا ئاشيان - قونداق.
ئەگەر كۆكۈل بار دىسەڭ سەندە،
سىنىڭ كۆكلۈڭ سۈتتىنمۇ بەك ئاق.

تالاشمىدىڭ باغى ئېرەمنى،
كۆرەي دەپ يا سۇمبۇل سەنەمنى؛
يېڭىپ كەلدىڭ چۆلدە تىك تۇرۇپ
بالالارنى، جاپا - ئەلەمنى.

ئېگىز - ئېگىز دۆڭلەر - بارخانلار
ماكانىڭدۇر قۇملۇق تۇپراقلار.
قېرىساڭ گەر، كۆكلەيدۇ سانسىز
يېڭى بوغۇن — يېشىل توغراقلار.

## يېڭى ئورمان

يېڭى بىر خىل دەرەخ كۆكلەپتۇ
مارالۋېشى دالالىرىدا.

## خاتىمە

ئەگەر مەندە مىڭ كۆز بولسىمۇ،
ۋەتىنىمگە تويمايمەن قاراپ.
ئارمىنىم يوق ھەتتا سۇ كەبى
كەتسەم ئۇنىڭ تېنىگە تاراپ.

مارالۋېشى — ئەزىز ۋەتەنىنىڭ
رۇخسارىغا ياراشقان زىناق.
ۋە يا بىر گۈل گۈلزار ئىچىدە
دائىم چېچىپ تۇرغان خۇش پۇراق.

ياشار ئۇندا مەردۇ - مەردانىلار،
كەرەشمىلىك گۈزەل رەنالار.
رەنالارنىڭ لېۋىدەك لەزىز
بال چەشمىسى — يېزا - سەھرالار.

باغاشلىغىن، ئەي ئەزىز دىيار،
كۆكسۈڭگە مەن كۆكسۈمنى ياقاي.
قۇۋۋەت ئېلىپ مېھرىڭدىن دائىم،
شامدەك كۆيۈپ نۇرۇمنى چاچاي.

1982 - يىل، فېۋرال.

ئۇ قوشۇلغان ھەر بىر تاماقتا
ناۋاتتىنمۇ زىيادە بىر تەم.

ئۇزاتمايدۇ سەيياھنى شۇڭا،
بۇ يەرلىكلەر قىلماستىن غىزا.
ئۆز تۇزىنىڭ ئىسسىل تەمىنى
تېتىماقچى جاھانغا گويا.

## مەنا

سۇ ئامبىرى — «شور كۆل» بويىغا
كېلىپ قالدۇق قىلىپ مۇخبىرلىق.
ئالدىمىزغا قويدى ساھىپخان،
كاۋاپ قىلىپ پىشۇرغان بېلىق.

سەپەرداشىم — ۋۇچاڭلىق مۇخبىر،
داڭلاپ كەتتى تىلىنى تامشىپ.
«كۆرمىگەنمەن بۇنداق مېزىلىك
بېلىقلارنى ئەزەلدىن تارتىپ...»

كۆپنى كۆرگەن مۇخبىر دوستۇمنىڭ
بۇ سۆزىدىن چوڭ مەنا سەزدىم.
زۇمرەت قەدەھ — شور كۆل بويىنى
مېھرىم بىلەن باش - ئاياق كەزدىم.

بولۇپمەن ئىشقىدا بۇلبۇل چىمەنلەر ئىچرە سايرايمەن،
جاراڭلىق ناخشا توۋلايمەن يۈرەك رىشتىمنى تار ئەيلەپ.

كۆزۈم قارچۇغىدەك ئاسراپ ئۇنىڭ ھەر تال گىياسىنى،
قىلىپ تۇپراغىنى سۈرمە، گۈلىنى تىل - تۇمار ئەيلەپ.

ئاقار مېھرىم ياساپ ئۆركەش ۋەتەنگە ھەمدە خەلقىمگە،
ئۆمۈر ۋايەت قىلىپ خىزمەت ئۆتۈشنى چىن — شوئار ئەيلەپ.

ئەگەر يانسام ۋاپا قىلماي، ئۆزەمنىڭ ئەھدۇ - لەۋزىمدىن،
بولايكى مەن جۇدا جاندىن، قارا ساچىمنى دار ئەيلەپ.

غۇبارسىز پاك يۈرەك - قەلبى ۋەتەندىن نۇر ئېمىپ مەڭگۈ
سۆيەر دىلبەر ۋۇجۇدىدىن ۋەتەننى مەڭگۈ يار ئەيلەپ.

2

ۋەتەت ئىشقىدا سەن بولغىن ۋاپا پەرۋانىسى، دىلبەر،
يېرىپ بۆركۈت كەبى كۆكنى زامان مەردانىسى، دىلبەر.

ئېلىپ بارسا سابا ياڭراق كۈيۈك - ناخشاڭنى گۈلباققا،
كۆكۈلنى مەھلىيا قىلسۇن سۆزۈڭ دۇردانىسى، دىلبەر.

ئۇرۇنسا گەر ھەسەتخورلار گۈلۈڭنى چەيلىمەككە قەست،
ئۇلارغا ئوق بولۇپ تەگسۇن كۆزۈڭ پەيكانىسى، دىلبەر.

تۆكۈپ ساپ قان بىلەن تەرنى گۈلۈڭنى پەرۋىرىش ئەيلە،
بېغىڭ بولسۇن شۇ خەلقىڭنىڭ سەير ئاستانىسى، دىلبەر.



دىلبەر قەييۇم قىزى 1958 - يىلى قەشقەردە تۇغۇلغان. 1975 - يىلى قەشقەر دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرگەن. ھازىر «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.

شائىرەنىڭ ئىجادىيىتى 1980 - يىلى «بولسام بىر تامچە» ناملىق شېئىرى بىلەن باشلانغان ئىدى. 1984 - يىلى ئۇنىڭ «تامچە» ناملىق شېئىرلار توپلىمى ئامما بىلەن يۈز كۆرۈشتى. ھازىر «ئانا» ناملىق ھېكايىلار توپلىمىنى نەشرگە تەييارلاۋاتىدۇ.

# ۋەتەندىن نۇر ئىچىپ قەلبىم...

(غەزەللەر)

1

يېتەرمەن ئارزۇ - ئارمانغا ۋەتەننى ئىپتىخار ئەيلەپ،
گۈزەل جەننەت قۇچاغىدا يۈرۈشنى ئىختىيار ئەيلەپ.



**ئابدۇللا ساۋۇت** 1949 - يىلى ئاقتۇ ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1974 - يىلى قىزىلسۇ دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن. ھازىر ئاقتۇ ناھىيىلىك رادىيو-تېلېۋىزىيە ئىدارىسىنىڭ مۇخبىرى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

ئۇنىڭ دەسلەپكى شېئىرلىرى 1973 - يىلى «قىزىلسۇ گېزىتى» دە كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشكەن ئىدى. ئۇنىڭ تۇنجى شېئىرلار توپلىمى «يۇرتۇمدا توي» 1983 - يىلى جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى. ئۇنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بېرى يازغان «ئاتا - بالا دېخان»، «چاقماق»، «تېرەككە ئېسىلغان باش» قاتارلىق ھىكايە ۋە پوۋېستلىرى بار.

# ئىككى شېئىر

## گۈزەللىكنىڭ غەزنىسى ئۆزەڭ

ئانا دەيمەن سېنى ۋەتىنىم،
ئىلھامىمنىڭ چەشمىسى ئۆزەڭ.
مۇھەببىتىم بىر ساڭا مەنسۇپ،

3

ھەم جاپالىق ھەم شەرەپلىك تاللىغان مەنزىل يولۇم،
ئارزۇيۇم شۇ تالمىسۇن ھەرگىز، قەلەم تۇتقان قولۇم.

چۈنكى ۋىجدان چىللىدى: «چۈش جەڭگە» دەپ پەرمان قىلىپ،
شۇ خىتاپ بىرلە ئېتىلدى ئالغا ئىلھام دۇلدۇلۇم.

دوستلىرىمغا جۆر بولۇپ سايراي ئەجات گۈل باغىدا،
خۇشپۇراق چاچسۇن ھەمىشە لالە، رەيھان، سۇمبۇلۇم.

ۋەتىنىم، خەلقىم ئۈچۈن تۆككەن تەرىم مەھسۇلىدىن،
ئارزۇيۇم شۇدۇر ئېچىلسا نەۋ باھارىمدا گۈلۈم.

شۇ ئەقىدەمدىن ئېچىلغان گۈلنى قىسا، دوستلىرىم،
نىمە ئارمان بىر ئۆمۈر شات سايرىسا شوخ بۇلبۇلۇم.

1982- يىل، فېۋرال.

ئەتىۋالاپ ئۆستۈردۈڭ مېنى.
بەخت — ئامەتنىڭ ئانىسى ئۆزەڭ،
گۈزەللىكنىڭ غەزنىسى ئۆزەڭ.

سۆھبەت قۇرۇپ ۋىسال قەسرىدە
سەندىن ئۆزگە سىرداش تاپمىدىم.
مېھرى - شەپقەت بابىدا ئەسلا
ساڭا يېتەر تەڭداش تاپمىدىم.
يۈكسەكلىكنىڭ چوققىسى ئۆزەڭ،
گۈزەللىكنىڭ غەزنىسى ئۆزەڭ.

پەرزەنتىڭمەن، ساڭا ۋاپادار،
ئانا دەيمەن، ئانا تىلىمدا.
ئىشقىڭ ئاتەش، ئىشقىڭ بىر يالقۇن،
ئىشقىڭ مەڭگۈ يانار دىلىمدا.
ئوتلۇق دىلنىڭ سەزگۈسى ئۆزەڭ،
گۈزەللىكنىڭ غەزنىسى ئۆزەڭ.

ئانا دەيمەن، ئەي گۈزەل جۇڭخۇا،
بەخت ماڭا سەندە كۈلمەكلىك.
ئاق سۈتۈڭنى ئاقلاپ بىر ئۆمۈر،
بىرلا سېنى جاندىن سۆيمەكلىك.
شۇ ئارزۇنىڭ رىشتىسى ئۆزەڭ،
گۈزەللىكنىڭ غەزنىسى ئۆزەڭ!

1984 - يىل، 27 - ماي.

ھاياتىمىنىڭ سۆيگۈسى ئۆزەڭ.
شۇ سۆيگۈنىڭ مەنىسى ئۆزەڭ،
گۈزەللىكنىڭ غەزنىسى ئۆزەڭ.

سەن بىر زېمىن، زەر بىلەن پۈتكەن،
تۇتىيادۇر سەندە ھەر گىيا.
لەۋلىرىنى باغرىڭغا يېقىپ،
ئالتۇن چايقاپ ئاقىدۇ دەريا.
ئالتۇن - كۈمۈش چەشمىسى ئۆزەڭ،
گۈزەللىكنىڭ غەزنىسى ئۆزەڭ.

باغلىرىڭدا سايرار شوخ بۇلبۇل،
شەنىڭ ئۈچۈن ئوقۇپ قەسىدە.
شۇ قەسىدە دىلغا ئورناشقان،
ساڭا تالىق ئۇلۇغ ئەقىدە.
ئەقىدىلەر نەزمىسى ئۆزەڭ،
گۈزەللىكنىڭ غەزنىسى ئۆزەڭ.


بۇلدۇقلىغان بۇلاقلاردا بار
قىسسىلەرنىڭ پۈتمەس بايانى.
ھەر تامچىدا بىر قامۇس — تارىخ،
تاڭ قالدۇرار پۈتكۈل دۇنيانى.
قامۇسلارنىڭ ھەممىسى ئۆزەڭ،
گۈزەللىكنىڭ غەزنىسى ئۆزەڭ.

سېخى باغرىڭ بايلىغىم ئۈچۈن
نېمەتلەرنىڭ كەڭرى داسخىنى.
بەختىم شۇدۇر، شۇ بەخت ئىچرە

قەلبىمدە ئۆكۈنۈش، مىڭ بىر پۇشايمان،
ۋىجدانىم سوراقتىن توختىمايدۇ ھېچ.
نېمە دەي، ئىجاتتىن بولمىسا تۆھپەم،
قىزاردى يۈزلىرىم، يوقالدى كۈلكەم،
يۈرىكىم جاۋاپسىز تۇراتتى تېپ - تېنچ.

دىدىكى ۋىجدانىم: «كۆز ئېچىپ قاراپ،
كارۋانغا ئەگىشىپ سالغىن جەڭگە ئات!»
غەپلەتتىن ئويغىنىپ قەددىمنى رۇسلاپ،
ئىنتىلدىم كۆرەشكە مەنزىلنى بويلاپ،
سەزدىمەن شۇ چاغدا ئۆزەمنى پەرھات.

ياشايسەن نىچۈن؟ دەپ سورىسا ۋىجدان،
ئەل، ۋەتەن ئۈچۈن! — دەپ جاۋاپ بېرىمەن.
بۇ — ياشاش يولۇمدۇر، يانمايمەن ھامان،
ئىستىكىم قۇرۇشتۇر يېڭى بىر زامان،
ئەجرىمدىن خەلققە شاراپ بېرىمەن!



## ۋىجدان سورىغىغا جاۋاپ

كۆز ئاچسام دۇنياغا مەن بولۇپ ئادەم،
ياشايسەن نىچۈن؟ دەپ سورىدى ۋىجدان،
چوڭ بولدۇم، ياشىدىم خېلى ياشقىچە،
ھاياتنىڭ يولىدا داۋان ئاشقىچە،
تاپمىدىم جاۋاپنى، بولغاچ بەك نادان.

قاپقارا ساقاللار بېسىپ ئېڭەكنى،
قورۇقلار يۈزۈمدە بولغاندا پەيدا؛
ۋىجدانىم قايتىدىن قىلدى كۆپ سوراق،
جاۋاپسىز، ئويلاندىم ئۇزاقتىن - ئۇزاق،
دېدىمكى: ئەي ئەقلىم، يۈرۈپسەن قايدا؟!

ئۆمۈرنىڭ دەپتىرى ئېچىلدى شۇئان،
ئالدىمدا تۇرۇدۇ قۇپ - قۇرۇق ۋاراق.
بىمەنا ناخشىنى غىڭشىپ ۋە توۋلاپ،
ياشلىقىم ئۆتۈپتۇ كۆڭۈلنى ئوۋلاپ،
ھە ئۇندىن ھېچبىر ئىز قالماپتۇ، بىراق.

تەڭتۇشلەر بۇرۇنلا كېتىپتۇ ئوزۇپ،
ئەجرىدىن ئۈندۈرۈپ باغدا گۈل - چىچەك.
قاپتىمەن تەمتىرەپ چەتتە — بۇلۇڭدا،
غەپلەتتە كوچىلاپ كۆلنى كۆلۈڭدا،
قوينۇمغا تولۇپتۇ ياڭاقلار پۇچەك...

يۈرىكى ئىرغىدى، يارىنى سۆيگەن
يىگىتتەك ھىس قىلىپ مۇشۇ ھالەتنى.

يۈزىدىكى قورۇقلار بولدى ئېرىقچە،
كۈلكىسى ئاقاتتى ئۇنىڭدا پەۋەس.
يايرىغان دىلىدىن چىقاتتى سۆزلەر،
ھەممىنىڭ دىلىدا قوزغىتىپ ھەۋەس:

«سىياسەت بېيىجىڭدىن كېلەر،سۇ دىنە
پارتىيەم ئاققۇزدى ئۇنى بىر تۈزۈك.
ئەمما ئۇ بىر مەزگىل كەتكەن بۇلغىنىپ،
بۈگۈن ئۇ يۇرتۇمغا كەلدى سۈپ - سۈزۈك.

شۇ سۈزۈك سۇ بىلەن قۇيۇلدى دىلغا
سۆيۈملۈك پارتىيە مېھرى - شەپقىتى.
ئادالەت نۇرىنى چاچقاچقا بىزگە
تېخىمۇ ئاشماقتا شانۇ - شۆھرىتى».

## لەگلەك ۋە تانا

ئۇچمايدۇ ئىگىزگە تانىسىز لەگلەك،
بولۇدۇ شامالنىڭ رايىغا بوزەك.
تارازا تەڭشەلسە، ئۇزارسا تانا،
چىقىدۇ لەگلەكمۇ ئاسمانۇ - پەلەك.

ئۆرلىدىم ئىگىزگە مەنمۇ لەگلەكتەك،
تارازام تۈزۈمدۇر، جاسارەت تانام.
ھە، مېنىڭ تانامنى شۇنچە ئۇزارتقان،
كۆيۈمچان يولباشچىم پارتىيەم—ئانام.

1981- يىل، ئىيۇل.



**ئابابەكرى ئەمەت** 1949 - يىلى پىچان ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن. 1979 - يىلىدىن بېرى جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى. ھازىر پىچان ناھىيىلىك رادىيو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسىدا ئىشلىمەكتە.

ئابابەكرى ئەمەتنىڭ دەسلەپكى ئىجادىيىتى 1966 - يىللىرىدىن باشلانغان ئىدى. ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە بالىلار ئۈچۈن يېزىلغان شېئىر، ھېكايە ۋە مەسەللەر ئاساسىي سالماقنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇنىڭ مەخسۇت مۇھەممەت بىلەن بىرلىكتە ئېلان قىلغان «قوڭغۇراق» ناملىق شېئىرلار توپلىمى بار. ئۇ تۈزگەن «ئەيىپ كىمدە؟» ناملىق بالىلار ھېكايىلىرى توپلىمى ۋە «ۋاپادار دوستلار» ناملىق شېئىر، مەسەللەر توپلىمى ياش ئۆسمۈرلەرنىڭ قىزغىن ئوقۇشىغا ئېرىشتى.

# ئىككى شېئىر

## سۇ سۈزۈك كەلدى

سايلامدا ئالغاندا قولغا بېلەتنى،
مۇيەسسەر كۆردى - دە، چىن ئادالەتنى.

تارىخ ھامان رەھىمسىزدۇر،
بولۇر گۇمران زۇلۇم تەختى.
قۇياش كەبى پارلاپ ھامان
ئېچىلىدۇ ئەلنىڭ بەختى.

بىر چاغ بۇندا زالىم ۋاڭلار
ھۆكۈم سۈرگەن ئەل ئۈستىدە؛
كۆمۈلۈپتۇ بۇگۈن ئۇلار
ئەلنىڭ قىساس، لەنىتىگە.

## ئۇنتۇلماس كېچە

«قۇمۇل خەلقى ناخشىغا
ئىشقىۋازدۇر ئەزەلدىن.
ئەلەم چەككەن كۈندىمۇ
ئايرىلمايدۇ غەزەلدىن.
ناخشا ئۇنىڭ ھاياتى،
ناخشا ئۇنىڭ قاناتى.
داستىخاندا ناخشىسىز
تېتىماس قەن - ناۋاتى.
نەچچە تاڭنى ئاتقۇزار
غەجەك بىلەن داپ بولسا.
ئۆز ئىچىرىپ كۆرۈپ كەل،
بۇ سۆزلىرىم لاپ بولسا.»
دېسە بىر چاغ بىر دوستۇم،
ئىشەنمىگەن ئىدىم مەن.
كۆرۈپ بۈگۈن مەشرەپنى،



**مۇختەر مەخسۇت** 1957 - يىلى 25 - ئاپرېل كۈنى گۇما ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1983 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكولتېتىنى پۈتتۈرگەن. ھازىر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل - ئەدەبىيات فاكولتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى.

ئۇنىڭ دەسلەپكى شېئىرلىرى 1974 - يىلى جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشكەن. شۇندىن بۇيان ھەرقايسى گېزىت - ژۇرناللاردا شېئىر ۋە ھېكايىلىرى ئېلان قىلىنىپ كەلمەكتە.

# قۇمۇل بوستانلىرى

(شۇ ناملىق سىكلدىن پارچىلار)

## ئالتۇنلۇقنى① كۆرۈپ

سېلىپ ئەلگە دەھشەت، زۇلۇم،
ئۆتكەن بۇندا تالاي ۋاڭلار.
بۈگۈن بۇ جاي چۆمۈلۈپتۇ
نۇر قوينىغا، ئاتقاچ تاڭلار.

① ئالتۇنلۇق — قۇمۇل ۋاڭلىرى ۋە ئۇلارنىڭ جەمەتلىرى كۆمۈلگەن جاي بولۇپ، ھەشەمەتلىك گۈمبەزلەر بىلەن ئورالغان.

ياشا گۈزەل ھايات، دەپ،
مەنمۇ ياڭراتتىم غەزەل.

## قوشاقلار

كېزىپ چىقتىم قۇمۇل سېنىڭ قوينۇڭنى،
ئەزىز مېھمان بولدۇم ھەر بىر ئۆيدە مەن.
نەگە بارسام ئاڭلاپ مۇقام، قوشاقلار،
ئولتۇرغاندەك بولدۇم مەشرەپ، تويدا مەن.

داخىل بولدۇم سۆھبىتىگە چاللارنىڭ،
ئېيتىپ بەردى ماڭا قەدىم چۆچەكنى.
مۇقام توۋلاپ ئەسىر قىلدى قەلبىمنى.
تارتىپ ئۇلار توققۇز تارلىق غىجەكنى.

مانا، يوغان ئاق جۇجەمنىڭ سايىسى،
بوۋاي بىلەن يانپاشلىدىم ئوتلاققا.
چىمەنلىكتىن ئېقىپ ئۆتەر سۈزۈك سۇ،
تولدى قەلبىم ئېتىزلىرى قوشاققا...

ھەر بىر قوشاق سۆزلەر بۈيۈك تارىخنى،
شاھىدى بوپ قاباھەتلىك دۇنيانىڭ.
ھەر بىر قوشاق شەمشىرىدۇر ئىسيانىڭ،
سىمۋولىدۇر بىر جەڭگىۋار سادانىڭ.

كارۋان بولۇپ تىزىلغان بۇ قوشاقلار
ماڭا بۈيۈك بىر تارىخنى ئەسلەتتى.

بولدۇم راسا خىجىل مەن.
مانا بارالڭ ئاستىدا
كەڭرى سورۇن راسلاندى.
غىجەك بىلەن داپ ياڭراپ،
خوشال مەشرەپ باشلاندى.
چاللار مېنى تۆرگە
چىللاپ «بوغۇن» دېيىشتى.
بىيت ئېيتىپ موماىلار،
ئۇسسۇزلۇق چاي بېردىشتى.
مۇقام چىقتى ئەۋجىگە،
مەشرەپ ئەھلى جانلاندى.
پوتا تاشلاپ سەركەردە
پەرۋانىدەك ئايلاندى.
قىقاس بىلەن مەشرەپنىڭ
يالقۇنلىتىپ ئوتىنى،
ئېلىپ كەلدى بىر گۈزەل
ماڭا سۇنۇپ پوتىنى.
كۆنەمدىغان سۆزۈمگە،
«مەن ئۇقمايمەن» دىگەنگە.
تارتىپ چىقتى بىر چاغدا،
ئوت تۇتاشتى بەدەنگە...
مەشرەپ قايناپ تۈن بويى،
چولپان كۆلۈپ تاڭ ئاتتى.
خاسىيەتلىك بۇ كېچە
قەلبىمدە زوق ئويغاتتى.
ۋۇجۇدۇم زەپ يايرىدى،
يايرىغاچقا جىمى ئەل.

خەلق قەلبى پۈتمەس ئالتۇن بۇلاقتۇر،
خەلق مەۋجۇت باقى بىزگە قوشاقلار.
شۇ بۇلاقتىن سۇ ئىچكەچكە يۈرىگىم
ئىجادىممۇ چاچىدۇ خۇش پۇراقلار.

## نوم

تېلىمنى سۈر باسىدۇ نوم دىگەندە،
ئاڭلىغاچ قوشاقلاردىن دەھشىتىنى.
جان ئۈزگەن بۇندا تالاي ئىسيانكارلار
كۆرمەستىن قىلچە ھايات سەپقىتىنى.

ئۆتمۈشتە بۇ جاي راستىن زىندان ئىدى،
ياز كەلسە ئاتەشلىك بىر خۇمدان ئىدى؛
بى گۇنا كىشىلەرنى پالايدىغان،
دەھشەتكە تولغان قانلىق ماكان ئىدى.

تۆكۈلگەن نوم باغرىغا بىر زاماندا
ئاي يۈزلۈك ئايىمخاننىڭ ساپ قانلىرى.
ئاڭلانغان تاغ - دالىغا توختاخۇننىڭ
«ئەركىنلىك!» دەپ ياڭراتقان چوقانلىرى...

بۇ نومنىڭ ئۆتمۈشتىكى تەسۋىرىدۇر،
ياراشماس ئەمدى نومنى زىندان دىسە.
گۈللىگەچ بۈگۈن بۇ جاي تاڭ نۇرىدا
ھەقلىقتۇر چۆللۈكتىكى بوستان دىسە.

ھىلىمۇ تەبىئەتنىڭ تونۇرىسەن،
ياز كەلسە ئوت يانىدۇ تاشلىرىڭدىن؛

مەزلۇملارغا بېرىپ ھۆرمەت تەختىنى،
غوجاملارنى نەزىرىمدە پەسلەتتى.

شاھمەخسۇتقا لەنەت ئوقۇپ، غەزەپلىك،
شىڭشىڭشادىن كەلدى ئەلنىڭ نالىسى.
نوم دىگەننىڭ زىندانىدىن ئوت يانار،
پالاندى بوپ كۆيدى يوقسۇل بالىسى.

جاھالەتكە تىغ سۇغۇرۇپ غەزەپتىن،
تۆمۈر خەلپە چىقتى ئەلگە باش بولۇپ.
مەن-مەن دىگەن دارىنلارنىڭ باشلىرى
تەندىن جۇدا بولدى سايدا تاش بولۇپ.

غوجامنىياز — ئەلنىڭ قەيسەر ئوغلانى
قوشۇن تارتىپ ئوتلار ياقتى زۇلۇمغا.
داڭ چىقاردى ئۆمەر باتۇر ئات چېپىپ.
ياۋۇزلارنى سۆرۈپ يالغۇز تۇيۇندا ...

قانچە-قانچە قەھرىمانلار ئوبرازى
نامايەندۇر ھەر بىر ئوتلۇق قوشاقتىن.
شۇ قوشاقتىن ئەجداتلارنىڭ تارىخى
قىلدى جەۋلان گويا ھەر بىر ۋاراقتىن.

چەكتى قوشاق مېنىڭ قەلب تارىمنى؛
ئۇرغۇپ چىققان ئۇ خەلقىنىڭ قەلبىدىن.
نىمە دىگەن گۈزەل، يارقىن قوشاقلار
ئۇنى قىسمەت كۆردۇم شۇدەم -ھەممىدىن.



**مەتتوختى ئەخمەت** 1951 - يىلى چىرىيە ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1983 - يىلى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكولتېتىنى پۈتتۈرگەن، ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسىدا ئىشلەيدۇ.

ئۇ، ئەدەبىيات سېپىگە 1964 - يىلى «ۋەتىنىم» ناملىق شېئىرى بىلەن قەدەم قويغان ئىدى. ھازىرغىچە گېزىت - ژورناللاردا 100 پارچىغا يېقىن شېئىر ۋە نەسرىي ئەسەرلىرى ئېلان قىلىندى.

# جەرەنبۇلاق ئىلھاملىرى

## ۋېشكىلار ئورمىنى

سۆكسۆك، قامقاق كۆچكەندۇ نەگە؟
يۆركىنىپتۇ بۇ يەر ئورمانغا.
نە ئورمانكى، پولات ۋېشكىلار
بوي سوزۇپتۇ كۆككە - ئاسمانغا.

دەھشەتلىك بوران ئۆچسا سايلىرىڭدا،
داڭگالنى ئۆچۈرۈدۇ باشلىرىڭدىن.

ۋە لېكىن سېنى ئىشچان دېخانلىرىڭ
تەر تۆكۈپ جاپا بىلەن گۈللىتىپتۇ.
يۈگەنلەپ قۇم-بوراننىڭ ئاپىتىنى
مول ھوسۇل ناخشىسىنى ياڭرىتىپتۇ.

باغلىرىڭ مەپتۇن قىلىپ بۇلبۇللارنى،
كىمخاپقا چۈمكىنىپتۇ دالالىرىڭ.
مۇڭزارلار ئەسلىمە بوپ قاپتۇ پەقەت،
ياڭرىغاچ بۈگۈن خوشال ناۋالىرىڭ.

1984 - يىل، فېۋرال.

سۆيۈنچىنى ئۇلايدۇ بىر قىران يىگىت،
تەپچىيدۇ مەگزىدىن شەپىنەم كەبى تەر.
شۇنچىلىك چەمدەس ئۇ، ئىشلەيدۇ ئەپچىل،
ماي چاپان دىمىگىن، ئۇنىڭ كۆڭلى زەر.

قوش قوللاپ سۇندى چاي، ئۇنىڭغا بىر قىز،
ئەڭ شېرىن تۇيغۇدا، ئوتلۇق مېھرىدە.
بىر ئوتلاش پۇرسىتى بولماي يىگىتنىڭ
رەھمىتىن بىلدۈردى ئىللىق چېھرىدە.

قوش دىلدا يۈكسەكتۇر ئەل مۇھەببىتى،
بىلگىنكى، بۇ شۇنداق ئىسىل مۇھەببەت.
ئەل ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ قۇدۇق قېزىش
ئىشقىدا ئۇرغۇيدۇ بۇندا جاسارەت.

شۇ ئۈچۈن ئۈچ قاتلاش بوپتۇ پىلانى،
يىگىرمە كۈنلۈك ئىش پۈتۈپ ھەپتىدە.
باشلاپتۇ ئۆزمەستىن يېڭى بىر جەڭنى،
زور ئىلھام قوزغىدى بۇ ھال قەلبىمدە.

## ئۆزۈلمەس ئېقىن

ئىسمىنىدىن قايتقاندا ئاتا،
ئوغلى ئۇنىڭ ئورنىدا قالغان.
سەككىز سائەت ئۆتتى، ئالماشتى
ئاكىسىنىڭ ئورنىغا رەيھان.

بۇ ھەيۋەتلىك گۈزەل مەنزىرە
پەيدا بولغان بۇ يەردە قاچان؟
بەرپا قىپتۇ ئىشچىلار ئۇنى،
كومپارتىيە كۆرسەتكەچ نىشان.

كەڭ دالانى ئاق قەغەز دىسەڭ،
ۋىشكىلارنى بىر قەلەم دىگىن.
سىيا بولۇر نېفىت ئۇنىڭغا،
پۈتەر ئۇندىن بىر ئىكران، بىلگىن.

شۇ ئورماندىن، ئاشۇ سىيادىن
بېزىلىدۇ سانائەت ھۆسنى.
ئېچىلىدۇ باقسا يىراققا
ئىشچىلارنىڭ كۆڭلى ۋە كۆكسى.

## ئىش مەيدانىدا

موتورلار گۈكىرەپ، ياڭرىتار سادا،
بۇرغىلاش مەيدانى جەڭنىڭ ئەۋجىدە.
ئىشچىلار پەرۋانە، بورۇۋاي ئاتەش،
ئىش بارار ئەڭ جىددى سۈرئەت پەللىدە.

تورمۇزنى چىڭ تۇتار بورىلىشىك يىگىت،
قارىچۇغا كۆزلىرى ئىندىكاتوردا①.
شۇنچە تېز، شۇنچە تۈز ماڭىدۇ سىۋىچ
قاتلاملار تەكتىگە چۆكۈدۇ بۇرغا.

① ئىندىكاتور — قۇدۇق كولىنىۋاتقاندا، يەر ئاستىغا مېڭىۋاتقان سىۋىچنىڭ يۆنىلىشىنى سىرتتىن كۆرسىتىپ تورىدىغان ئەسۋاپ.



**ئەركىن ئىبراھىم** 1963 - يىلى ئاقسۇنىڭ توقسۇ ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1983 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جۇڭگو تىلى فاكولتېتىنى پۈتتۈرگەن. ئۇ، 1982 - يىلى تۇنجى شېئىرى «مەن بىر قۇشمەن» بىلەن شېئىرىيەت ساھەسىگە كىرىپ كەلدى. ھازىرغا قەدەر ئۇنىڭ 30 پارچىدىن كۆپرەك شېئىر ۋە تەرجىمە ئەسەرلىرى گېزىت - ژورناللاردا ئېلان قىلىنىپ، جامائەتچىلىكنىڭ دىققەت - ئېتىۋارىنى قوزغىدى.

## نۇر ئىچىدە تۇغۇلغان قوشاق

### بېلىمجان

يۆلىنىپ تۇرماقتىمەن قىيا تاشقا،
ئالدىمدا كۆپ - كۆك دېڭىز، كۆز يەتكۈسىز.
كىرۋىكى ئۇپۇق بىلەن قۇچاقلاشقان،
سۈزۈكلۈك تەرىپىگە سۆز يەتكۈسىز.

تەۋرىنەر شۇنچە ئاستا، شۇنچە لەرزان،
شوخ - ئەركە شامالارنىڭ سۆيۈشىدىن.

يۈرلۈشمەكتە ئىشلار ئىز قوغلاپ،
تۇختىماستىن ئۇلىنىپ ھەركەت.
ئويلار ئۇلار: ئىشلىسەك تىنماي،
ئۇلۇغ ۋەتەن تاپىدۇ بەركەت.

يېغىن، بوران، تومۇز قەھرىدىن
ئىشچىلارغا تېز پۈكەر ھامان.
ئەجدات ئىزىنى بېسىپ ئەۋلاتلار
جەڭ ــ كۈرەشنى قىلىدۇ داۋام.

1983 - يىل، ئىيۇل.

بىلىجان سۆزۈك سۇدا يۈرەر ئۈزۈپ،
مەن ھايات دولقۇنىدا ئۈسمەكتىمەن.
يالقۇنلۇق چېلىشلاردا، يېڭىشلاردا
جىلۋىلىك ئىقبالىمنى كۆرمەكتىمەن.

## نۇر ئوغلىمەن

نۇرغا چۆمدۇم، نۇر ئىچىدە تۇغۇلدۇم
مەن كۆز ئاچقان چاغدا دەسلەپ ھاياتقا.
قۇياش چىقسا نۇرغا قاراپ تەلمۈرۈپ،
قىزىقسىنىپ باقار ئىدىم ھەر ياققا.

ئانام ماڭا قاراپ نۇرلۇق كۆزىدە
يۈرىكىمدە ئىنسانىي ھىس ئويغاتقان.
يۈزلىرىمگە يېقىپ نۇرلۇق يۈزىنى،
مېھرى بىلەن ۋۇجۇدۇمنى ياشناتقان.

مەن ئۆزەمنى دەيمەن شۇڭا نۇر ئوغلى،
مەھسۇلى مەن چۈنكى نۇرلۇق قۇياشنىڭ.
ئالدىم ئۇندىن دىلغا سۆيگۈ يورۇقلۇق
كۆرۈۋالدىم نىشانەمنى ياشاشنىڭ.

مەن بىلىمەن نۇرنى شۇنداق مۇقەددەس،
يورۇقلۇققا، ھاياتلىققا زوقلىنىپ.
بەختلىكمەن ئېقىپ كەتسەم يولتۇزدەك
بىر زەررىچە يورۇق چېچىپ نۇرلىنىپ.

## غازاڭ قەسىدىسى

كەچكى شامال سوقار ئىدى تىنىمسىز،
قۇرۇق ياپراق تۇرار شاختا تەۋرىنىپ.

يۈرىگىم ھاياجاندا تەپمەكتە تېز،
قەلبىمدە ئىلھام ئوتى يېنىشىدىن.

قارىسام، زەڭگەر دېڭىز ئوپچۇنىغا
كۆڭلۈممۇ قالدى يورۇپ، دىل سۆيۈنۈپ.
قويىندا شۇنچە ئەركىن، شۇنچە ئويناق،
بېلىجان بىخارامان يۈرەر ئۈزۈپ.

بېلىجان، ئېخ بېلىجان، شوخ بېلىجان،
ياشاشقا سۇ قويىندا تۆرەلگەنسەن.
دولقۇنلار چوڭ قىلىدۇ ئەللەي ئېتىپ،
ئوپچۇنلار بۆشۈكگە بۆلەنگەنسەن.

ئېخ، مېنىڭ يۈرىگىممۇ ئويىناماقتا
سۇدىكى بېلىجاننىڭ ئوينىشىدىن.
سۇ ئۇنىڭ ھاياتىدۇر، ئۇنىڭ جېنى،
سۇدىلا، غەم يىمەيدۇ كەلمىشىدىن.

بۈگۈن ئۇ تېخى كىچىك بىر بېلىجان
ياشاشقا ئىنتىلىدۇ، چوڭ بولىدۇ؛
ۋاقىتسىز ئەجەل يېتىپ قالمىسىلا،
تەغدىرى ئۇنىڭ چوقۇم ئوڭ بولىدۇ.

* *

ئېخ، بۈگۈن مەنمۇ كىچىك بىر بېلىجان
مەرىپەت ئوكيانىدا ئۈزۈپ يۈرگەن.
ئانا يۇرت بەختى ئۈچۈن، پەخرى ئۈچۈن،
ئىجاتتىن ئۈنچە-مارجان سۈزۈپ يۈرگەن.



**ياسىن ئىمىن (زىلال)** 1961 - يىلى كېرىيە ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1984 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن، ھازىر جۇڭگو خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىدە ئىشلىمەكتە.

ئۇنىڭ دەسلەپكى شېئىرلىرى 1980 - يىلدىن باشلاپ مەتبۇئاتتا كۆرۈلگەن. ھازىرغىچە 50 پارچىغا يېقىن ئەسىرى كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

# ئىككى شېئىر

## كېلىچەك سۆيگۈسى

تەلپۈنمەس تەقەززا بولۇپ كىم ساڭا،
سۆيگۈسى دىللاردا يانغان كېلىچەك.
سەن گويا كۆكسۈمدە يانغان نۇر چىراق،
شەيدالىق شەمئىگە ياقتۇ يۈرەك.

سەن يىراق مەنزىلدە كۆرۈنگەن ئاتەش،
تىترىگەن تەنلەردە قوزغاپ ئىشتىياق.

گويا ئەجەل شەپىسنى سەزگەندەك
سلكىنەتتى ھەر تەرەپكە مۇڭلىنىپ.

چۈشتى ئاستا يەرگە جانسىز غازاڭلار،
ئۇچۇپ كەتتى شامال بىلەن يىراققا.
كۆز ئالدىمدا تۇرار ئىدى دەرەخمۇ
چۆككەن كەبى خۇددى قايغۇ - پىراققا.

ئەمەس ئۇمۇ ئاددىغىنە بىر غازاڭ،
بار ئۇنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا كەچمىشى؛
بار ئۇنىڭدا ھەر مىنۇتنىڭ خاتىرە،
ھەر مەنادا ئاققان ھەر خىل كۆز يېشى.

ئۇ بولسىمۇ شۇنچە يۇمران ۋە نازۇك،
لېكىن ئۆتكەن بورانلاردا ھاياتى.
تۇيۇلۇشى مۇمكىن بەلكىم ئىنسانغا
شۇنچە ئاددى بولۇپ ئۇنىڭ ماماتى.

قېنى ئەمدى، يېشىللىقنىڭ نەنىشان،
دەل - دەرەختە گۈزەللىكنىڭ نۇر - زىيا؟
ئەمەسمىدى بۇك - باراقسان سايىسى
ئىنسانلارغا تومۇزلاردا باشپانا.

مەن سۆيۈمەن يېشىللىقنى، ھاياتنى،
سىڭىپ كەتتى سۆيگۈم ئاشۇ ياپراققا.
ياپراقچىلىك بولسا ئىدى قىسمىتىم،
ئارمانسىزدىم كۆمۈلسەممۇ تۇپراققا.

1984 - يىل، مارت

زۇلمنى تارتىدۇ قىلىپ تەبەسسۇم
ئالدىمدا جىۋىلىك بىر جۇشقۇن ھايات.
كېلىچەك قايدا؟ دەپ تۇرمايمەن كۈتۈپ،
ئىقبالغا كۆز سېلىپ چاپتۇرۇمەن ئات.

يارامدۇ دولقۇنلار بافرىنى قېيىق،
شىددەتلىك رەۋىشتە ئۇرمساڭ پالاق.
كاراپتەك بارمساڭ ئۇپقۇنلار يېرىپ،
ئۆزىچە ئالدىڭغا كېلەمدۇ قىرغاق؟

## سايەم

يىلىنجايدۇ سامادا قۇياش
نۇرغا ئوراپ تاغۇ - دالانى.
ئىللىق شامال سۆيۈپ ئۆتىدۇ
ئەركىلىتىپ ھەر بىر گىيانى.
شۇ چاغ خوشال مەن سايەم بىلەن،
گۈلزارلارنى ئارىلاپ كېلىمەن.

ھاياجاندا كېلىمەن مەغرۇر،
ياندا سايەم مەندىنمۇ پوزۇر.
ھەمرايىمغا قاراپ زوق بىلەن
بۇ دوستلۇقتىن ئالىمەن ھوزۇر.
دەيمەن: «ماڭا چىن دىلكەش سايەم،
ئايرىلمايدۇ مەندىن بىر قەدەم».

ۋا دەرىخا! كۆك تۇمانلىنىپ،
قۇياش بىردىن يۇمدى كۆزىنى.

ئەسرلەر تېغدن ئۆتتی كارۋانلار،
خەتەرلك يوللارنی قالدۇرۇپ يراق.

سەن نۇرلۇق بر قۇياش، ئنسان قەلبنی
ئللتار مېهرڭنڭ شولا - يالقۇنی.
سايلاردا تەشنا لەب بولغان جانلارغا
سەن هايات بەرگۈچی دەريا دولقۇنی.

سۆزلەيدۇ مڭ يللار هكايسنی
سايسی سەيياهقا ئارامگاه توغراق.
ئۆتكۆشكەن تالای رەت بۇندن باتۇرلار
زۇلپقار ئويناتپ منپ ئارغماق.

چاچرغان قانلاردن قزارغان ئۇپۇق،
گۇۋالق بېرىدۇ زمن هەققدە.
جان پدا ئەيلدی قانچە باتۇرلار
كېلچەك مېهرگە باغلاپ ئەقدە.

باردۇ هاياتلق ساڭا ئەگشپ،
بۇ چەكسز سەپەرنڭ يوقتۇر پايانی.
گويا سەن ئاخری پۈتمەس بر داستان،
سۆزلسەم تۈگمەس سۆزۈم بايانی.

بوۋلار تەلپۈنگەن پارلاق كېلچەك
جای بەردی قوينڭدن برلەرگە بۈگۈن.
بر كۈتكەن ئەتنی كۆرۈدۇ ئەۋلات،
ئۇلارنڭ مېهرنی قوزغايدۇ ئۆگۈن.

غەزەپلەندى قۇياش چىدىماي،
ھاياجاندا تۆككەن يېشىمغا.
دىدى: «نىچۈن خوشالسەن ئاخماق،
سۆزلىرىمگە سال ئوبدان قۇلاق.

سەن يارىم دەپ قىلساڭ چاك ياقا،
بۇ نەلەردە قىلدى تاماشا؟
كەتتى بەختىڭ كېتىش بىلەن تەڭ،
كەلدى ئامەت كەلگەندە يانا.
نەسىھەتىم شۇ بىر كەلىمە،
ئۇنى يەنە كەتمەيدۇ دىمە؟

*　　　*

بۇ خىتاپتىن قالدىم ئويلىنىپ،
ھىسسىياتىمغا سىلىندى قۇلۇپ.

1984 - يىل، ئاپرىل.

ئاپتاپتەك ئۇز كۆلگەن تەبەسسۇم
رومال بىلەن ياپتى يۈزىنى.
سوغاق ئېقىم كەلدى ھاۋادىن،
بۇلۇت مۆلدۈر تۆكتى سامادىن.

چىلىق - چىلىق بولۇپ ئۈستىۋاش،
توڭۇپ، تىترەپ كەتتى تەنلىرىم.
«قېنى سىز؟» دەپ قارىسام دەرھال،
ئاھ! قېشىمدا يوقتۇر ھەمرىيىم.
يۈرىكىمنى قاپلىدى، پىغان،
جان سىردىشىم قالغاندۇ قايان؟

بىردىن چاقماق چېقىپ سامادا،
چۈشتى يەرگە «لاپ» قىلىپ شولا.
پەيدا بولدى سايەممۇ شۇ چاغ،
چاقماق نۇرى چۈشۈش بىلەنلا.
لېكىن تېزدىن ئۆچتى شولىمۇ
يوقاپ كەتتى بىرگە سايىمۇ.

ئۆتتى چاغلار، كۈلمىدى ئاپتاپ،
سوقتى مۆلدۈر گۈللەرنى ساۋاپ.
سايەم يوقاپ كەتتى شۇ پەيتى،
دىلىم بولدى ھىجراندا كاۋاپ.
ھەيھات! يەنە پارلىدى قۇياش؛
نۇرغا چۆمدى يەر - جاھان تۇتاش.

باھار ئاپتاپ سەپكەچ بېشىمغا،
سايەم پەيدا بولدى قېشىمغا.

مەن بىدار ياتاتتىم تاڭغىچە.
تۆنلەرنى خىيالچان ئۆتكۈزگەن
ئەمەسمۇ ئەللەينىڭ ھېكمىتى.
كەتمىدى ئانچىمۇ بىكارغا
شۇ سەبى خىيالنىڭ قىممىتى.
مەزگىلسىز بوشاندىم بۆشۈكتىن،
قارىدىم گۈللەرگە زەڭ سېلىپ؛
لاۋۇلداپ تاۋلانغان غۇنچىدىن
كەلگۈسى ئىلھامغا رەڭ ئېلىپ.
ساھىلدا تۇرۇمەن،
سۇ ئۆتەر
ئالدىمدىن قوشاقلار ئەسلىتىپ،
كۆيدۈرسە ئارزۇلار يانغىنى،
چۆمۈلۈپ قايتىمەن پەسلىتىپ.
كۆكسۈمدە ئۈمىتىنىڭ دولقۇنى،
غايەمنىڭ مەنزىلى يېقىندەك.
ئۆگەندىم ھاياتنى دەريادىن،
كۆرۈنگەچ ھاياتىمۇ ئېقىندەك.
كۈي تىزدىم گۈلدەستە تىزغاندەك،
ئەجىبا، ئەللەيگە تەڭ ئەمەس.
مېھرىكەن ئانامنىڭ ئەللىيى،
كۈيلىرى يالقۇنكەن، رەڭ ئەمەس.
رەڭدار ۋە ئاھاڭدار شۇ ئەللەي،
ئەۋجىدە نەپىسلىك زىننىتى.
ھەر مىسرا، كۈبلېتى بىر داستان،
ئۇندا بار بىر ئۆمۈر قىسمىتى.
ئۇندا بار ياشلىق ۋە مۇھەببەت،
ئۇندا بار ئۆتمۈشتىن شىكايەت؛

ئابدۇرېھىم ئابدۇللا 1955 - يىلى كەلپىن ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1984 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكولتېتىنى پۈتتۈرگەن، ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق رادىيو ئىستانسىدا ئىشلەيدۇ.



ئۇ 1979 - يىلىدىن باشلاپ مەتبۇئات ساھەسىگە كىرگەن ئىدى. ھازىرغىچە گېزىت - ژۇرناللاردا «تۆمۈرچى دۇكىنى ئالدىدا»، «تۇرنىغا جاۋاپ» قاتارلىق 50 پارچىدىن كۆپرەك شېئىر ۋە ھېكايىلىرى ئېلان قىلىندى. يېقىندا ئۇنىڭ «بويناق» ناملىق پوۋېستى نەشرگە بېرىلدى.

# ئەللەي ۋە شېئىر

مۆلدۈرلەپ ياتاتتىم بۆشۈكتە،
مۇڭ بەرگەچ ئانامنىڭ ئەللىيى.
خاماندىن كېلەتتى بىر ئاتلىق
ئانامنىڭ پىغانلىق «لاي - لىيى».
ئۇخلاتماق كويىدا جان ئانام
ئەللەيلەپ چىقاتتى ھەر كېچە.
ۋە لېكىن ئەللەينىڭ زوقىدىن

جەملەنگەن شائىرنىڭ قەلبىگە
خەلقىنىڭ جەڭگىۋار ناخشىسى؛
ئىلھامىنىڭ ئاتەشلىك تەپتىگە
چىدامدۇ شائىردىن باشقىسى.
شائىرلىق ئۆدۈمدۇر ئانامدىن،
كۆي توقۇپ كېتىمەن قەۋرەمگە.
قەلىمىم مىراستۇر ئوغلۇمغا،
يادىكار قىلسۇن ئۇ نەۋرەمگە.

1984 - يىل، ئاپرېل.

ئۇندا بار كەلگۈسى تىلەكلەر،
ئۇندا بار ھىجران ۋە ھىكايەت.
ئۇستازىم شائىرە ئانامدۇر،
ئەللىيى ئىلھامچى كۈيۈمگە؛
ئاي بولۇپ تۇيغۇمنىڭ كۆكىدە،
نۇر تۆكتى ئۇ مېنىڭ كۆزۈمگە.
ئۇستازىم شائىرە ئانامدۇر،
كۈيچىمەن دەريادەك توختىماس.
ئەللەيدىن تۆرەلگەن ئىشق بۇ،
ھېچ ئىشق بۇنىڭغا ئوخشىماس.
ئۆرتىمەس شېئىرنىڭ ئىشقىدەك
باغرىمنى نىگارنىڭ ئىشقىمۇ؛
دىلىمدا بىر ناۋا، ئوت - لاۋا،
ئۆگمىدىم زىمىستان قىشتىمۇ.
بەختىنىڭ قالغىچى قايتىشتى،
باھارغا ئىجاتقا يول ئېچىپ.
كۈيلىدىم چىن دىلدىن زامانىنى،
قۇرلارغا دەستىلەپ گۈل چېچىپ.
قىزارغان ئۇپۇقنىڭ جامىدىن
مەن ئىچتىم ئىستىقبال كەۋسىرى.
پارلىدى ئىلھامىم مەۋجىدە
مۇبارەك بەختىمنىڭ تەسۋىرى.
ئازمايمەن شېئىرىيەت دەشتىدە،
ئەل - ئاۋام بېغىدا غۇنچە كۆپ،
بولمايمەن ئۆزگىگە دىۋانە،
ئانا تىل كانىدا ئۇنچە كۆپ.

تامچىلار كۈمۈش تۈردا يالتىرايدۇ،
مىنگەشكەن ئاق بۇلۇتلار چوققىلارغا،
كۆزلەرنى چاقنىتىدۇ، پارقىرايدۇ.
گۈزەللىك بېغىشلىدى يەر يۈزىگە
ئۇپۇقتا قىزىل شەپەق ئۆتىتەك يېنىپ.
تەبىئەت ساقى بولۇپ تۇتتى شەبنەم،
ياپراقلار جام تۇشقۇزۇپ ئىچتى قېنىپ.
بۇلبۇللار سايرىشىدۇ قېنىشماستىن،
ھەرىلەر بال يىغىدۇ چىمەنلىكتە.
بالىلار مېڭىشىدۇ مەكتەپلەرگە،
ئاخشىلار پەرۋاز قىلار يىراق كۆكتە.
ئوتتاشتەك قىزىرىپتۇ چەكسىز دالا
گوياكى قېنىق قىزىل تاۋار ئوخشاش.
رەسسامدەك سىزىپ چىقتىم تەسۋىرىنى،
بولغاچقا گۈزەللىككە قەلبىم تۇتاش.

1983 - يىل، سېنتەبىر.

## قۇياش كۈلگەن گۈزەل گۈلىستان

گۈزەللىكنى سۆيمەيدۇ كىممۇ،
گۈزەللىككە باغلانسا كۆڭۈل.
گۈزەللىككە بولغاچقا ئاشنا،
گۈل شېخىدا سايرايدۇ بۇلبۇل.

* *

زۇمرەت كۆكتە تۇرنا پەرۋازى،
بۇلۇتلارنى قالدۇرار ھەيران.



**ئىلغارجان سادىق** 1964-يىلى ئۈرۈمچىدە تۇغۇلغان. 1982-يىلى ئۈرۈمچى تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىۋىنى پۈتتۈرگەن. ھازىر «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» دە ئىشلەيدۇ.

ئۇنىڭ دەسلەپكى شېئىرلىرى 1980-يىلىدىن باشلاپ «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان. شۇندىن باشلاپ ئۇنىڭ 60 پارچىدىن كۆپرەك شېئىر، ھېكايىلىرى ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنىپ، جامائەتچىلىكنىڭ دىققەت-ئېتىۋارىنى قوزغىدى.

# ناخشىلار پەرۋاز قىلار كۆكتە ئۇچۇپ

## شەپەق كۈلدى

ئوتتىقاشتەك قىزىرىپتۇ چەكسىز دالا،
يايلاقلار گويا گۈللۈك رەڭدار گىلەم.
چوققىلار رەڭ تۈزەپتۇ كۈمۈش نۇردىن،
يەر يۈزى رەسىم گويا، قۇياش قەلەم.
لېنتىدەك ئاقار ئوقچۇپ ئەزىم دەريا،

دومبىرانى ئېلىپ قولىغا
كۈيلەر ئاقىن يېڭىچە داستان.

قۇياش كۈلەر كەڭرى سامادا،
كۈلكىسىدىن ئويغىنار جاھان.
بۇ گۈزەللىك تارتقاچ مەيلىنى
كۈلۈمسىرەپ قارايدۇ ئاسمان.
ئەيلەر مېنىڭ قەلبىمنى مەپتۇن
ۋەتەن ماڭا بولۇپ بىر جانان.

## يۈرىگىمدە ياشلىق ئۇچقۇنى

يىگىتمەن!
يۈرەكتە ياشلىق ئۇچقۇنى،
ئۇلغىيىپ لاۋۇلداپ بولۇدۇ يالقۇن.
كۈندەشلىك قىلىدۇ ئايمۇ مېنىڭدىن
ئۆرلىسە سۆيگۈمدىن قەلبىمدە دولقۇن.
بارسام مەن قاياققا، ئەگىشىپ ماڭا
بېشىمدىن كەتمەيدۇ يۇلتۇز، تولۇن ئاي،
جىمىرلاپ مۇھەببەت ئىزھار قىلىدۇ
كۆڭلۈمنىڭ تارىنى چېكىشىپ ھاي-ھاي.
يىگىتمەن!

تاغ-دەريا ئىشقىمنى بەرگەن،
ھەر سەھەر بېرىمەن خەلقىمگە سالام.
تۇتۇدۇ ۋەتىنىم سۆيگۈ شارابى،
قوزغىتىپ قەلبىمدە ھاياجان، ئىلھام.
باقىمەن ھەر كۈنى ئاق باش چوققىغا،
سازلايمەن قەلبىمنىڭ تىللىق سازىنى.
ياڭرىتىپ زېمىنگە ۋىسال كۈيىنى،
كۈيلەيمەن ۋەتەننىڭ باھار-يازىنى.

باشاقلارنىڭ ئوكيانلىرىدا
سەلكىن شامال كېزىدۇ ھەريان.
يەلپۈنىدۇ ئەركىلەپ باشاق،
ئۆسۈل ئويناپ شۇنچە شادىمان.

تەكلەر ئارا مۇنچاقتەك ئۈزۈم،
بال تامچىيدۇ شىرىنلىكىدىن.
ئالما قىزىل — قىزنىڭ مەڭزىدەك،
يايرار كۆڭۈل قىزىللىقىدىن.
بۇ مىۋىلەر ئوخشىغان شۇنداق،
باغۋەنلەرنىڭ ماڭلاي تەرىدىن.

باغلار گۈزەل، گۈل خۇمارلىرى
سۆيۈپ ئۆتەر قىزىل مەڭزىگە.
سۈزۈك سۇلار ئاقسا شىلدىرلاپ
بۇلبۇل، كاككۇك قاتار نەزمىگە.
گۈزەللىكنىڭ چارى باغىغا
دوستلار كېلىپ چۈشەر بەزمىگە.

تاغلار گۈزەل، چوققىلار گۈزەل،
ئىپار چاچار ئەللىق قوينىدىن.
كۆكنى سۆيەر قىرلىق چوققىلار،
باغاش ئېتىپ تۇتۇپ بوينىدىن.
ئارسلانلار بولۇدۇ ھەيران،
چەبدەس تۇرۇپ ياتقان ئورنىدىن.

رەڭدار گىلەم بىپايان يايلاق،
ئوتلىشىدۇ ئات، كالا، پاخلان.
ناخشا ئېيتار گۈزەل كېلىنچەك،
ئات ئوينىتىپ كېلىدۇ چوپان.

يېشىللىق قېتىغا سىڭگەن گۈزەللىك،
يېشىللىق ئىچىدە كۆلەر تەبىئەت.
شۇڭىمۇ قارىساڭ پايانسىز ئورمان
كۆرۈنەر شۇنچىلىك گۈزەل ۋە ھەيۋەت.

بۇندىكى گۈزەللىك يىغىلغان، بىلسەڭ،
شاخ - ياپراق، گىيالار يېشىللىقىدىن؛
دەرەخلەر ئۆزئارا سىلىشىپ گىرە،
ئوت - چۆپلەر چىرمىشىپ كەتكەنلىكىدىن.

تۇتاشتۇر ئۇلارنىڭ غولى يىلتىزى،
تۇتاشتۇر ئۇلارنىڭ سايىسى - ئىزى؛
زوقلىنىپ ئەگسە قۇياش ئۈستىدىن،
باغرىنى ياقىدۇ ئاسمان گۈمبىزى.

تاقسا بېشىغا ھەسەن - ھۈسەن تاج،
سۆيۈدۇ، مەگزىنى لالەرەڭ ئۇپۇق.
يامغۇرلار تاقسا ياپراققا مارجان،
كۈمۈش قار شاخلارغا ياپىدۇ يوپۇق.

ئۈششۈكلەر تۆكسىمۇ ياپراقلىرىنى
ياشىرار ئۈزلۈكسىز بىخ سۈرۈپ ھامان.
غالىپ ئۇ قار - بوران، چاپقۇن ئۈستىدىن،
ياشىرار ھەر يىلى بولۇپ باراقسان.

كىم دەيدۇ يېگانە يالغۇز دەرەخنى
قاتىمۇ - قات زەربىدىن يېگىلمەيدۇ، دەپ؛



باتۇر روزى 1966-يىلى يەكەندە تۇغۇلغان. ھازىر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكولتېتىدا ئوقۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتى 1980-يىلى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا باشلانغان. ھازىرغىچە ئۇنىڭ «بۈركۈت» قاتارلىق 30 نەچچە شېئىرى گېزىت - ژورناللاردا ئېلان قىلىنىپ، كىتابخانلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

# ئورمان

مۇستەھكەم سېپىلدەك قەد كېرىپ مەغرۇر
باراقسان ئورمانلار تۇرۇدۇ ياشناپ؛
ھەر گىيا، ھەر ياپراق كۆڭلۈم ئۆيىگە
تۈگىمەس زوقلارنى كىرىدۇ باشلاپ...

ئالدىمدا يېيىلغان ئورمانلىق دالا،
ھەر گىيا بەستىگە كىيگەن يېشىل تون.
شاخ - شاختا غۇچچىدە يېشىل يوپۇرماق،
بۇندىكى يېشىللىق ئەجەپمۇ ئاۋۇن.

# قېرىنداش مىللەتلەر
# شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىدىن

بورانلىق ئاپەتلەر قىلغاندا؟ ھۆجۇم
گەۋدىسى قىسماقتەك ئېگىلمەيدۇ، دەپ.

بولغاچقا ئورمانلار ياشنار بارالسان
يىلتىزى بىر تۇتاش، ياپرىغى قويۇق.
شۇڭمۇ ئېيتىمەن: بىرلىك — ئىتتىپاق
ھەممىدىن قۇدرەتلىك،

ھەممىدىن ئۇلۇق.

1944 - يىل، فېۋرال.



ئاتاقلىق يازغۇچى شائىر ۋە دراماتورگ ليۇ شاۋۋۇ 1918-يىلى 19-ئاۋغۇست كۈنى بېيجىڭدا تۇغۇلغان. 1938-يىلى يەنئەنگە بېرىپ ئىنقىلابقا قاتناشقان. ئۇزۇندىن بۇيان ئەدەبىيات-سەنئەت تەشكىلاتلىرىدا مۇھىم رەھبىرىي خىزمەتلەرنى ئىشلەپ كەلمەكتە. ئۇ، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ پەخرى رەئىسى.

ئۇنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ۋە ئازاتلىق ئۇرۇشى مەزگىللىرىدە يازغان «كېچە»، «مول ھوسۇل»، «بىزنىڭ يېزا»، «ئىككى يىل ئىچىدە»، «ئائىلە»، «كۆرەش ناخشىلىرى» قاتارلىق مەشھۇر درامىلىرى بار.

شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن يازغان «توشقان دەرياسى» ئوپېراسى، «غەمدىن خالاس بولۇش» درامىسى، باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ يازغان «يىراقتىكى ئۇچقۇنلار» كىنو سىنارىيىسى تاماشىچىلارنىڭ قىزغىن مەدھىيىسىگە ئىگە بولغان. 1957-يىلى ئۇنىڭ نەسرى ۋە ئوچېركلار توپلىمى «قاراماي پروزىلىرى»، 1984-يىلى ئۇنىڭ نەسرىي ئەسەرلەر

نى، ئاھ، بۇ سۈت ئۇزۇۋقاۋقا شۇنچە باي، ئۇ ئۆسۈشىنىڭ كۈچ
مەنبەسى، ئەقىل - پاراسەتنىڭ ئىلاھى!
مەن ئۇنىڭدىن ھەرگىزمۇ ئايرىلالمايمەن، چۈنكى بۇ گۈل
كۆيلەمچان ئانامنىڭ چەكسىز مېھرى - مۇھەببەتكە تولغان بىغۇبار
قەلبى.
ئېچىلغان نەغەز گۈللىرى قانداق خۇش پۇراق، نىمە دېگەن
زىبا، قانچىلىك تازا؟
ئەپسۇسكى، ئۇ ئەمدىلا غۇنچە تۆككەندە كىشىلەر ئۇنى تېرىپ
ئالار، قۇرۇتۇش ئۈچۈن ئاپتاپقا سالار، قېنى ئەمدى «ئانىنىڭ
گۈزەل ياشلىقى» دەپ ئاتالغان كۆركەم باھار؟ بالا چوڭ بولغان-
دا بالاغەتكە يېتەر، شۇنىڭغىچە ئانىنىڭ ئالىمدەك چىرايىنى
قورۇق باسار، ئۇنىڭ ئىككى ئۆرۈم چېچىنى قاپلار مەزگىلسىز
چۈشكەن ئاپپاق قىرو - قار.
دۇنيادا قەدرى - قىممىتى ئانىغا تەڭ يەنە كىم بار؟ ئانىدۇر
ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ خالىس، ئەڭ پىداكار.
شۇ تاپتا مەن ئېمىۋاتىمەن، قەلبىمدە ئۈنسىز پىچىرلايمەن،
زۇۋان سۈرمەي ئانامنى سۆيۈۋاتىمەن.
دۇنيادا يەنە نىمە بار ماڭا تەۋە بولالايدىغان؟ ئۆزەمگە،
شەخسەن ماڭىلا قارايدىغان؟ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئانام ماڭا
قىلغاندۇر ئىنئام، ماڭا تەئەللۇق ھەممە بايلىق ئانامغا مەنسۇپتۇر
ھامان!
ئىخ ئانا، قوبۇل قىلغايسەن دۇنيادا ئەڭ ساپ، ئەڭ گۈزەل
ئوغلۇڭ قەلبىنى، ئۇ ساڭا شۇنچىلىك سادىق - مېھرىۋان!

ئابلىكىم تۇردى، تاشقىن تەرجىمىسى.

توپلىمى «تيانشان تېغى ئېتەكلىرىدىن» بېسىلىپ چىقتى. ئۇ يەنە «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» توپلىمىنى نەشرگە تەييارلىدى.

# جۇخۋار گۈل

## نەسرىي شېئىر

جۇخۋار گۈل، كىشىلەر ئۇنى ئالتۇن يىڭنە دەپمۇ ئاتايدۇ، ئۇ ئىسسىق كۆكتات بولغاچقا، داستىخاندا بەك كۆپ ئۇچرايدۇ، لېكىن كىشىلەر ئۇنى ئانچە قىممەتلىك ھېساپلىمايدۇ.

مەن ئەمدىلا ئولتۇرغان ئىدىم داستىخانغا، قولاق تۈۋىمدە ياڭرىدى بىر سادا: «نەغەز گۈلنى تىلغا ئالساڭ، ياپراقمۇ جانلىرىڭ راسا!»

ئەڭ قەدىمىي، ئەڭ يېقىملىق بۇ سادانى ئىنسان بالىسى تۇنجى قېتىم ئاڭلىغاچقا، بۇ شېئىرىي سادا بىلدۈردى بىرگە مۇنداق بىر مەنا:

نەغەز گۈلى دىمەك — دىمەكتۇر ئانا!

كىممۇ ئۆلچىيەلەيدۇ شائىرنىڭ تەسەۋۋۇرىنى؟ ئۇ قانچىلىك چوڭقۇر، قانچىلىك كەڭ ۋە بىپايان! مىڭ ئەۋلات، ئون مىڭ ئەۋلات، ئون مىليارت جان، ئېيتىپ بېقىڭ سىز ئۇلار ئىچىدە كىمنىڭ يوق ۋەتىنى، كىمنىڭ ئانىسى؟

ئىخ، بۇ ئالتۇن يىڭنە ئاشۇ نەغەز گۈلنىڭ غۇنچە - پورىگى، ئوخشايدۇ ئۇنىڭغا سۆيۈملۈك ئانىنىڭ مېھرىۋان يۈرىگى، چۈنكى ئۇ ئانا يۈرىكىنىڭ بىر بۆلىكى.

مەن بۇ گۈلنى ئاغزىمغا سېلىپ شورىدىم، ئۇزۇنغىچە ئاغزىمدا تۇرغۇزدۇم، ئەمما چاينىمىدىم، بەلكى شۈمىدىم.

سەزدىم شۇندا ئىشتىھانى قوزغايدىغان ئانا سۈتىنىڭ تەمب


# ئىككى شېئىر

## مەنزىلەم — ئۇپۇق سىزىغى

— ئىككىنچى يۇرتۇم جۇڭگولارغا بېغىشلايمەن

ھەر دائىم ئويلايتتىم: چوڭ بىر كۆڭۈلگە
مۇھتاجدۇر ھاياتتا جاپاكەش ئىنسان؛
بۇ كۆڭۈلنىڭ رولىنى ئۆتۈشى كېرەك
مانا بۇ پايانسىز زۇمرەتتەك ئاسمان.
ھەر دائىم ئويلايتتىم: بىرەر ماكانغا
مۇھتاجدۇر ئىنساننىڭ ئۆمرى — ھاياتى؛
بۇ ماكان رولىنى ئۆتۈشى كېرەك
مانا بۇ مۇستەھكەم زېمىن — يەر شارى.
ھەر دائىم ئويلايتتىم: بىرەر روجەككە
مۇھتاجدۇر مەنىۋى دۇنيا ئوردىسى؛
بۇ روجەك رولىنى ئۆتۈشى كېرەك
ئىنساننىڭ ئەقلىلىق، ئۆتكۈر جۇپ كۆزى.
ھەر دائىم ئويلايتتىم: بىرەر ماچىتقا
مۇھتاجدۇر ئىنساننىڭ يەلكەن كېمىسى؛
بۇ ماچىتا رولىنى ئۆتۈشى كېرەك
يىراقتا كۆرۈنگەن ئۇپۇق سىزىغى...

مەن يەتتىم مانا بۇ ئارمانلىرىمغا
سۆيۈملۈك جۇڭگولاردا — قەدىم زېمىندا.
مەن يەتتىم سېغىنىش - ئىنتىزارلىقتا
ۋە ئالغا ئىلگىرىلەپ ماڭغان چېغىمدا.



يالامۇ 1944 - يىلى سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ چۇيشەن ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1964 - يىلى شىنجاڭغا كېلىپ، جۇڭغار ئويمانلىقىدا ئۇزۇن مۇددەت جاپالىق ئىشلىگەن. ئۇنىڭ شېئىرلىرى 1976 - يىلىدىن باشلاپ گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىپ كەلمەكتە. ھازىرغىچە «يېشىل يۇلتۇز»، «قايتا تىرىلگەن دېڭىز»، «ياۋا ئەتىرگۈل»، «كەچكى شەپەق ۋە مەن»، «تاغ لەيلىسى» قاتارلىق 5 شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىندى. ئۇنىڭ يەنە بىرمۇنچە ھېكايە، نەسر، كومېدىيە، ئوپېرا ۋە كىنو سىنارىيىلىرى بار.

ئۇنىڭ دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن «مەن — ياش»، «ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ، تاغا»، «باھارغا ئىشەنچ»، «يېڭى ئەسىر شەپەق نۇرىدا» قاتارلىق شېئىرلىرى بار. «جۇڭگو ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى ئۇنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرىنى ئېنگلىز ۋە فرانسۇز تىللىرىدا نەشر قىلدى.

ئۇ ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش ئارمىيىسى ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى.

ئۆلۈك بىر ھالەتتە ئۇپۇق سىزىغى...

قارا قۇم ھەم قارا توپىلار - چاڭلار،
قاپ - قارا بوران ھەم قاپ - قارا تۇمان،
مانا بۇ بىر پارچە بوز يەر ئۈستىدە
يۈرەتتى تىنىمسىز ئايلىنىپ ھامان.
ئەنە شۇ ئەسەبىي تەلۋە يىللاردا
مەن كۆردۈم بۇ يەردە مۇنداق ھالەتنى:
مەن كۆردۈم ئەجەلنىڭ ۋەھىمىسىنى،
ئىلگىرىلەش يولىدا زور مۇشەققەتنى.
ياۋۇزلۇق، قەبىھلىك ئىشىپ ھەددىدىن
توزغاقتەك قاپلىغان ئەتراپنى تامام؛
مەنمۇ بۇ چۆللۈكتە — سەھەر پەيتىدە
باشلىرىم ئايلىنىپ بولدۇم بىئارام.
يەر - ئاسمان ئارىسى ئۇ چاغدا ماڭا
تۇيۇلدى مىسالى بىر قانلىق زىندان.
تۇيۇلدى ئەنە شۇ ئۇپۇق سىزىغى
ھەم سوغاق، ھەم كۆپ - كۆك بىر زەنجىرسىمان...

ۋە لېكىن، بۇلارنىڭ ھەننىۋاسىمۇ
جۇڭغارنى پۈتۈنلەي ئۆلتۈرەلمىدى.
ھەرقانچە ئۇرۇنۇپ كۆرگىنى بىلەن
جۇڭغارنى ئەسلا تىز چۆكتۈرەلمىدى.
قارىغىن، مانا بۇ چەكسىز ئېتىزغا،
ئەتراپى ياپ - يېشىل گۈزەل ئورمانلىق.
قارىغىن، مانا بۇ تىنىق كۆللەرگە،
تاۋلىنىپ تۇرۇدۇ شۇنچە چىرايلىق.
تەبىئەت بورىنى توسىيالمىدى
ئالتۇن كۆز پەسلىنىڭ داغدام يولىنى.
يېشىللىق دۇنياسى قايلىدى ئاخىر

مەن يەتتىم مانا بۇ لۆرلۆق ھەم سىرلىق
ئۆپۆق سىزىغىنىڭ دەل ئۆدۆلىغا؛
مەن يەتتىم پايانسىز ھەم ئۆزگىرىشچان
يەر بىلەن ئاسماننىڭ ئارىلىغىغا.
توپ - توپ ئاق بۇلۇتلار، تاغ ناخشىلىرى
سەپەردە دۇلدۇلۇم، شۇڭقارىم بولدى،
ئۆزۈلمەس كارۋانلار، داغدام كەڭ يوللار،
ئۇچقۇر ئوقۇم بولدى — ئوقيارىم بولدى.
ئۇپۇقتا كۆرۈنگەن ئاق قارلىق چوققا
گويا ئاق يەلكەندەك تۇرۇدۇ چاقناپ.
بارىمەن مانا شۇ چەكسىز دېڭىزدا
بارىمەن ئەڭ يىراق قىرغاققا قاراپ!

ئىخ، جۇڭغار، ئۆتكەزدىم كەڭرى باغرىڭدا
ئۆتكەزدىم كارامەت جەڭ — كۆرەشلەرنى.
بۇ جەريان ئىچىدە كۆرسەتتىڭ ماڭا
ئاجايىپ سۈرەت ۋە كۆرۈنۈشلەرنى:
سېرىق قۇم ھەم سېرىق تۆپىلار - چاڭلار،
ساپ - سېرىق بوران ھەم ساپ - سېرىق تۇمان...
بۇندىكى بوران - قۇم پادىشالىقىنىڭ
«شاھانە تاجى»غا ئايلانغان ھامان!
مانا بۇ تارىخىي خارابىلىقتا
دەسلەپكى چېدىرلار كۆتەرگەندە قەد؛
مەن كۆردۈم — بۇ سېرىق چۆلنىڭ ئەپتىدىن
ياغاتتى ئاجايىپ سۈرلۈك بىر دەھشەت.
يەر - ئاسمان گويا كى يىرتقۇچ ھايۋاننىڭ
بەكمۇ چوڭ ئېچىلغان يوغان ئېغىزى.
تۇراتتى تۇمەن مىڭ يىللاردىن بويان

خۇشالمەن، بۇ يىللار تاشلىدىم مەنمۇ
ئۆزەمنىڭ چۈشكۈنلۈك، ھورۇنلۇغىمنى.
شۇڭلاشقا باغلىدىم قىزغىن مۇھەببەت
ئوچۇق - يورۇقلۇققا ھەم شىجائەتكە.
شۇڭلاشقا باغلىدىم قىزغىن مۇھەببەت
چوڭقۇر تەپەككۇرگە، پەم - پاراسەتكە.
تېخىمۇ سۆيدۈم مەن جۇڭگارلىقلارنىڭ
ئالەمچە كەڭ كۆڭلى، مىجەز - خۇلقىنى
ئۇلارنىڭ ھەر بىرى تۇرار ئەسلىتىپ
كۆككە باش تىرىگەن مەغرۇر چوققىنى!

يوقاتقان نەرسىسى جۇڭگارلىقلارنىڭ
باشقىلار يوقاتقان نەرسىدىن ئارتۇق.
ۋە لېكىن يوقالغان نەرسىسى بىلەن
يوقالدى ئۇلاردا ھەشەمەتخورلۇق.
ئېرىشكەن نەرسىسى جۇڭگارلىقلارنىڭ
باشقىلار ئېرىشكەن نەرسىدىن كۆپ كەم.
ۋە لېكىن ئېرىشكەن نەرسىسى بىلەن
ئېرىشتى ئۇلار ئەڭ چەت جايلارغا ھەم.
شۇڭلاشقا مەدھىيىلەپ كۈيلەپ ئۆتۈمەن،
قاۋۇللۇق، غورۇرلۇق، ئىپتىخارلىقنى.
شۇڭلاشقا ھۆرمەتلەپ كۈيلەپ ئۆتىمەن
مەردانە - مەرتلىكنى، ئۈمىتۋارلىقنى.
شۇڭلاشقا مانا بۇ يىراق چەتلەردە
كۆرۈمەن جىمىكى نەرسىنى ئوچۇق.
مەن ياشاپ تۇرساممۇ بۇگۈنكى كۈندە،
كۆرۈمەن ئەتىنى تەلتۆكۈس، تولۇق!

جۇڭغارنىڭ پايانسىز دالا - چۆلىنى.
ئىخ، ئۇيۇق سىزىغى تۇرۇدۇ چاقناپ
گويا ھۆر - پەردەك ھۆسنىگە تولۇپ.
باقىدۇ ئالەمچە مۇھەببەت بىلەن
بۇ يېڭى دەۋرنىڭ مەپتۇنى بولۇپ.
ئۆزگەردى بۇ يەردە جىمىكى نەرسە،
تامامەن باشقىچە ئۆزگەردى جۇڭغار.
بۇ يەردە مايسىلار دولقۇنلىنىدۇ،
خۇشپۇراق چاچىدۇ چەكسىز ئالمىزار.
بۇ يەردە ئىھاتە ئورمان بەلۋىغى،
تۇرۇدۇ ئاجايىپ بۆك سايە تاشلاپ.
بۇ يەردە ئۇزاقتا ئاققان ئۆستەڭلەر
چاقنار كۆن نۇرىدا ئەينەككە ئوخشاپ.
تارىخنىڭ تار، خالتا كوچىلىرىنى
ئۆتكەچكە ئادەملەر جاپادا يىسىپ؛
مانا بۇ تەپ - تەكشى، كەڭرى يوللارنى
سۆيمەكتە تېخىمۇ مېھرىنى بېرىپ.
يەر - ئاسمان غايىۋى دەرۋازىسىنى
ئاچتى كەڭ، كۆردى ئەل تېخىمۇ روشەن؛
ئىخ، ئۇيۇق سىزىغى، نۇر چەمبىرەكتەك
ھەممىنى باغرىغا باستى زوق بىلەن.

قاغجىراق دالانىڭ ئۇزۇن يوللىرى
يوقاتتى ئۆمرۇمدە نۇرغۇن پەسلىمنى
خوشالمەن، بۇ يىللار يوقاتتىم مەنمۇ
ئۆزەمنىڭ يەڭگىلتەك، كەم پەملىگىمنى.
پايانسىز چۆللەرنىڭ قۇم - بورانلىرى
ئېپكەتتى چىرايلىق ھۆسۈن - تۇرقۇمنى.

قۇياشنىڭ چىقىشى ھەمدە پېتىشى.
تۇيۇلار كۆرۈنۈپ تۇرغاندەك سەندە،
ھاياتنىڭ ئۆلۈش ۋە تىرىلىش چېغى.
سېزىمەن دىلىمدا غورۇر-ئىپتىخار،
مەنزىلىم ئەڭ يىراق ئۇپۇق سىزىغى!

1980-يىل، نويابىر، جۇڭخار.

## مەن يەردىن كەلدىم

مەن ئۇرۇق، مۇشۇ يەر—تۇپراقتا ئۈنۈپ،
ئەمدىلا كۆكلىگەن شاخلاپ بىخ سۈرۈپ.
بۇ زېمىن قانچە يىل تۇغۇلغان بولسا،
مەن قالدىم شۇنچە يىل يىلتىز سۈرەلمەي.
بۇ زېمىن قانچە چاغ يانچىلغان بولسا،
مەن قالدىم شۇنچە چاغ باش كۆتىرەلمەي.

مەن كىچىك بىر ئېرىق جىرادىن چىققان،
ئەمدىلا مۇشۇ يەر ئۈستىدە ئاققان.
قانچە چوڭقۇر بولسا يەرنىڭ يېرىغى،
مەن شۇنچە چوڭقۇر ھاڭ ئىچىدە كەلدىم.
يەر كۆپ-كۆك ئاسماننى نەقەدەر سۆيسە،
ئاسمانغا مەن شۇنچە مېھرىمنى بەردىم.

مەن چىنار، باراقسان ئۆسكەن-كۆكەرگەن،
مۇشۇ يەر-زېمىندا قەددىم كۆتەرگەن.
قانچە ئېگىز بولسا تاغلار چوققىسى،

ئەتىنى «خىيالىي نەرسە» دېمىگىن.
ئەپەككۇر — خىيالدىن تۇغۇلار ئىقبال.
دېمىگىن «بۇ ھايات ئوخشايدۇ چۆشكە»،
غايىگە باشلامچى چۆشتىكى خىيال.
قىزىق ھال، بىھساپ ئويمان - چوڭقۇرلار
يەر شارى ئۈستىگە كەتسىمۇ تولۇپ؛
ئالەم بوشلۇغىدىن تاشلىساڭ نەزەر،
تۇرمامدۇ يەنىلا دۆپ - دۈگىلەك بولۇپ؟
ئەنە شۇ يەر شارى ئىنسانىيەتكە
بەك ئادىل، شۇنداقلا توغرا بىر مىزان.
ئۇ ھەر بىر كىشىگە مۇشۇ ھاياتتا
بىر ئۈپۈق سىزىغى بەلگىلەپ قويغان.
سەن پەقەت يول ئالساڭ ئۇنى نىشانلاپ،
توختىماي ئىلگىرى چامدىساڭ ھامان،
يېتىسەن كەلگۈسى گۈزەل دۇنياغا،
قىرغاقسىز ئەمەس ئۇ، ئەمەس بىپايان.

بىلمەيسەن ئالەمنىڭ چەكسىزلىكىنى
پاخاللىق كەپەڭدىن چىقمىساڭ ئەگەر.
بىلمەيسەن ئۈپۈقنىڭ يىراقلىغىنى
چېكرا رايونىغا قىلمىساڭ سەپەر.
ئېيتىمەن چىن دىلدىن ساڭا تەشەككۈر،
ئىنخ جۇڭغار، سەن بەردىڭ كۆزلىرىمگە نۇر.
مەن كەزمەي ئالەمنىڭ قايسى يېقىنى،
كۆرۈمەن تېخىمۇ ئېنىق ھەممىنى:
بۇلۇتلار ئۈزىگە تارتقان پەردىنى،
ئالتۇن تاج تاقىغان تاڭ شەپىغىنى.
ئىنخ، ئۈپۈق سىزىغى، باغلىقتۇر ساڭا،

يەر، سەندىن ئارتۇقچە بىر ھىكمىتىم بار،
ئۇ ھىكمەت مانا بۇ شېئىرىم مېنىڭ.
ۋە لېكىن بۇ شېئىر، تەكتىدىن ئېيتسام،
يەنىلا ئەجرىڭنىڭ مېۋىسى سېنىڭ.
شۇڭلاشقا ئېيتىمەن بۇ سۆزنى ساڭا:
سەن مەۋجۇت بولغاچقا، مەن مەۋجۇت مانا!

1980 - يىل، 20 - يانۋار، شىخەنزە.

رەخىم قاسىم تەرجىمىسى.

بوي-تارتتىم، چوققىلار بىلەن بەسلەشتىم.
قانچە تىرەن بولسا يەردىكى ئويمان،
مەنمۇ شۇ ئويمانلار بىلەن تەڭلەشتىم.

مەن ئاسارە-ئەتىقە ئالىملار ئاچقان،
مۇشۇ يەر-زېمىننىڭ تەكتىدىن تاپقان.
تارىخنىڭ قانچىلىك قىممىتى بولسا،
جىسمىمدا شۇنچىلىك قەدىر-قىممەت بار.
تارىختا قانچىلىك قۇرۇق بەت بولسا،
جىسمىمدا شۇنچىلىك قۇپ-قۇرۇق بەت بار.

مەندە بار قارىغاينىڭ مەغرۇر قامىتى،
مەندە بار پاخالنىڭ سولغان ھالىتى.
مەندە بار بۈركۈتنىڭ جەسۇر ھەيۋىتى،
مەندە بار قۇشقاچنىڭ ئاجىز ئىللىتى.
چۈنكى مەن لاي تۇپراق ئىچىدىن كەلگەن،
بۇلارنى تامامەن مۇشۇ يەر بەرگەن.

ئېھتىمال، بولارمەن تازا بىر ئاخماق،
ۋە ياكى بولارمەن مارشال قوماندان؛
ئېھتىمال، بولارمەن دانا پەيلاسوپ،
ۋە ياكى بولارمەن ئەقىلسىز نادان.
مۇشۇ لاي تۇپراقتا يارالغىنىم راست،
بۇلارنىڭ ئاسلى يەنە يەرگە خاس.

ھەر يىلى، ھەر پەسىلدە تاۋاپ قىلار
مېھمانلار كېلىشىپ چەت مەملىكەتتىن.
يۈيۈنۈپ مۇزدەك سوغاق سۇلىرىدا،
بەھرىمەن بولار بۇندا خاسىيەتتىن.

ئۆمەكتىن قىزلار بېرىپ ئاشۇ جايغا،
ھەممىسى بولۇپ قالدى خىيالچان قىز،
بۇرۇنقى مەغرۇرلۇقتىن قالمىدى ئىز.
مۇقەددەس تاغ، كۆل شۇنداق سىرلىق ئىكەن،
كېتىپ قالدى تاۋاپ قىلغۇم ئىختىيارسىز.

سۇكۇتتە تۇرغان چوڭقۇر جىرالارغا
چوقچايغان تىك يار - ھاڭلار سالار قۇلاق.
ئۈستىگە قار توپلانغان ئېگىز داۋان،
ئېگىشىپ نەزەر سالار كۆلگە ھەر ۋاق.
بۇددا ئوردىسىنىڭ خارابىسى
ئۇنتۇلغان خاتىرىنى ئەسكە سالدى.
ئاپتاپتا قارىداپ يۈز - چىرايلىرىم،
كۈنگەيدە تۇرغان تاشنىڭ رەڭگىن ئالدى.
بىلدىمكى، ئۇلۇغ ئىكەن كۆلنىڭ سۈيى،
ئورالغان چوققا بىلەن ئۇنىڭ بويى.

كېيىن مەن يېشىل چېدىر ئىشىگىنى
ئاچتىم، ھە، ئەسكەر باللار تۇرار ئەنە.
يېيىلىپ گەز باغلىغان لەۋلىرىدە
قىلدۇ خۇشاللىغى شوخ تەنتەنە.
بۇ يەردە ھاۋا شالاڭ دېگىنىمگە،



جۇتاۋ 1946 - يىلى سەنشى ئۆلكىسىنىڭ لوچىڭ ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1965 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكولتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

ئۇنىڭ 1972 - يىلدىن ھازىرغىچە «ئاۋغۇستتىكى مېۋىلىك باغ»، «پادىچى»، «ئىلاھى تاغ»، «ياۋا ئات پادىسى»، «بۇلۇتقا ساياھەت» قاتارلىق 6 شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىندى. ئۇنىڭ يەنە دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىق پائالىيىتىدە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن «قار بىلەن قاپلانغان مۇز تاغ»، «ئات ئارقىسىدا يەر ھەيدەش»، «بۈركۈت ناخشىسى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. «كۆچمە قۇم» قاتارلىق شېئىرلىرى ئېنگلىز، فرانسۇز تىللىرىغا تەرجىمە قىلىندى.

# شېئىرلار

## تاۋاپ قىلىمەن سېنى تاغ - دېڭىز

مۇقەددەس — قارا قۇرام، بەنگۇڭ ① كۆلى!
بۇ ئىسىم كەلگەن ئەمەس رىۋايەتتىن.

① بەنگۇڭ كۆلى — جۇڭگو - ھىندىستان چېگرىسىدىكى بىر كۆل ئىسمى.

## مۇقەددەس تاغ-دېڭىزنىڭ سوغىسى بۇ سۆز

«مەنىسىز ياشىغانىغا يوق شەرەپ، سوغا!»
تەر تۆكمەي، قانائەت قىلماي ئۆتكەنلەر،
جاپانى، بەختنى بىلمەي يۈرگەنلەر،
بۇ سۆزنى بەك كىچىك كۆرمىسۇن ئەسلا،
چۈنكى ئۇ بولمىغان ئاسانلا پەيدا.
مۇقەددەس تاغ مۇزىدا مۇسكۇلى قاتقان،
مۇقەددەس دېڭىزگە تېنى چىلانغان
ئادەملەر ھەقىقى ئادەملەر پەقەت،
ھاياتنىڭ ھەقىقى ئىگىسى ئەبەت.
بەختنى جاپا چەككەن كۆرۈدۇ ئەزىز،
شۇڭا تاۋاپ قىلىمەن سېنى تاغ-دېڭىز!

## دىگۈم بار مېنىڭ مۇنداق بىر سۆزنى

دەپ قويۇش ئويۇم بار بىر سۆزنى،
لېكىن،
ئاۋازىم چىقمايدۇ ئاچسام ئېغىزنى.
نىمە ئۇ كىشىلەرگە ئېيتماق بولغىنىم؟

كىشىلەر ئالدىراش،
ئەتىگەن تىمتاس؛
ھەر بوۋاي-موماينىڭ خاتىرجەملىكى،
ۋە ھەر بىر قىزچاقنىڭ پاك، گۈزەللىكى،
ۋولقاننىڭ پارتلىشى ھەم يەر تەۋرەشتىن،
كىشىنى قىلچىمۇ گۇمان قىلدۇرماس.
نىمە ئۇ ئۇنداقتا ئېيتماق بولغىنىم؟

كەڭ ئاسمان ئالدىدا مەن بولدۇم خىجىل.
روھلاندىم چىقىپ ھەربىي ماشىنىغا،
كېلەر ئۇ پەسكە قاراپ ئۇچۇپ دىدىل.

كۆرگۈم بار تاغ سۈيىدە سۇغۇرۇلغان
تۇپىراقنى،

ئېتىز، ئورمان،

كۆكتاتلىقنى.

كۆرگۈم بار پەسىللەرنىڭ ئۆزگىرىشى
كېيىمدە ئەكس ئەتكەن ئادىمىزاتنى.
بۇ — قىشتىن ئۆزگە پەسىل بولماس يەر،
قىلماقچى بولغىنىم مەن بۇندا تاۋاپ
قىشتىمۇ ئورنىدا چىڭ تۇرغان ئەسكەر.

ئاڭلىسام، كۆزلىرىگە لىق ياش ئېلىپ،
كېتىپتۇ غوللىرىنى تىنماي سىلاپ،
ئاددىلا بىر دەرەخنى كۆرۈپ پەستە،
شۇ تاغدىن چۈشكەن جەڭچى دىلى يايراپ.
غەش بوپتۇ بۇندىن يۇرتقا قايتقان لېيەنجاڭ،
تاغدا قالغان جەڭچىلەرنى سېغىنىپ - ئويلاپ.
ماشىنىنى يۇغان جەڭچى تۆمەن بويىدا،
سايىدا يېتىپ، قارار ئاق بۇلۇتقا،
چىققىنىدەك ئارىسىدىن مالائىكە.
مەن بىلىمەن،

ئورتاق سۆز بار ئۇلار قەلبىدە:
ياشىغانلار بولسۇن ئۇلۇغ ھاياتقا ئىگە.

دەپ قويۇش ئويۇم بار بىر سۆزنى، لېكىن
ئاۋازىم چىقمايدۇ ئاچسام ئېغىزنى،
ئىشەنچكە لىق تولغان نەزەرلەر ئارا،
بېشىمنى ئېگىپ مەن ئۆزەمنى كۆردۈم.
يەنە نىمە دەيمەن كىشىلەرگە مەن؟
ھاياتلىغىمنىڭ ئۆزى شۇ سۆزۈم.

مۇھەممەت شاۋۇدۇن تەرجىمىسى.

دىگۈم بار: ھەر كۈنى داۋدەن ۋىژىلداپ،
كۆتەرىلەر ئوت بولۇپ چەكسىز ساماغا،
(ئۇ، ئەمەس بايرامدا ئاتقان پوجاڭزا.)
بومباردىمانچى ئايروپىلانلار
ماڭىدۇ ئۇرۇشقا،

مۇدھىش گەۋدىسى
غەلىتى قۇزغۇنلار ھىمايىسىدا
ئىنزلەمدۇ تېپچلىقتىن يوچۇق شۇ تاپتا؟

دىگۈم بار: بىز ياشاپ تۇرۇمىز مانا،
دۇنيادا ھەر كۈنى ئۆلۈدۇ ئىنسان،
ئۇرۇش جاھاننى كەزمەكتە ھامان.
غەرق قىلىنغان ماي پاراخودىدا،
پاچاقلانغان تانكا ئۈستىدە،
بومبا چۈشكەن بىنا ئاستىدا،
ئانا باغرىدىكى جەسەت يېنىدا،
ياۋۇز ئاياقتىن قالغان ئىز ـ نىشان.

دۇنيا ئانچە تېنچ ئەمەس،

لېكىن

قىزىل يەڭناغۇچلارمۇ ئۇچمايدۇ توپ ـ توپ،
شەھەرگە بۆرىلەرمۇ كىرمەس كېچىدە،
ھەتتا ئازراقمۇ پوروخ ھىدى يوق.
ھازىرقى جەڭ ــ ئۇرۇش بولار غەلىتى،
ئۇ خۇددى بار بىلەن يوقنىڭ ئىچىدە.

خۇددى قان ئېقىمىدەك ئېتىلغاندا؛
تۇنجى ئاياق ئىزلىرى
ئايلىنىپ گويا بوستاننىڭ كىندىگىگە
زېمىننىڭ ئەسلىمىسىگە قېتىلغاندا؛
تۇنجى كۆچەتلەر
گويا زېمىننىڭ كىرپىكلىرىدەك
قومىلۇقتا لەرزان ئۇسۇل ئوينىغاندا؛
تۇنجى ئاسما قازان،
بەئەينى ئاسماننىڭ ئاشقازىنىدەك
يېشىللىقنى شۈمۈرۈپ،
هەزىم قىلىپ،
تۇنجى رەت تويۇنغاندا؛
تۇنجى چىغىر يول
گويا هاياتلىقنىڭ
چىرايلىق ئەگرى سىزىقلىرىدەك
يىراق ئۇپۇقلارغا سوزۇلغاندا.

.......

ئېخ، هاياتلىق!
زەبەردەسسەن شۇ قەدەر،
باش كۆتىرىپ چۆل-باياۋاندىن،
بىر تال تېرىقتەك تۇرۇپ،
بېرىسەن بەشارەت باغۇ-بوستاندىن.
كىچىككىنە بىختەك تۇرۇپ،
بېرىسەن دېرەك
چىرايلىق كۆكلەمدىن، گۈل-گۈلستاندىن.

هاياتلىق —
ئۇ گويا تۇنجى مەزمۇت دەرەخ،



**جاڭ دىيى** 1946 ـ يىلى شاڭخەيدە تۇغۇلغان. 1964 ـ يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ شىنجاڭغا كەلگەن. ھازىر «شىنجاڭ ئەدەبىياتى» ژورنىلى تەھرىر بۆلۈمى شېئىر گۇرۇپپىسىنىڭ مۇھەررىرى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدىلا باشلانغان ئىدى. ھازىرغا قەدەر ئۇنىڭ «يېشىل تارىم»، «قۇملۇق ۋە مەن»، «ھايات» قاتارلىق شېئىرلار توپلاملىرى بېسىلىپ چىقتى. بەزى شېئىرلىرى ئىنگلىز ۋە فرانسۇز تىللىرىغا تەرجىمە قىلىندى.

## ھاياتلىق

قارا، ئەنە
ئىنسى ـ جىن يوق
قاقاسلىق، چۆل ـ باياۋانغا،
ئۇ يەردە ھاياتلىق سەلتەنەت بىلەن
كۆز ئاچىدۇ كەڭ جاھانغا.
تۈنجى دالا يانغىنى
يەر باغرىدىن كۆككە

قوغلايدۇ تۈننى يىراققا هامان.
بىهاجەتتۇر  هىلال ئايدەك بوتۈلكىلاردا
سۈت بېرىش هاياتلىقنىڭ خىياللىرىغا.
هاياتلىقنىڭ
جەننەت ھەققىدىكى شىرىن ئويلىرى
بىهاجەتتۇر  شىمالنىڭ زەم-زەمدەك شاراپلىرىغا.
بىهاجەتتۇر  هاياتلىق ئۈچۈن
يىراقتىكى  ئۆزگىرىشلەردىن
خەۋەر بېرىش خۇنۇك سۆزلەر بىلەن.
بىهاجەتتۇر
يۇلتۇزلۇق ئاسماندىكى
ساماۋى كىتاپقا
تەلمۈرۈش، تەقەززا كۆزلەر بىلەن.


هاياتلىق —
گويا بوستان،
چىغىر يول كەبى هەر يان كېڭىيەر،
ئۇرۇقنىڭ خىيالچانلىغى،
قانىنىڭ ئوتتەك قىزغىنلىغى بىلەن
كەڭ ئالەمدە مەزمۇت ئۆسەر.

قېنى، كىم
هاياتلىقنى زورايما،
گۈللەنمە، دەپ قالدۇ توسۇپ؟
قۇملۇق، باياۋان، قاقاسلىق، چۆل-دەشت
كەتكەندىمۇ تامامەن ئۆلۈپ؛
كەتسىمۇ ئورمانلار قۇرۇپ،
تاغلار غۇلاپ، دېڭىز ئۆكتۈرۈلۈپ،
ئالەمنى قاپلاپ جۇت، بوران،

قوڭغۇراقلىق ھەيۋەتلىك مۇنار
كۆك ئاسمانغا بويسوزغان.
قىڭغۇراقنى باسار دات،
ئۆتسە يىللار — ئۆتسە كۆپ زامان.
ئەمما ئۇ
يورۇقلۇقتىن بېرەر بەشارەت،
ساداسىدىن كېلەر زىلزىلىگە
ئەسىرلەپ بۇرۇختۇم بولغان جاھان.

ھاياتلىق —
كۆككە ئۇچقان ئىس - تۈتۈن،
ئۇ گويا ئىنچىكە يىپ بىلەن
ئاسمان گۈمبىزىگە باغلانغان.
بۇلغانغان چاغدىمۇ كۆك ئاسمان
ئۇ قۇياشنى باشلاپ چىقار،
تارىخ سەھەرى ئۈمىتتىن
كېلەچەككە ياقار زور گۈلخان.

ھاياتلىق —
گۈلخاندىن چىققان ئوق - يا،
ئۇ يالقۇنلار ئىچىدىن
ئېتىلار كەڭ بوشلۇق تامان.
گەرچە بۇ قاقاسلىقتا
بولسىمۇ سوغ تۈن شامالىرى،
ئەمما ئۇ كۆكتە
چاقنايدۇ بولۇپ نۇرلۇق چولپان.
گويا تاڭ نۇرىدەك



ئابي تىلەك شىئىن شەھ-
رىدىن. 1930 - يىلى تۇغۇلغان.
1949 - يىلى خەلق ئازاتلىق
ئارمىيىسىگە قاتنىشىپ شىنجاڭغا
كەلگەن. 1951 - يىلدىن ئىتى-
ۋارەن ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى
ۋە شىنجاڭدىكى گېزىت - ژورنال-
لاردا شېئىرلىرى ئېلان قىلىنىشقا باشلىغان. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان
ئۇنىڭ 200 گە يېقىن شېئىرى ئېلان قىلىندى. ئىلى رايونىنىڭ
تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن «ئىلى دولقۇنلىرى» ناملىق سېكىلى
شىنجاڭ خەنزۇ ئەدەبىياتىنىڭ گۈلزارىغا يېڭىچە ھۆسۈن قوشتى.
ئۇ ھازىر شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش ئارمىيىسى ئەدەبىيات -
سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى «بوستان» ژورنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى
بولۇپ ئىشلىمەكتە؛ جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.

# ئىلى دەرياسىنىڭ مەيىن دولقۇنى

## سۈزۈك دولقۇن

ئىلى دەرياسىنىڭ مەيىن دولقۇنى
قەلبىمدە ئېچىلغان گۈزەل گۈل — رەيھان.

يۈرىگەندىمۇ چاڭ-توزاڭ ئۇچۇپ؛
ھەتتا قۇياش قارا قازاندەك،
ئەخلەت دۆۋىسىدەك چۆلگە
ئورناپ قالغاندىمۇ داق بولۇپ؛
ھاياتلىق قىلىدۇ جەۋلان
يېڭىلمەس قۇدرەت بىلەن كەڭ ئالەمدە،
ھەممە مۇشكۈلنى يېڭىپ،
ھەممە قامالنى بۆسۈپ.

ھاياتلىق —
يەر شارى بىلەن قۇياشنىڭ
مەغرۇر ئوغلى،
گۈزەللىك، سۆيگۈ بۇلىقى.
ھاياتلىقنىڭ ماكانىدۇر
ئىنساننىڭ قەلبى-يۈرىكى.
ئېتىقات — ھاياتلىقنىڭ سۈتى،
يىراق ئۇپۇق —
ھاياتلىقنىڭ تۇغۇلغان جايى،
زېمىن —
ھاياتلىقنىڭ ئالتۇن بۆشۈكى.
ھاياتلىق بىلەن
بىزنىڭ تارىخىمىز
پارلاق ئەتىدىن كۆرسەتتى نىشان.
ھاياتلىق بىلەن
پىلانىتلار، سامان يوللىرى
يەر-ئاسمان ئارىسىدا
ۋاللىداپ كۆزنى چاقنىتار ھامان.

مەخمۇتجان ئىسلام تەرجىمىسى.

سەۋىۋى: كۆكنار گۈلنىڭ ئەجداتلىرى
چېتىلغان ئىكەن «زەھەر» دىگەن نامغا.
شۇڭلاشقا، ھەممە كىشى كۆكنار گۈلگە
سوغ نەزەر تاشلايدىكەن كۆرگەن چاغدا.

ۋە لېكىن، گۈزەل كۆنەس يايلىغىدا
ھەر نۆۋەت كۆكنار گۈلى ئېچىلغاندا؛
ئېچىلغان خۇشبۇي كۆكنار گۈللىرىدىن
يايلاققا ئىپاردەك ھىد چېچىلغاندا؛
قەلبىمدە ئاجايىپ ھەس دولقۇنلىنار،
دىماققا خۇشپۇرىغى ئۇرۇلغاندا.

كۆنەسنى گۈزەل قىزدەك ياسايدۇ ئۇ،
ئوتقاشتەك شەلپەر بىلەن ئورايدۇ ئۇ.
سۈپ - سۈزۈك كۆك ئاسماندا ئۈزۈپ يۈرگەن
قىپ - قىزىل بۇلۇتلارغا ئوخشايدۇ ئۇ.
ئوخشايدۇ يېنىۋاتقان مەشئەللەرگە،
ئوخشايدۇ پولات سۈيى — قىزىل چوغقا.
ئوخشايدۇ كۆز چاقنىتىپ كەڭ سامادا
لەپىلدەپ جەۋلان قىلغان قىزىل تۇغقا.

شائىرغا بېرەر ئىلھام، جۇشقۇن بىر ھىس،
رەسسامغا بېرەر يېڭى مەزمۇن، غەيرەت.
كۆنەسلىك قازاقلارغا — چارۋىچىغا
بېرىدۇ قىممىز كەبى ھوزۇر - لەززەت.
زەھەرلىك چۆپ ئەمەس ئۇ، يامان كۆزدە
تاشلىماڭ ئاڭا ھەرگىز سىز سوغ نەزەر:

باراتنىڭ دوستلارچە مېھرى - سۆيگۈسى
قەلبىمدە يالقۇنلاپ يانغان زور گۈلخان.
ھەربىچە چاپىنىم كەتتى رەڭگىدىن،
يەنىلا «ئارمىيە» دەر مېنى ھامان.
بۇرۇنلا باشقا بىر تىزىمغا ئۆتتۈم،
ئەمما مەن ھىلىمۇ قەدىرلىك مېھمان.
ئات مىنسەم ھەر دائىم قويۇدۇ يۆلەپ،
تاماقتا چىقىرار تۆرگە ھەرقاچان.
سۇنۇدۇ ئەڭ بۇرۇن قوينىڭ بېشىنى،
قىمىزنى تۇنجى رەت ئىچكۈزەر ھامان.
سەۋەپ شۇ: تيانشان ئېتەكلىرىدە
باندىتلارنى بىز بىللە قىرغان.
يار - يۆلەك بولغانمىز قەھرىتان قىشتا،
كېچە چاقفاندا سوغاق، شىۋىرغان.
قاتناشقان بىللە يەر ئىسلاھاتىغا،
ئەركىنلىك، ھۆرلۈكتىن تەڭ بەھىر ئالغان.
ئارىدىن ئۆتسەمۇ يىگىرمە يىللار،
مەن يەنە باراتقا بىر ئەزىز مېھمان.
دائىما ئۇ سۇنغان قىمىزنى ئىچسەم،
سەيۋەرەڭ قاشتاشتەك سۈزۈك بىر دولقۇن
ئۆركەشلەر قەلبىمدە،
گوياكى قىيان.

## ياۋا كۆكنار گۈلى

بىر شائىر كۆكنار گۈلنى ماختاپ قويۇپ،
مۇپتىلا بوپتۇ تاپاق، تىل - دەشنامغا،

**ليۇ يۇەن** سىچۇەن ئۆلكىسىنىڭ جاڭجىڭ ناھىيىسىدىن. 1937 - يىلى تۇغۇلغان. 1956 - يىلدىن باشلاپ شېئىرلىرى گېزىت - ژورناللاردا ئېلان قىلىنىشقا باشلىغان.



ئۇ 1959 - يىلى شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن، 20 نەچچە يىل ئەدەبىيات سېپىدىن چەتتە قالغان ئىدى. 1979 - يىلى قەلەمنى قايتا قولغا ئېلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى. ئۇنىڭ يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان 200 پارچىدىن كۆپرەك شېئىرلىرى «شىنجاڭ ئەدەبىياتى»، «ئىلى دەرياسى»، «شاڭخەي ئەدەبىياتى» قاتارلىق ژورناللاردا ئېلان قىلىندى.

# ئىككى شېئىر

## ئاق قالپاقلىق ئايال ئىشچىلار

سۇبھى ئاسمىنىدا چاقنايدۇ
قىزىلگۇلگە رەڭداش نۇرلار.
يېڭى رايون تاشلىق يولىدىن
كېلىدۇ ئاق قالپاقلىق ئاياللار - قىزلار.
ئۇلار قەدىم شەھەرنىڭ بىناكارلىرى،

٦

گۈزەل گۈل ئىلاھىنىڭ ئەۋلادى ئۇ،
ئۇنىڭغا چېقىلىشتىن ئەيلەڭ ھەزەر.

## سوقا چىشى

چىكىنىمىدىڭ ئارقىغا مۇتلەق،
زادى ئارام ئېلىپ باقمىدىڭ،
دۆڭ دېمىدىڭ، ئويمان دېمىدىڭ،
تىكەنلەرنى قىرىپ تاشلىدىڭ.
بوشاشماستىن يەرنى تىلغىدىڭ،
ئۆزەڭنىمۇ دائىم تاۋلىدىڭ.

سەن بەئەينى پىدا قىلىپ جان،
ئالغا يۈرگەن قورقماس قەھرىمان.
سەن گوياكى ۋىجدانلىق يىگىت،
جۇۋۇدىڭدىن جەسۇرلۇق ئايان.

ئۆمرۈڭ بويى يەرنى تىلغىدىڭ،
توپا ـ چاڭغا كۆمۈلۈپ ھامان.
سەن شۇندىمۇ يازدىڭ ئۆمۈرلۈك
ئۆچمەيدىغان قوشاق ۋە داستان.

قەيسەر، جەسۇر يول ئاچقۇچسەن،
ئالغا قاراپ ئوقتەك ئېتىلغان.
سەندىكى روھ يول ئاچقۇچىنىڭ
قان ـ قېنىغا سىڭگەن ـ قېتىلغان.

مەخمۇتجان ئىسلام تەرجىمىسى.

ئۇلارنىڭ ياشلىق تەبەسسۇملىرى
تىترىتەر بىپايان كۆكنىڭ قەرىنى.
ئۇلار ئەجرىدىن قەد كۆتىرىدۇ قاتار-قاتار
يېڭى ۋە كۆركەم ئېگىز بىنالار.
ئۇلارنىڭ بىباھا ئەمگەك تەرلىرى
ئۆستۈرەر تېخىمۇ قەدىر-قىممىتىنى.
ئىسپاتلايدۇ ئۇلار تېخى
تونۇگۇنكى خارابە ئۈستىدە
ساماۋى چۆچەكتە بايان قىلىنغان
مۆجىزىلەرنىڭ ھېكمەتلىرىنى.

## ئۇنىڭ قەلبىدە شەھەر سىماسى

ئۇ تېخى ياش قىز،
ئۇ تېخى شاگىرت،
ناتونۇشلار ئالدىدا تارتىنچاق، خىجىل.
سىرچىلار گۇرۇپپىسى چوشۇرمەس تىلدىن:
«بىزنىڭ شىياۋفىڭ!» دەپ ماختايدۇ دىدىل،
ئۇنىڭغا ھەيمەيلەن شۇنچىلىك ئېجىل.

ھەر كۈنى سۇبھى بىلەن تەڭ،
كېلىدۇ قىزىل شەپەقتە يۈركىنىپ،
قەلبى ئاتەشتەك يېنىپ، ئۆرتىنىپ.
كېلىدۇ قۇرۇلۇش — ئىش مەيدانىغا
ئاسمان-پەلەك ئېگىز بىناغا،
خۇددى قاناتلىق قۇيۇندەك ئۇچۇپ.
زېمىن بىلەن ئاسمان ئارىلىقىدا،

لەۋلىرىدە تەبەسسۇم ئوينار،
چېھرىسىدە قىلىدۇ جەۋلان
شاتلىق، كۈلكە، غۇرۇر، ئىپتىخار.
يۈيۈلۈپ ئۆتكەن ئەمگەك كىيىمى
گۈل ھۆسنىگە خوپ يارىشىملىق؛
ۋۇجۇدىدىن تۇرۇدۇ ئۇرغۇپ
شىمال قىزلىرىغا خاس مەردانىلىق،
جەنۇپ قىزلىرىغا خاس خۇشخۇي، زىلۋالىق.
بويۇنلىرىدا قىزىل شايى ياغلىق،
بەرق ئۇرۇدۇ ياشلىق باھارىدىن
جۇشقۇن ھاياتى كۈچ،
گۈزەل ساغلاملىق.

تارىخ تاللىدى ئۇلارنى،
ئۇلار تاللىدى كوممۇنىزىمنى گۈلدۈرلىگەن
لاي ئېتىش ماشىنىسىنى،
تاللىدى سىمونتنى، قۇم - تاش ئارىلاشمىسىنى.
(ئۇلار ئىسمى — جىسمىغا لايىق بىتون ئىشچىلىرى)،
ئاپتاپ كۆيدۈرگەن ئۇلارنىڭ قول - چىرايلىرىنى.
بۇ چىرايلار قىلار نامايىش
ئۇلارنىڭ مەردانە، سېخىلىغىنى.
ئۇلار تاۋلايدۇ ئۆزىنى،
ئۆزىنىلا ئەمەس ئۇلۇغۋار پىلانىنى؛
چىڭىتىدۇ پولاتتەك گويا
ۋەتەننى گۈللىتىش ئارزۇلىرىنى.

لايىق ئۇلار شەھەرلىكلەر مەدھىيىسىگە،
جەلب قىلىدۇ شەھەر ئۇلارنىڭ ئوتلۇق مېھرىنى.

قەلبىمىز تۇرىدىن قايناق ھىسسىيات
ئۇيتىلار تىنماي خۇددى فونتاندەك.
ئاجايىپ رەڭدار، مول تەسەۋۋۇر
بولغاچ ئۇنىڭمۇ قەلبىدە پەۋەس
شەھەرمۇ يىل بويى
چۈمەر باھار پەيزىگە يېشىل بوستاندەك.

تۇرسۇن مەخسۇت تەرجىمىسى.

دەرىزە بىلەن ئايۋان ئارىلىغىدا،
يورۇدۇ تىنىماي
كىچىككىنە سىر چىلىگىنى كۆتىرىپ؛
مۆكىدەك ئۇيانىدىن - بۇيانىغا ئۆتۈپ،
ئاسمان بوشلۇغىدا
گويا رەڭدار سومۇرۇغتەك ئۇچۇپ...

شامال تىنىقلىرىغا كىتىدۇ سىڭىپ،
بۇلۇتنى يوپۇق قىلار مۆرىگە تىڭىپ.
سۇۋايدۇ
قولىدىكى چوتكىسىنى ئىشقا سىلىپ:
ئۆچۈرۈدۇ ئەلەملىك خاتىرىلەرنى
يۈرەكلەردىن مەڭگۈگە سۈرتۈپ.
شەھەرلەرنىڭ گۈزەل ئەتىسىنى
سىزىدۇ تېخىمۇ رەڭدار تەسۋىرلەپ.
كىم ئېيتماس ئۇنىڭ چىۋەر قوللىرى
سىزىۋاتىدۇ
مەڭگۈ ئۆچمەس ماي بوياق رەسىم دەپ،
سىزىۋاتىدۇ
21 - ئەسىر سىماسىنى سۈرەتلەپ.

ئون يىللىق زىمىستان قىشنى
ئۆتكەزدۇق بىز چىشىمىزنى چىشلەپ،
پارتلاشقا تەييار تۇرغان ۋولقاندەك.
ئەمدى بىزنىڭ تەسەۋۋۇرىمىز
خىيالى، گىرىمسەن ئېزىتقۇ ئەمەس،

ئۇ هاۋا ئىقىمى ياسىغان دولقۇن،
ئۇ قاتتىق بوراندىن يارالغان ناخشا.

سەندە بار كىمىسىز تارتىلغان يەلكەن،
سەندە بار ماتورسىز دىڭىز گاڭكۆسى.
ئۇ ئىگىز چوقچايغان تۆگە ئۆركىشى،
ئۇ چەكسىز سوزۇلغان قۇملار دۆۋىسى.

سەندە بار يېزىلماي قالغان رىۋايەت،
سەندە بار كۆز يەتمەس چەكسىز خىيال ھەم.
ئۇ يەردىن تارىغان سۆيگۈ قىسسىسى،
ئۇ كۆككە تۇتاش نۇر — سىھىرلىك، كۆركەم.

سەندە بار چۈشكۈنلۈك، ھەسرەت داغلىرى،
سەندە بار ئىرادە، ئىشەنچ مەيدانى.
چۈشكۈنلەر كۆمۈلەر دىڭىز قەرىگە،
ئىرادە باغلىغان يېتەر ۋەسلىگە.

## ھال سوراش

ئاي ئەھۋال سورىدى ئىقىن دەريادىن،
ھەم چاچتى نۇرىنى ئۈنىڭ كۆكسىگە.
بۇلۇت ھال سورىدى قاتمۇ - قات تاغدىن،
رەڭدار كۆينەك تىقۇپ قىزىل شەپەقتىن،
تاققا تەقدىم قىلىپ تۇتتى ئۇ ئەنە.
بوستانلىق دىڭىزدىن سورىدى ئەھۋال
ۋە دىدى: مىھرىمنى تۆكۈمەن ساڭا.



**گوۋېيدۇڭ** 1933 - يىلى سۇڭخۇاجياڭ دەرياسى بويىدىكى جىلىڭ شەھرىدە تۇغۇلغان. 1954 - يىلى شەرقىي شىمال بانكا مەكتىۋىدە ئوقۇغان. 1959 - يىلى شىنجاڭغا كەلگەن. ھازىر خەنزۇ تىلىدا چىقىدىغان «شىنجاڭ ئەدەبىياتى» ژورنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە مۇھەررىر، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسى- نىڭ ئەزاسى.

ئۇنىڭ شېئىرى ئىجادىيىتى 1955 - يىلى باشلانغان ئىدى. ھازىرغا قەدەر مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى گېزىت - ژورناللاردا 600 پارچىدىن كۆپرەك شېئىرلىرى ئېلان قىلىندى. 1984 - يىلى «ئۈزۈمزارلىقتىكى مۇھەببەت ناخشىسى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى بېسى- لىپ چىقتى.

# شېئىرلار

## بىپايان دېڭىز

سەندە باز دولقۇنلار، ۋە لېكىن سۇ يوق،
مەندە بار دولقۇنسىز ھەيۋەتلىك سادا.

خۇشبۇراقلىق هالال تەردىنى،
چىن مېھرىنى، مۇھەببىتىنى.
كۆرۈسەن ئەتە،
چىقىدۇ بۇ يەردىن گۈزەللىك پارلاپ.
شۇڭا مەن بۈگۈن
سۆيدۈم ئۇنى دىلدىن قۇچاقلاپ...

ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر تەرجىمىسى.

دېڭىزغا سوغام دەپ سۇندى بوستانلىق
ياپ - يېشىل كۆچەتتىن نەچچە تۈپ مانا.

## بوستانلىقتىن كەلدىم قۇم دېڭىزىغا...

قۇم دېڭىزىغا قەدەم تاشلىغان،
بوستانلىقتىن كەلگەن ئادەممەن.
ۋۇجۇدۇمدا گۈل پۇراقلىرى،
بوستانلىقتىن كەلگەن ئادەممەن.
دولقۇنلىنار قەلبىمدە شاتلىق،
بوستانلىقتىن كەلگەن ئادەممەن.
مەن كەلدىم

بوستانلىقنى دېڭىزغا ئېلىپ.
بىلىمەن، بۇ يەر چەكسىز قاقاس چۆل،
كۆرۈنمەس ھەتتاكى بىر تال يوپۇرماق.
تېپىلماس بۇ يەردىن ئالقانچە سايە،
تېپىلمايدۇ تامچە سۇ ھەتتا،
ئىزدىسەڭمۇ ھەريانىنى كېزىپ.
چاڭقىغان ئادەم
گاللىرى قۇرۇپ،
كېتەر ھالىدىن تەشنالىق يېتىپ.
بىراق، دەيمەن ئەنە شۇنىدىمۇ
بوستانلىقتىن كەلگەن ئادەممەن.
گاڭدەك مېنىڭ ئىشەنچ - ئىرادەم،
ئىككى قىتئەنى تۇتاشتۇرۇمەن.
مەن كەلدىم ئېلىپ

تۇرۇدۇ تۇپلىشىپ،
دېڭىز بوۋىنىڭ تۇغۇلۇشىنى
تەقەززالىق بىلەن كۈتۈشۈپ.
(قاتتىق ئىڭراش بىلەن تەڭ،
تۇغۇت ئازاۋىدا
ئاقىۋەت ئۇ خاتىمە بەردى.
تۇغراقتا ياسالغان كارۋاتتا ياتقان
ياش ئانامنىڭ
چىرايىغا كۈلكە يۈگەردى.
ئۇ مېنى —
ئەزرائىلدىن تارتىۋالغان ئالمىنى
ئورۇق، ھالسىز قوللىرى بىلەن
باش ئۈستىگە ئىگىز كۆتەردى.)

2

ئۇيلۇدۇم، دەسلەپكى تەبەسسۇمىمنى
كىم كۆردى بولغاي؟
ئاڭلىشىمچە، بۇنى ئەينى چاغ
كۆرۈپتۇ تۈگۈلۈكتىن پەقەت تولۇنئاي.
تولۇنئاي ئانامنىڭ چىغ قالپىقىدەك
تەۋرىنىپ تۇراتتى زادى توختىماي.
(يادىمدا:
چىغ قالپاق كىيگەن شۇ ئانام،
مېنى ئوينىتاتتى ئاسمانغا ئېتىپ.
قايسىدۇ بىر قېتىم قاتتىق يىقىلدىم،
قوللىرىدىن مەن چىقىپ كېتىپ.



ساۋ يۈگجىڭ سەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ چىڭداۋ شەھىرىدىن. 1960 - يىلى تۇغۇلغان. 1982 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى سىياسى پاكولتېتىنى پۈتتۈرگەن. ھازىر شىخۇ ناھىيەلىك پارتىيە مەكتىۋىدە ئىشلەيدۇ.

ئۇنىڭ ئەسەرلىرى 1975 - يىلىدىن باشلاپ مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنىشقا باشلىغان، يېقىنقى يىللاردىن بېرى «رېتىم»، «مەن — قۇم دېڭىز ئادىمى»، «دەسلەپكى تۇيغۇ»، «يارغول» قاتارلىق داستانلىرى، «ئادىمىزات»، «ئادەم ئىزى» قاتارلىق پوۋېست ۋە بىرقانچە شېئىرلىرى ئېلان قىلىندى.

# مەن — قۇم دېڭىز ئادىمى

1

قۇم دېڭىزىنىڭ
يېشىل تاقىم ئارىلىدا،
ئەڭ چەتتىكى
ناتونۇش خىلۋەت دالدىدا،
دېڭىزدىن ئەمدىلا يانغان ئادەملەر

ىمشقا ۋاقت
قىنايدۇ سېنى ئارام ئالدۇرماي؟)
بۇ مېنىڭ ئۆمرۈمدە بىرىنچى قېتىم
تۇرمۇشنى كۆزىتىپ ھەس قىلغانلىرىم.
شۇنداقلا بۇ مېنىڭ بىرىنچى قېتىم
ئانامغا تەلمۈرۈپ ئويلىغانلىرىم.

3

كەلدى گۈلباھار،
ماچىتلاردەك تىزىلىپ قاتار،
ئاق تېرەك ئورمىنى كۆككە بوي سوزدى.
كىشلەر تارالدى كەڭرى ئېتىزغا،
ئېتىز ئاتلىق چەكسىز دېڭىزغا
تور تاشلاپ قۇياشنىڭ نۇرىنى سۈزدى.
دېدىم يالۋۇرۇپ:
«دېڭىزغا ئاپارغىن مېنىمۇ ئانا.
كۈچ - قۇۋۋىتىم تۇرۇدۇ ئۇرغۇپ،
گەر ئىشەنمىسەڭ،
مۇسكۇللىرىمغا قارىغىن مانا!»
ئانامنىڭ «دۇڭفاڭخۇڭ» تىراكتۇرى
بەئەينى ھەيۋەتلىك ماي پاراخوتى.
بېشىنى چىقىرىپ ئىشىكتىن ئانام
خوپ تىللىدى مېنى تۇتقاندەك خۇيى:
«بېزىرىپ تۇرماستىن، ماڭ ئۆيگە كەتكىن،
دەرسلىرىڭنى ئوبدانراق ئوقى!»

ھەلىمۇ ياخشى، كەتتىم ساقىيىپ،
بولدۇم مەن كۆڭلەرنى
ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈشكە نىسىپ.)

چىقتى تىلىم،
ئىپتالايدىغان بولدۇم سۆزۈمنى.
تومۇز ئايلىرى،
ئاشۇ بىر ئاخشام
ئەندىكىپ - چۆچۈپ ئاچتىم كۆزۈمنى.
ئانام ياتاتتى قاتتىق ئۇيقۇدا،
سوزدۇم ئاستا يۇمران قولۇمنى.
سىلىدىم قارايغان پىشانىسىنى،
تۇيۇقسىز يىغا باستى كۆڭلۈمنى.
چۈنكى ئۇنىڭ پىشانىسىدە،
تازا يوغان بىر نەچچە پاشا
ئىسسىق قانلىرىنى تۇراتتى شوراپ.
ئۇلارنى شۇ ھامان بېسىپ ئۆلتەردىم،
ئىرلىگەچكە غەزىۋىم قايناپ.
قالدى قوللىرىمدا قانلارنىڭ دېغى؛
قالدى يەنە
ئانام يۈزىدىكى
توپا - چاڭ ۋە ئوت - چۆپ پۇرىغى.
(ئىخ ئانا،
ئىمىشقا ياتمىدىڭ ئەگىلىكنى يېشىپ!
تۈگمەكنى ئېچىشقا يەتمەپتۇ چامىڭ.
چۈنكى سەن كەتكەچكە تولىمۇ ھېرىپ،
تۇرۇسەن ئەتە يەنە تاڭ ئاتماي؛

ئاندىن ئانام شىپالىق تاپتى.
(ئېيتتى ئانام مۇنداق كېيىنى:
«بالام، تۇرۇسەن كۆتۈپ نېمىنى؟
ساڭا ئايانغۇ بوران - دولقۇنلار،
بىلمەمسەن، دېڭىزنىڭ مىجەز - خۇلقىنى...»)

بىلمىدىم،
بېرىشىمنى زادى قاياققا؟
پەقەت سايەم بولدى ھەمرايىم،
كەزدىم ھەم سوغاق، ھەم چۆل قىرغاقتا.
دەل شۇ چاغ،
تۇيۇقسىز كۆردۈم مەن شۇنى،
قىپ - قىزىل ئۇتقاشتەك ھەيۋەت يالقۇننى —
ئەتراپنى قاپلىغان قىزىل يۇلغۇننى؛
ھە، ئۇلار يورۇتتى ھايات يولۇمنى.

كۆكرەك كېرىپ چىقتىم ئۇتتۇرىغا،
ئانامنىڭ ئورنىغا —
خىزمەت ئورنۇمغا
ئانام ئېيتقان بايىقى سۆزلەر
يەنە بىر قېتىم كەلدى ئويۇمغا.
(«بالام، بولمايدۇ! مېنى دورىما!
مې... نى... دو... رى... ما!»)

5

ئىخ ئانا، چۈشىنىپ يەتتىم ئاقىۋەت؛
بىر تامچە تەر — بىر تال دان دېمەك،

ئانامدەك ياشاشنى قىلدىم مەن ئارزۇ،
كۈتتۈم كېلىشىنى شۇ كۈننىڭ تېزراق.
سىلاپ بېشىمنى سۆزلىدى ئانام:
«مېنى دورىما، ئويلىما ئۇنداق».
(چىشلەپ قولۇمدىكى قېرىندىشىمنى
ئويلۇدۇم بۇ سۆزنى ئۇزاقتىن - ئۇزاق.
بۇنىڭ مەنىسىگە، تېگى - تەكتىگە
يېتەلمەي كەلدىم ھازىرمۇ بىراق...)

4

چىقتى دەھشەتلىك تەيفىڭ بورىنى،
خارابە تاملاردا،
قەۋرىستانلاردا
سايرىدى زۇلمەتنىڭ قاغا - قۇزغۇنى.
ئىگەللىدى بىر چاغ تىمتاسلىق
چىرايلىق، ياپ - يېشىل ئارال ئورنىنى.
مانا بۇ جۇڭغارنىڭ كەڭ ئېتىزىدا،
مانا بىز پايانسىز قۇم دېڭىزىدا،
كىشىلەر سۈرتۈشۈپ ياشلىق كۆزىنى؛
كۆمۈش يېپلىرىنى قولىغا ئېلىپ
توقۇدى قايتىدىن مەزمۇت تورىنى.

ئانام ئاغرىپ يىقىلدى - ياتتى.
قۇم دېڭىزىنىڭ
دەھشەتلىك دولقۇنى، بوران - جۇدۇنى
ئۇنى قىرغاقا تاشلىدى - ئاتتى.
باھار شامىلى ئۇچقان چاغدىلا

بالىلار باقمايدۇ چەتئەللىكلەرگە
ھەيرانۇ-لال بولۇپ كۆزى قىزىرىپ.
كۆيمەيدۇ ئۇ چاغدا بىرىنىڭ دۇمبىسىز
تومۇز ئاپتىۋىدا كۆمەچتەك پىشىپ...)

ئەنە شۇ چاغدا،
ئەي سەن، قەدىردان ئانا،
نىمە گەپلەرنى ئېيتىسەن ماڭا؟
تەھقىقكى، سەن مېنى چۈشۈڭدە كۆرۈپ،
گۈدەكلىك چاغلىرىم ئېسىڭگە چۈشۈپ،
قۇلاقلىرىمنى سوزۇسەن ئاستا.
دەيسەن: «بىز قۇم دېڭىز ئادەملىرى بىز،
ئەي بالام، كەمتەر بول، مەغرۇرلۇق قىلما.
گەرچە ماڭا ئوخشاپ تۇرساڭمۇ،
بىراق ئوخشمايسەن زادىلا ماڭا!...

رەخىم قاسىم تەرجىمىسى.



ئۇ ئەمەس پايدىسىز — مۇڭسىز مېھنەت،
ھەتتا سەنمۇ،
ھاياتىم ئۈلگىسى ئەمەسسەن پەقەت.
(ئېخ ئانا، مەن سېنى كۆرسەم ھەر قاچان:
يادىڭغۇ - ئورۇقسەن، چىرايىڭ سولغان،
پاختىلىق چاپىنىڭ تەردە ھۆل بولغان
ۋە ياكى مۇز توڭلاپ تاراقلاپ تۇرغان؛
ئەنە شۇ ھالىڭغا تاشلىسام نەزەر،
يۈرىكىمنى تىلغاندەك خەنجەر
ئازاپلىناتتىم، ھەسرەت چېكەتتىم،
بىراق بۇ دەردىمنى ساڭا دېمەيتتىم...)

بەس، يېتەر
بولمايمەن زادىلا بوزەك!
قوم دېڭىزىنىڭ قەيسەر ئوغلىمەن،
مەندە بار گىرانىت تاشتەك چىڭ بىلەك!
قوم دېڭىزىنى سۆيىمەن ھامان،
ۋە لېكىن بولمايمەن ئۇنى دەپ قۇربان؛
بۇ دېڭىز ئىشلىشى كېرەك مەن ئۈچۈن،
ئۆزەمنىڭ ۋۇجۇدۇم ئۆزەمگە كېرەك!

دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا ماڭغان
ۋەتىنىم — ئانام،
بۇ دېڭىزنى تۇتۇمەن ساڭا.
سۆيگۈ - مۇھەببەتنىڭ گۈلدەستىسىدەك!
(ئۇ چاغدا شەھەرلىك يىگىتلەر كېلىپ،
دېڭىز قىزلىرىنى ئەپكېتەلمەيدۇ
«ئىشتاتلىق خىزمەت» كە مەھلىيا قىلىپ،

ھەر چايقالسا قۇم ئۇپقۇنى بىپايان چۆلدە،
چاڭ تـوزنگى كۆتىرىلەر ئاسمان قەرىگە؛
قاندەك قىزىل قۇياش نۇرى چېچىلغان چاغدا،
قۇم - شىغىللار كىرەر شۇئان قوڭۇررەڭ تۈسكە.

بىلسەڭ، بىر چاغ ھەربى تۇغلار يىقىلغان بۇندا،
ساداقلارنىڭ ئوقى سۇنۇپ، يىپى ئۈزۈلگەن.
بىر توپ جۇڭگو ئەسكىرىمۇ شۇ كەڭ زېمىندا،
چاڭلار ئارا قالغان ئۇخلاپ - يەرگە كۆمۈلگەن.

قالغان ئۇخلاپ، ئېچىنىشلىق،
ئاي شولىسىدا،
ئاستا - ئاستا ئۆز قوينىغا ئالغان قۇم - بوران؛
قارچىغاغا ئايلىنىپ ئۇلارنىڭ جىسمى،
قەيسەر روھى — ئەرۋاھلىرى سىيلىشقان چۇقان.

كۆرمىنگلغان ئاشۇنداق كۆن چۆشكەچكە يەرگە،
تۆمەنلىگەن ئاي - يۇلتۇزلار چۆشكەچكە ساقىپ؛
لاچىنلارنىڭ ئەۋلاتلىرى كارۋان كۆزىدە
شۇڭغىغاندەك تۇرار دائىم ھەر يانغا بالقىپ.

## مارجان بۇلاق

سۈيى سۈزۈك مارجان بۇلاق دىگىنىڭ شۇمۇ؟
يېشىل فونتان ئاپپاق كۆپۈك قىلىپتۇ پەيدا؛
سىرىق ياپراق ئۈستىدىكى مەرۋايىت - شەبنەم،
قۇملۇقتىكى دۇردانىدەك دىلنى قىپ شەيدا.



**لى يىۋي** 1945 - يىلى چۇنچىڭدە تۇغۇلغان. 1964 - يىلى شىنجاڭغا كەلگەن. جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» شېئىرىيەت مۇنبىرىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى.

ئۇ ئاتالمىش مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى مەزگىلىدە قۇربان تۇڭغۇتتىكى دېخانچىلىق مەيدانىدا سۈرگۈن بولۇپ يۈرگەنىدە «ئۇما ناخشىسى» بىلەن شېئىرىيەت سېپىگە قوشۇلغان ئىدى. 1984 - يىلى ئۇنىڭ «جۇڭغار شېئىرلىرى» توپلىمى نەشر قىلىندى.

# شېئىرلار

## بېغىررەڭ كۆكتە

ئۇچار شۇڭغۇپ لاچىن توپى بېغىر رەڭ كۆكتە،
ئۇچار لەيلەپ بېغىررەڭ «قوم دېڭىز» يۈزىدە؛
چەكسىز قۇملۇق — بارخانلار چاقنايدۇ ۋەل - ۋەل،
چاقنايدۇ ئۇ كارۋانلارنىڭ قارچۇق - كۆزىدە.

جەگچمۇ ئويغاندى، ئاچتى كۆزىنى،
جاگجۇننىڭ قويندا كۆردى ئۆزىنى؛
جەگچىنىڭ يېقىملىق جۈپ كۆزلىرىدىن
تېخىچە ئۆچمىگەن هايات ئۇچقۇنى!

شۇ پەيتتە بارمىغى ئارىلىرىدىن
بىر ئوچۇم مۇزدەك قۇم ساقىدى يەرگە؛
جەگچىنىڭ يېپىنغان شىنىل - چاپىنى
بويالدى قىپ - قىزىل قان بىلەن تەرگە.

ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ئۆتمەكتە غۇۋا،
ئۆتمەكتە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئەل - يۇرتى؛
ئۆتمەكتە يۇرتىنىڭ ئىسىل پۇراقلىق
كۆكۈش ئىس - تۈتۈنى، كۆكۈش شەبنىمى...

كۆرۈندى گويا سوغ كېچىگە ئوخشاش
گىرىمسەن چۈشىدە تۇغۇلغان يۇرتى؛
كۆرۈندى دولقۇنلۇق ئۆستەڭ ۋە دەريا،
تەۋەرۈك يۇرتىنىڭ قەدىم دەرىخى.

ئۇزۇن يىل زارىققان پارلاق نۇرنى دەپ،
ئۇ ئانا يۇرتىدىن كەلگەن ئايرىلىپ؛
كەلگەن ئۇ بىپايان دەشت — چۆللەردە
ئۇزۇن، ئەگىر - توقاي يوللارنى بېسىپ.

جاگجۇننىڭ قويندا ياتقىنىچە ئۇ،
تاڭ ئېتىش ئالدىدا، ئاخىر ئۈزدى جان؛

ئاسماندىكى قوڭۇر بۇلۇت ئۈزۈپ يۈرگەندەك،
ئۈنچە — مارجان ئارىسىدا - مەرۋايىت ئارا؛
ئارمىيىنىڭ قىزىل تۇغى لەپىلدىگەندەك،
بىلىنمەكتە مارجان بۇلاق ئۈستىدە ماڭا.

تەشنالىقنىڭ ئوت - يالقۇنى لاۋۇلدىغاندەك،
سېزىلمەكتە لەھەڭ سۇنىڭ يېنىدا، مانا.
ئەينى يىللار ۋىسال ئىزلەپ پىغان چەككەن ھۆر
قايتىپ كەتكەن ھەشەمەتلىك ئوردا - كۆلگە؛

قايتار چاغدا مەرۋايىتتەك ياشلىرىنى ئۇ
چېچىپ كەتكەن مۇشۇ قۇملۇق يەرنىڭ يۈزىگە؛
چېچىپ كەتكەن ئەمگەك بىلەن گۈللەنگەن بوستان،
شاماللاردا شىۋىرلىغان يۇلغۇن گۈلىگە.

ئۇ پەرىزات كەتكەن بىلەن، قالدۇرۇپ كەتكەن
بوز يەر ئاچقان ئىشچانلارغا ئۈمىت، ئىنتىلىش؛
قالدۇرغان ئۇ مارجان بۇلاق بىلەن بۇ يەردە
چەكسىز چوڭقۇر تەپەككۇر ھەم چەكسىز سېغىنىش!

## ئۇ، تاڭ ئالدىدا جان ئۈزگەن

بىپايان سايلىقتا — چۆل - جەزىرىدە
ياتىدۇ شېغىللار چەكسىز سوزۇلۇپ.
ئەنە شۇ چۆلدىكى جىلغا ئۈستىدە
ئىس - تۈتۈن بۇلۇتتەك يۈرۈدۇ ئۆرلەپ.



بەي خۇا 1944 - يىلى سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ داشيەن شەھىرىدە تۇغۇلغان. 1959 - يىلى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ شىنجاڭغا كەلگەن. ھازىر شىخەنزە ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە «يېشىل شامال» شېئىرىيەت ژورنىلىنىڭ مۇھەررىرى. جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى. ئۇنىڭ «مۇھەببەتلىك 18 ئۇدار»، «تىيانشانغا مۇھەببەت» ناملىق داستانلىرى ۋە 100 پارچىدىن ئارتۇق لىرىكىلىق شېئىرلىرى بار. يەنە «نۇر ھالقىسى»، «دىخانچىلىق مەيدانىدىكى بىر كۈن» قاتارلىق ھېكايە، ئوچېركلىرى بار.

# چېگرىدىكى شەھەر

•

سۇۋادانلار ياپراق تاشلىدى،

يول بويلىرىدا

قارىغايلار تۇرىدۇ ھەيۋەت.

ئاق موم دەرىخىنىڭ ئوماق قىزى

سىلكىتىدۇ بىر توپ ئاچقۇچنى،

ئەمما

كۆرەلمەي بۇ يىراق ياقا يۇرتلاردا
يۇمۇلاق، ھەم يوغان قۇياشنى شۇئان.

بىراق، ئۇ ئاخىرقى بىر تامچا قاندا،
بويىدى بىر پارچە ساينىڭ تېشىنى؛
بويىدى كەلگۈسى شىخەنزە ئۈچۈن،
قۇرۇلغان فوندامېنت — شەھەر ھۇلىنى.

ئابلىكىم تۇردى تەرجىمىسى.

بۇ شەھەردە
سۇنئى مۇز مەيدانىدا
بۈگۈن تۇنجى رەت
ياڭرىدى شوخ، يەڭگىل مۇزىكا.
شەھەر تەۋرىنىدۇ ئەللەيلىگەندەك،
ئاياقلار ئاستىدا
گويا سانسىز ئۇرچۇق
پىچىرلىغاندەك ئېيتىدۇ ناخشا.
شەھەر غەربىدە
تۇرۇدۇ چوقچىيىپ فابرىكا كۆركەم.
پاختىدىن ئاپپاق كەشتىلىرىگە
شەھەرنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى
توقۇيدۇ ھەردەم.

ئەنە،
كۆيمەكتە يالقۇنلاپ
باللار يىققان غازاڭلاردىن
ياسالغان گۈلخان.
ئۇ مۇشۇ شەھەرنىڭ
قۇرۇلۇش باشلىغان چېغىنى
سالىدۇ ئەسكە شۇئان.

مەخمۇتجان ئىسلام تەرجىمىسى.

قىشلىق شەھەر دەرۋازىسىنى
خالىسايدۇ ئېچىشنى پەقەت.

گۈل ـ گىياالار قۇرۇغان، سولغان،
پۈت ـ قولۇڭغا ئېسىلماس ئەمدى.
كىشلەر جۈپ ـ جۈپ بولۇپ،
بارىدۇ دالىغا سەيلى قىلغىلى،
كۆز ئاسمىنىدەك سۈپ ـ سۈزۈك قەلبى.

قاش قارايدى،
شوخ، ئويۇنچى باللار
غازاڭلارنى دۆۋىلەپ يېقىشتى گۈلخان.
ئۇنىڭ قىزىلـگۈلدەك يالقۇنلىرى،
كۆكۈش ئىسلىرى
قوشۇلۇپ زاۋۇت مورىلىرىنىڭ
بۇرقۇپ چىققان قويۇق ئىسىغا،
ئەنە ئاسماندا ئۇچماقتا لەرزان،
كوچىلارنىڭ يېشىل چىراقلىرى،
كەچكى ئۇلتۇرۇشنىڭ مۇزىكىلىرى
تەسەۋۋۇرغا سىڭىپ كىرىدۇ،
قوزغىتىدۇ دىلدا هاياجان.
يىراق ـ يىراقلاردا
كۆرۈنىدۇ پىلىلداپ چىراق.
ماشىنىلار ئۆزەر تاشيولدا،
دېڭىزدا ئۈزگەندەك پارقىراق بېلىق،
بۇ يەر دېڭىز
ئەمەستۇر بىراق.

قېنى، يامغۇر،
بىلەلمىدىم، كەتتىڭىن قايان؟

2

يامغۇر يېغىپ تۇرغان بۇ ئاسمان
بەك سۆيۈملۈك
ۋە بەكمۇ گۈزەل.
چۈنكى مانا،
باش كۆتەردى يېشىللىق،
كەتتى بۇندىن زېرىكىش تۈگەل.
قارا، ئاۋۇ دەل - دەرەخلەرگە،
شاخلار تولۇپ گۈل - چېچەكلەرگە،
يوپۇرماقلار شىلدىرلىشىدۇ،
كۈلۈشىدۇ، پىچىرلىشىدۇ.

3

شامال
ئەكىپ مېنىڭ ئاياقلىرىمنى،
غۇقۇراپ ئۇچتى؛
تارىخ ئېقىمى مېنىڭ مىڭەمدە
پەيدا قىلغان دولقۇنغا ئوخشاش،
يوپۇرماقلار ئۇسۇلغا چۈشتى.
مانا،
ماڭا تالىق مۇشۇ دۇنياغا،
بىكار ياتقان قارلىق دالاغا،
قۇياش ئوتلۇق نۇرىنى تۆكتى.



**جاڭ شاۋخۇڭ** 1957 - يىلى ئۈرۈمچىدە تۇغۇلغان. 1975 - يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن. ھازىر شىنجاڭ مىدىتسىنا ئىنستىتۇتىنىڭ رادىيو ئۆزۈلدا ئىشلەيدۇ.

شائىرە 1980 - يىلدىن باشلاپ شېئىرىيەتكە قەدەم قويغان ئىدى. ھازىرغىچە «شىنجاڭ ئەدەبىياتى»، «يېشىل شامال» قاتارلىق ژورناللاردا 50 تىن ئارتۇق شېئىرلىرى ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا تۇرمۇش پۇرىقى قويۇق، ھېسسىيات كۈچلۈك.

# ماي

ماي —
كۆكلەرنى مەپتۇن ئەيلىگەن،
ئۆزگىرۈچان ئاي.

1

سېرىق شامال ئۇچقان بۇ ئاسمان
ھەر كىشىنى قىلار پەرىشان،

ياكى قاتتىق ئەنسىرگىنىدەك.
ئەي، كۆك تېرەك،
سەن گۈزەل، كۆركەم!
ساڭا مەڭگۈ بولۇدۇ ھەمرا
ياشلىق — باھار باسقان ھەر قەدەم.

6

خۇشبۇي شامال
گۈلگە تولغان دالادىن چىقىپ،
ئالتۇن رەڭلىك جىگدە چېچىكى
سوغا قىلغان پۇراقنى ئېلىپ،
كەلگىنىدە ئالدىمغا يېتىپ،
قوزغار مەندە كۈچلۈك ھاياجان،
ئۆتەر يۈرەك تارىمنى چېكىپ.

7

كەلدى ئەمدى،
مايىسلارنىڭ بوي تارتىش پەيتى؛
ئالدىم ئەسكە
دەشتلەردىكى سۆك-سۆكلارنى مەن،
ئۇلار قالتىس مۇستەھكەم، تىمەن.
مانا مۇشۇ سۆيۈملۈك گىيا
شىغىل — قۇمغا تۇرۇدۇ تىقىپ
پۈتكۈل تېنىنى.
ھەم سۆيۈملۈك كۆكسى-باغرىنىغا

شۇڭا بۇ دۇنيا
تېخىمۇ پاك،
تېخىمۇ يارقىن،
تېخىمۇ گۈزەل چاغلارغا كۆچتى.

4

ئىخ!
بۇ، نەم تۇپراق
يېشىللىقنىڭ بېسىملىرىغا
بېرەلىسۇن قانداقمۇ بەرداش؟!
بۇ ھاياتنىڭ رېتىمى شۇنداق،
چۈنكى يېشىللىق
بەكمۇ كۈچلۈك، شۇنداقلا بەك ياش.

5

كۆك تېرەكنىڭ چاقنايدۇ كۆزى،
سالقىن تاڭنىڭ ئالتۇن نۇرىدا؛
بار ئاجايىپ ھىسسىيات ـ تۇيغۇ
ئۇنىڭ گۈزەل سىياق ـ تۇرقىدا.
ئۇ تۇرۇدۇ
گويا ياش قىزلار
تۇنجى سۆيگۈ مۇھەببىتىدە
قايمۇققاندەك، ھودۇققىنىدەك؛
يار ۋەسلىگە يېتىش يولىدا!
ئوتتەك قىزىپ ئىنتىلگىنىدەك،

بىر ـ بىرىگە ئۇلاپ،
ئۆزۈلدۈرمەي ناخشا ئېيتىشىپ.

9

كۆك تېرەكنىڭ ئاق چېچەكلىرى
چۈشمەكتە ئەنە،
بىر ـ بىرىگە ئۇلىنىپ هامان.
ئەگىشىپ مەيىن شامالغا
كەزمەكتە هەريان.
چېچەكلەر ئۇزاققا قاراپ ئۇچتىمۇ
ۋە ياكى زېمىننى سۆيۈپ قۇچتىمۇ،
بۇندا هېچ كىشى زادى ئۇلارنىڭ
كەتكەنلىگىنى بىلمەيدۇ قايان.

ئاق چېچەك، سەن كەتتىڭ ئۇزاققا ئۇچۇپ،
مەن قالدىم سەپەرگە سېنى ئۇزۇتۇپ.
ئايرىلغىنىمىزغا بولدى كۆپ زامان،
بەلكى سەن
هوسۇللۇق ئېتىزدىن تۇتقانسەن ماكان؟
ئاق چېچەك، ئەي مېنىڭ يېگىلتەك دوستۇم،
بولغىن سەن ئامان!

رەخىم قاسىم تەرجىمىسى.

تا ئەبەدى تۇرۇدۇ ئېگىپ
كىچىككىنە يۇمران بېشىنى.

تەبىئەت
قويماس ھېچبىر بۇلۇڭ - پۇشقاقنى
يىتىمسىرىتىپ، پەرىشان قىلىپ؛
قارا ئاۋۇ پايانسىز چۆلگە،
تۇرمامدۇ ئۇ تەسەللى بېرىپ؟!

8

تۇرنىلار
باش ئۇستۈمدىن ئۇچۇپ ئۆتمەكتە،
غاقىلدىشىپ - چۇقان سېلىشىپ.
قايتتى ئۇلار،
قايتتى قىلچە تېنەپ - تەمتىرىمەي،
كۆك ئاسماندا قاتار تىزىلىپ.
قايتتى ئۇلار
پۈتكۈل بىر پەسىل
بەكمۇ ئۇزاق يوللارنى بېسىپ.
مانا بۇ بىپايان غەربىي شىمالنىڭ
سالقىن، ئىسسىق يېشىللىغىنى
ئۇنۇتماستىن يەنە سېغىنىپ.

قايتتى ئۇلار،
ئۆزئارا ۋاقىرىشىپ —
خىتاب قىلىشىپ،
ئەركىن، خوشال قانات قېقىشىپ.

قاتلىشىپ، مەن كەلدىم قاشىنىڭ بويىغا.
كەلدى لۇتپۇللا يادىمغا بىردىن،
كۆز تىكسەم دەريانىڭ دولقۇنلىرىغا.
...

ئىزدىدىم سېغىنىپ،
ئىزدىدىم تىنماي،
ئۇ يۈرگەن يەرلەرنى كەزدىم قالدۇرماي.
تاشتىكى مۆھۈردەك تۇرۇدۇ شېئىرى،
ئۆچمەيدۇ ئۆتسىمۇ ئەسىرلەر تالاي.

ئۆزىچۇ؟
ئەرمىشتە
تۇرماقتا ھايات،
بۈگۈنكى دەۋراندىن بولۇپ شۇنچە شات،
يۈزلىدۇ تيانشان شۇڭقارىدەك ئۇ
ۋەتەن ئاسمىنىدا قېقىپ گاڭ قانات.

بۈك ئورمان، دېڭىزدەك دولقۇنلاۋاتقان
بەئەينى شائىرنىڭ تەپەككۇر — پىكرى؛
دەريالار — قىرغاققا سىغماستىن ئاققان —
شائىرنىڭ جۇشقۇنلۇق، يالقۇنلۇق شېئىرى.
چاقماقلار — شېئىرنىڭ ئوتى — يانغىنى،
دۈشمەن يۈرىگىنى ئۆرتەپ كۆيدۈرگەن؛
قىپ - قىزىل لالىلار — تامغان ساپ قېنى،
بۇ ئانا تۇپراققا گۈزەللىك بەرگەن.

ئىخ شائىر،
مانا بۇ ئۆسكەن ماكانىڭ،



**قۇرمانئەلى ئوسپان ئوغلى**

1924 - يىلى غۇلجا ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1946 - يىلدىن باشلاپ ئەدەبىيات سېپىگە كىرگەن. شائىرنىڭ «شاتلىق ناخشىسى»، «تيانشان ناخشىلىرى»، «مەرۋايىتلەر»، «يىللار ئىزى» ناملىق شېئىر توپلاملىرى بار.

ئۇنىڭ «ئوكى بىلەن چۈشى» ناملىق بالladisi مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى باھالاشتا 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

ئۇ، مەملىكەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مائاۋىن رەئىسى.

# ئىككى شېئىر

## دوستلۇق مېھرى

نەۋرەم خەتمىسىگە،

قىزىم تويىغا

بىلىمىز، ھاياتتا ئوت - يالقۇن كېرەك،
شۇ يالقۇن شېئىرغا بېرىدۇ كۈچ - جان.
كېلىڭلار شائىرلار، كۈيلەيلى بىردەك،
شېئىرىمىز يالقۇنلاپ ئۆرلىسۇن ھامان.

رەخىم قاسىم تەرجىمىسى.

## تاڭ ناخشىسى

ئاق ماڭلاي تاڭ سۈزۈلۈپ، كۈلدى قاراپ،
كۆتىرىلدى ئۇپۇقتىن ئالتۇن تاۋاق؛
قىزغۇچ شولا قىراندەك قىلىپ جەۋلان،
ئۇلۇغ ۋەتەن قويىنىدا قاقتى قانات.

يېشىل مەخمەل يېپىنىپ ياشىرىپ يەر،
قىزىلگۇلدىن كۆكسىگە تاقتى بېزەك.
چۆل - جەزىرە قارا كۆك دېڭىز بولۇپ،
شەبنەملىرى ۋالىلدار مەرۋايىتتەك.

خۇاڭخې، چاڭجياڭ بولسا قوش تار، ئىلى ئاڭا
پەدە بولۇپ، ياڭراتتى دومبىرىنى.
نۇرلۇق دۇنيا شەنىگە بولۇپ جارچى،
جاراڭلىدى تاغلاردىن ناخشا ئۈنى.

كۈي — ناخشىمىز ئەۋجىگە چىقتى راسا،
ھەر تەرەپكە دولقۇنلاپ كەتتى تاراپ.
ناخشىمىزغا جۆر بولدى كۆپ - كۆك دەريا،
يېپەك قانات شامالىلار ئۇسۇل ئويناپ.

بۇ يەردىن تالاي رەت ئۆتكەن ئىدىم مەن،
جادىنىڭ ئالدىدا كۈتكەن ئارمانىڭ،
ئاشقاندا ئەمەلگە،
كۆرەلمىدىڭ سەن...

دەرىخا!...
ئىنتىزار بولۇپ زارىقىپ
كۈتكەن شۇ كۈنلەرنى كۆرسەڭ كۆزۈڭدە؛
شېئىرىڭدىن ۋەتەنگە چاچقۇلار چېچىپ،
يازاتتىڭ جۇش ئۇرۇپ ئىلھام كۆڭلۈڭدە.

كۈيلەيتتىڭ شەنىنى يېڭى دەۋراننىڭ،
ياخشى شائىرلارنى سۆيەتتىڭ ئاسراپ.
ساختىپەز تەخسىچى، يولدىن ئازغاننىڭ
بىرەتتىڭ ئەدىۋىنى سۆكۈپ - قامچىلاپ.

دورۇسقۇ،
ناھاجەت بىزگە دەل بۈگۈن
دەۋرگە توسالغۇ يامان ئىللەتلەر.
يوقالسۇن شۇم نىيەت، ۋىجدانسىز مەلئۇن،
ئۆزگەرسۇن زىيانلىق، يامان ئادەتلەر.

نەۋرەم خەتمىسگە،

قىزىم تويىغا
قاتنىشىپ، كەلدىم مەن قاشنىڭ بويىغا.
ئالدىمدا لۇتپۇللا نامايەن بولۇپ،
يالقۇنلۇق ئىلھاملار سالدى دىلىمغا.



ماقازرازدان ئوغلى 1924 - يىلى بورچۇن ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1946 - يىلدىن باشلاپ شېئىر يېزىشقا كىرىشكەن. ئۇنىڭ «سالام ساڭا ئالتاي» شېئىرى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئىدى. «ۋاقتىقا جاۋاپ» ناملىق شېئىرلار توپلىمى بېسىلىپ چىقتى.

شائىر ئۇزۇن يىللاردىن بېرى «ئالتاي گېزىتى» تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلەپ كەلمەكتە. جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

## شېئىرلار

### قىزىل قارىغاي

ئانا يەرنىڭ تۇپرىغىدا ئۆسۈپ ياشىنغان
ئۆز ئۆمرىدىن رازى بولغان قىزىل قارىغاي.
كەۋدە كېرىپ كۆك ئاسمانغا ئىنتىلىپ تۇرغان،
سەندەك ياخشى دەرەخ ئەلگە قايدىن تېپىلغاي؟

ئانا يەرنىڭ تۇپرىغىغا تومۇرۇڭ شۇنچە
كەڭ يېيىلىپ، يىلتىزلىرىڭ تارتىلغان ئىرەن.

چەكسىز كۆلگە ئايلىنىپ شاتلىقىمىز،
يۈرەكلەر ئۆزدى گۈيا بولۇپ ئاققۇ.
تەلمۈرتۈپ تەشنالىقتا ئاتقان تاڭغا،
مومايلار هاياجاندا چاچتى چاچقۇ.

تاڭ تۇرىدا:
سىلىنغاچ يېڭى ئاساس،
يەتتۇق بىز باراۋەرلىك ۋە تەڭلىككە.
هەسەن ئاتا① ئارمىنى بولغاچقا هەل،
«ئالغا!...» دىگەن ناخشىمىز
ياڭرار كۆككە.

ئۇ چاغدا بولغاچ كۈنلەر «تىرىك دوزاق»،
تارتتۇق بىز جەۋرى - جاپا كۆپ - بىهىساپ.
يېتىمىز شۇڭلاشقا بىز تاڭ قەدرىگە،
تاڭدىن چەتنەپ، تارتمايمىز قايتا ئازاپ...

تاڭ مەڭگۈلۈك...
تۆكۈلدۇ ئالتۇن شولا،
ۋەتەننىڭ قوينى بىزگە ئىللىق قۇچاق.
قۇياش — تاڭ شولىسىنىڭ نۇرلۇق كۆزى،
نۇر چاچار كەلگۈسىمىز كۈندەك پارلاق.

تۇرسۇن مەخسۇت تەرجىمىسى.

① هەسەن ئاتا — يەنى هەسەن قايغۇ — قازاق رىۋايەتلىرىدە بەختىيار زا-مانىنى ئارزۇ قىلغان مەشهۇر شەخس.

## قارا تاش

دۇنيادا يوقتۇر قاتتىق نەرسە تاشتىن،
بىراق ئۇ شۇنچە مۆمىن، ئۈندىمەيدۇ.
بەزىلەرنىڭ باغرى گويا تاشتىن قاتتىق،
ئۇ يەنە تېنچ تۇرماي، ئادەم يەيدۇ.

## نىمەشقا

ئاي نىمىشقا بىر قېلىپتا تۇرمايدۇ،
كېچىلىرى كۈندىن نۇر ئوغۇرلايدۇ؟
ھەيرانىمەنكى. ئاشۇ كىچىك يۈرەككە
قانداق سىغار بىر خوشاللىق، بىرقايغۇ؟!

## كۆمۈر قىلما چوغىمنى

بىر پەرىزات يۈرىگىمنى ياندۇرۇپ،
چوغ تاشلىدى. خۇمارىمنى قاندۇرۇپ.
ئاشۇ چوغنى ئۆچۈرمىسە بولاتتى
تەقدىر مېنىڭ كۆز يېشىمنى تامدۇرۇپ!

## بارابان

چىقىدۇ شۇنچە قاتتىق، ياڭراق ئاۋاز
ھەر ئۇرغاندا چوكىدا بارابانىنى.
ئىچىدە، ھىچ نەرسە يوق ماختانغۇدەك،
بىر جۈپ تاياق دىگۈزەر خالىغانىنى.

تەرجىمىسى: جاپپار ئەمەت
ئورازقان

شۇڭلاشقا ئۇچۇن خاسيىتىدىگىڭ، قەدرىنى بىباھا،
ئۆز ئېلىڭدە، ئۆز يېرىڭدە شۆھرىتىڭ بەلەن.

يېشىللىقىڭ — ياشلىقىڭنىڭ بەلگىسى گويا،
قاچان باقسام، سەن تۇرۇسەن باراقسان - يېشىل،
قىرىپ كەتكەن بولسىمۇ گەر پوستىڭ يېرىلىپ،
لېكىن ياپراق ۋە شاخلىرىڭ شۇنچە ياش، ئېسىل.

ئەگەر سېنى يات تۇپراققا تىكسە ئاپىرىپ،
بەلكىم مۇنداق ئۆسمەس ئىدىڭ ياشىرىپ - كۆكلەپ.
چۈنكى ئۇندا بولۇپ قالار ئىدىڭ «يات مېھمان»
شۇڭا مۇنداق تۇرالماستىڭ قەددىڭنى تىكلەپ.

بۇ ماكاندا ئۆسكىنىڭگە بولدى قانچە يىل؟
سەن سۆيۈپسەن بۇ ماكاننى،
بۇ ماكان سېنى.
ياخشى بولغۇڭ كەلسە ئەگەر بولۇپ قال مەڭگۈ،
ئۆز ئېلىڭ ۋە ئۆز ماكانىڭ بىلەر قەدرىڭنى.

قارا بوران ئاپەت سالدى ساڭا قانچە رەت،
تومۇرۇڭنى قۇرۇتۇشقا قۇرتلار ياماشتى.
لېكىن سېنىڭ تۆمۈر گەۋدەڭ قىلمىدى پىسەنت،
ئۆسۈۋەردىڭ، تىك قامىتىڭ كۆككە تاقاشتى.

ئاھ قارىغاي، شاتلىنىۋەر، چۈنكى تومۇرۇڭ —
ئانا يەرگە شۇنچە تىرەن تارتىلغان ئۈچۈن.
كېلەر سېنىڭ ئەۋلادلىرىڭ ئۈزۈلمەي كۆكلەپ،
بۇ ئانا يەر پەرۋىش قىلغاچ سېنى كۈن ۋە تۈن.

سۇنۇپ كەتتى تۇساتتىنلا بىر چىشى،
قالدى جىمىپ ماتورنىڭ گۈرۈلدىشى.
ئاشۇ پەيتتە يېتىپ كەلدى پاياتچىك،
ئايىغىدا قونجى قىسقا ئۆتۈكى.

يالتىرىدى قولىدىكى سايمىنى،
تونۇپ قالدىم: بۇلتۇر يازدا كۆرگەن قىز.
قاراپ تۇرسام پاياتلىدى سۇنۇقنى،
ماشىنامدا ئەمگەكتىن قالدى ئىز.

يۇلتۇز دىدىم چىقسا ئۇچقۇن پارىلداپ،
بىراق يۇلتۇز قاچان ئۇچقان ئاشۇنداق.
پاياتچى قىز تارتتى زوقۇم، نە ئامال،
ئۇچقۇندىن سالدى دىلغا ئىشتىياق.

## باتۇرنىڭ ئوغلى

ئەل ئىچىنى ئارىلاپ،
ئۇچراشتىم بىر يىگىتكە.
كۆزۈمگە ئوت كۆرۈنۈپ،
تولدى قەلبىم ئۈمىتكە.

قولىدا بار بۇرغىسى،
تاغ كۆكسىگە قادايدۇ.
كۆچۈرگەندە تاغنى ئۇ،
قاراپ كۆزۈڭ قامايدۇ.

ھەزىل - چاقچاق بار يەردە،
ھىكايىسى، نەقلى بار.



**ماقاتان شارىپقان ئوغلى** 1932 ــ يىلى ئۈرۈمچىدە تۇغۇلغان، 1983 ــ يىلى 25 ــ ئۆكتەبىر ۋاپات بولدى. ئۇ ھايات چېغىدا ئۇزۇن مۇددەت «شۇغىلا» ژورنىلىنىڭ مۇھەر ــ رىرى ۋە مەسئۇل مۇھەررىرى بولۇپ ئىشلىگەن، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ئىدى.

ئۇنىڭ ئىجادىيىتى 1954 ــ يىلى باشلانغان. شائىر بىزگە «شېئىر يولىدا» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى، «ئېرتىش يۇلتۇزلىرى» ناملىق كىنو سىنارىيىسىنى، «سالىقا ــ سەمەن» ناملىق ئوپېراسىنى ۋە «يېڭى ئاي» ناملىق رومانىنى قالدۇرۇپ كەتتى.

# ئىككى شېئىر

## پاياتچىك

(بىر يىگىتنىڭ تىلىدىن)

ئېكسكۋاتور ــ مەن ھەيدىگەن ماشىنا،
ئالتە غېرىچ كېلەر ئۇنىڭ ھەر چىشى.
قاسىغاندا بىر ئىدىرنى بىر يولى،
ھەيران قىلار ئۇنىڭ تاغنى قېزىشى.



ئۆمار غازى ئايتان ئوغلى 1932 - يىلى تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ تولى ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1951 - يىلىدىن باشلاپ شېئىر يېزىشقا ئۆگەنگەن. ئۇنىڭ «سامان يولى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى بار. «مۇنارە» ناملىق شېئىرى مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى باھالاشتا 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. ئۇ ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، قازاق تىلىدىكى «شۇغىلا» تەھرىر بۆلۈمىدە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلەيدۇ.

# ئىككى شېئىر

## قىزىلگۈل

سەھرا سەزگۈسىدەك بىر تال قىزىلگۈل
نامەلۇم يىللارنىڭ يولىدا قالغان.
ئوخشايدۇ ئۇ قىزىل لەئلە - ياقۇتقا،
ياش سەييارنىڭ كۆكسىگە قادالغان.

ئەقىل كېرەك تار يەردە،
ئۇنىڭ چىچەن ئەقلى بار.

چوڭ بوۋىسى قويچى ئىكەن،
تاياق تۇتۇپ كۆن كۆرگەن.
«ئۆزۈمە پىش، ئاغزىمغا چۈش»
دەپ تىلىگەن، كۈلمىگەن.

مەرگەن ئىكەن ئاتىسى،
قىرىقىنچى يىللاردا،
نامى قالغان تارىختا،
داستان ئىكەن تىللاردا.①

شۇ باتۇرنىڭ بالىسى
ئىكەن تاغنى كۆچۈرگەن.
زامان ئىكەن داناسى،
باتۇر قىلىپ ئۆستۈرگەن!

قۇربان بارات تەرجىمىسى.

① 1940 - يىللىرى كۆكتوقاي، چىڭگىل ناھىيىلىرىدە شىڭشىسەينىڭ قانلىق تېررورلۇقىغا قارشى خەلق قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلگەن، قوزغىلاڭچىلار شىڭ شىسەي ئەۋەتكەن ئايروپىلانلارنى مىلتىق بىلەن ئېتىپ چۈشۈرگەن.

ئۇزۇلۇپ چۈشكەنمىكىن كۈن سەزگۈسىدىن،
باھار — يىگىت
يەر — جاناننى باغرىغا باسقاندا.

1976 - يىل.

## ئۇلار نېمىشقا چاقىرىدۇ؟

سەن چىققانمۇ بۇرۇن تەگرى تېغىغا
ئۇلار نېمىشقا چاقىرىدۇ؟
باشلىنىپ دەل يېنىڭدىن يېشىل ئاسمان،
ياتار نېرىسىدا
سوزۇلغان قۇرام تاشلار، مۇخلار باسقان.

ماكانى ئارقار بىلەن قوتازلارنىڭ،
قىيالار قەۋەت - قەۋەت
سىغدىشىپ چوققىلاردا ياتار بەرى.
ھەتتەگەي، شۇ مەزگىلدە كۆرەرمىدىڭ
كىرىدىسەن كۆرۈنۈدۇ چاتقاللىرى.
بولدۇگمۇ قاپقىنىڭنى ئەمدى قۇرۇپ،
ئۇۋچىسى تاغ ئەھلىنىڭ، ئاڭلىدىڭمۇ؟
قۇلاق سال، ئۇلار نېچۈن چاقىرىدۇ؟
ماللارمۇ سۈكۈت قىلىپ تىڭشار گويا،
ئۆكدەيدۇ چاتقال - تىكەن
قوي ياتقان شۇ نېرىقى ئۇزاقلىقتا.

بۇ يەردىن ئاڭلانمايدۇ ياغاچ كەسكەن
پالتىنىڭ تەرىق قىلغان ئاستا ئۈنى.

كۆز ئۈزمەيمەن زۇمرەت بوشلۇقتىن،
ۋەدىلىك ئاخشاملارغا ئاشىيان بولغان.
كىملەردۇ بىر چاغلاردا ئوينىغان قىلىپ،
تۇرار شۇ پۇچماقلاردا بىر تال قىزىلگۈل
مۇھەببەت مەشئەلىدەك،
زاماندىن - زامانغا
ئۆچمەستىن يېنىپ.
ئوخشايدۇ ئۇ كىچىككىنە يانار تاققا،
كۆك دېڭىز ئىچىدە ياتقان يالغۇز ئارال
كۆرۈنگەندەك گويا يىراقتىن،
قىپ - قىزىل رەڭلىك ئالتۇن تاج كىيىپ.
كىم سېنىڭ نازۇك گەۋدەڭگە
بىر قېنىپ ئۇچمىغان؟
ئوت قاناتلىق كېپىنەكتەك،
مۇشۇ بىر پارچە قىزىلگۈل،
مىليون يۈرەكلەردە چوغدەك يالقۇنجاپ،
مىڭ يىللار بويى ئۆچمەگەن يېنىپ.

كۆرۈنمەيدۇ گۈل بەرگى،
تۆكۈلۈدىغاندەك گويا،
خومرەڭ بويىغى گۈل چىنىسىدىن تېشىپ،
ئالتۇن قەدەھتەك،
بەركەتلىك داستىخانىغا قويۇلغان
قېنىق شارابى قىپ - قىزىل نۇر چېچىپ.
ئويلايمەن: مۇشۇ بىر تامچە قىزىلگۈل
تەبىئەت ئويغىنىپ ئۇزاق قىشلىق ئۇيقۇسىدىن،
ۋاقت تۆشىكىنىڭ چىملىدىغىنى ئاچقاندا،



**ئالىمجان قاتبايېۋ** 1935 - يىلى تېكەس ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1954 - يىلى شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن. ئۇنىڭ شېئىرلىرى 1950 - يىلدىن باشلاپ مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنىشقا باشلىغان. 1981 - يىلى «داۋان» ناملىق شېئىرلار توپلىمى نەشردىن چىقتى. 1982 - يىلى «قىز قەۋرىسى» كىنو سىنارىيىسى كىتاپخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

ئۇنىڭ يەنە خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلغان بىرمۇنچە ئەسەرلىرى ۋە تىل - ئەدەبىياتقا دائىر مۇلاھىزە ماقالىلىرى بار.

شائىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى، مائارىپ نەشرىياتى قازاق بۆلۈمىنىڭ مۇھەررىرى.

# ئىككى شېئىر

## قار

قار
كۆرۈمەن سېنى تومۇزدا،
ئىگىز تاغدا، چوققىدا.
گوياكى سەن كۆزدە قولغا
قونۇپ تۇرغان قارچىغا.

تاغلارنىڭ بىر يېقىدا
قىياغا ئۆۋا سالغان قىران بۈركۈت
جەۋلان قىلىپ يۈرەر مانا،
كۆرگىن ئۇنى.

تېخىمۇ ئېگىزدىرەك
مۇز بىلەن ئاپپاق قارنىڭ ئېتىگىدە
ئولتۇرۇپ خىسلەتلىك قۇش تىك قىيادا،
ئېيتقىنا، ئۇ نىمىشقا چاقىردۇ؟
تولدۇرۇپ كۆك ئاستىنى خوشاللىقتا،
تەبىئەت قانداق تازا سۆيۈملۈكسەن
تولۇپسەن ياخشىلىقتا بۇ دۇنيادا.

دەل شۇ چاغ
قۇيۇلۇپ كېتەر دەيسەن ئېزگۈلىككە
مۇگدىگەن تەڭرى نۇرى، شولا ـ ئاپتاپ.
بويىغى قۇرۇمىغان ياپ ـ ياش تاغلار
قەلبىلەر بالقىماقتا،
چاقىرار نىچۈن ئۇلار، كۆرگىن ئاڭلاپ!

ئوسمانجان ساۋۇت تەرجىمىسى.

سالام بىلەن قول بەرگەن.
پاھ، مەن قازاقمەن،
مەن قارمەن
تومۇز كۈنى كۆرۈنۈمەن
بوغدا، پامىر بېشىدا.
قىش كۈنلىرى ئەركىلەيمەن،
ئېسىلىپ ئۈنىڭ بويىنىغا.
تاشقىن بولۇپ قوشۇلۇمەن
ئۇلۇغ دۇگخەي قوينىغا.

**ھاكىم مۇسا تەرجىمىسى.**

## شۆھرەتلىك ئوغۇل

ئوغلى سىز ھۆر ئېلىمنىڭ داڭقى ئاشقان،
نامىڭىز چوڭ بىر تارىخ، پۈتمەس داستان.
ئۈزۈلمەس سىز توغرىلىق مەدھىيىمىز
ئەسىرلەر ناخشا بولۇپ ياڭرار ھامان.

باغلىنىپ ئەل ۋە يۇرتقا چىن مېھرىڭىز،
سۆيگۈڭىز بولدى گويا چەكسىز دېڭىز.
سۆيدى خەلق سىزدەك ئېسىل پەرزەنتىنى،
قەلبدە يېنىپ سىزگە ئوت مىسلىسىز.

ئەسلىسەك، ئۇتتۇقلارنى، گۈل كۆتىرىپ
تيەنئەنمىن مەيدانىغا كۈندە كېلىپ.
كۆرۈمىز گويا سىزنى خوشال يۈرگەن
دوستلارغا خۇش تەبەسسۇم سالام بېرىپ.

قار،
سەن كۆكلەمدە ماڭسەن
سەيلە ئېتىپ تاغ باغرىغا.
گويا ئاۋۇل كۆچكەندەك
ياپ - يېشىل كەڭ يايلاققا.
مەنمۇ قارمەن،
سېنىڭ بىلەن تەڭتۇشمەن،
تا، تونجى ئەسىردىنلا.

قار،
سەن بىلەمسەن؟
چوققىلاردا قازاق بار،
چارۋا بېقىپ كۆپەيتكەن؛
قاپتالدىمۇ قازاق بار،
تۆللەرنى ھەيدەپ يۈرگەن؛
ئېتىزدىمۇ قازاق بار،
كۆك مايسىلار ئۆستۈرگەن.

قار،
سەن بىلەمسەن؟
شەھەردىمۇ قازاق بار،
قاچىلدىتىپ بەتىنگىنى، يول يۈرگەن.

پاھ، مەن قازاقمەن،
مەن قارمەن،
تاغدىن شەھەرگە كۆچكەن.
مەن قازاقمەن،
مەن قارمەن،
بىلىم يۇرتىغا كىرگەن.
ئاپپاق چاچلىق ئالىملارغا



**شاكەن ئوڭالبايېۋ** 1937 - يىلى ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ قابا ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ تۇنجى شېئىرلىرى 1954 - يىلى ئالتاي گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان ئىدى. 1979 - يىلى «يىللار سىرى»، 1984 - يىلى «بۈركۈتچى» ناملىق شېئىرلار توپلاملىرى بېسىلىپ چىقتى.

ئاپتونوم رايونىمىز دائىرىسىدە باھالانغان ئەسەرلەر ئىچىدە ئۇنىڭ «بۈركۈتچى»، «كۆكلەم سۈرەتلىرى» ناملىق شېئىرلىرى مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

شائىر ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ رەئىس ئورۇن باسارى، «شۇغلا» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

# يايلاق ناخشىسى

1

كېلىمەن سېغىنىپ يېشىل يايلاقنى،
شاتلىقتىن تېنىمگە پاتماستىن جېنىم.

جۇ زۇڭلى، ئۇلۇغ ئىنسان، غەمگۇزارسىز،
ئاتايمىز ناخشىمىزنىڭ ياخشىسىنى.
ئاسرايمىز سىزنى گويا ئاسرىغاندەك
شۇ نۇرلۇق كۆزىمىزنىڭ قارىچۇغىنى.

يىللارمۇ يورغىلىشىپ ئۆتسۇن مەيلى،
ئۆچمەيدۇ سىزنىڭ تۆھپە - شۆھرىتىڭىز.
ماختايدۇ، ياد ئەيلەيدۇ سىزنى مەڭگۇ
جىڭگاڭشەن، تيانئەنمېندا ئەۋلادىڭىز.

1977 - يىل، يانۋار.

**تۇرسۇن مەخسۇت تەرجىمىسى.**

ياپراقلار ئۈستىدە تامچىلار چاقناپ،
سايرىدى بۆلەكتىن قۇشلار بەس-بەستە.
كەڭ يايلاق تېخىمۇ جانلىنىپ-ياشناپ،
تەنتەنە ئەۋجىگە چىقتى بىر پەستە.

چىققاندا بىر ئىگىز چوققىدىن ئۆرلەپ،
كۆرۈندى مالچىلار ئۆيلىرى روشەن.
«تىيانشاننىڭ يايلىقى گۈزەل يايلاق» دەپ،
ھەمرايىم سۆزلىدى قىزغىن زوق بىلەن.

2

قاپتالنى ياقىلاپ چۈشتۇق بىر پەسكە،
توختىدۇق يول بويى بىر ئۆيگە كېلىپ.
تۇتتى ئېتىمىزنى ئەنە شۇ پەيتتە،
ئۆيدىن بىر قىز دەرھال يۈگۈرۈپ چىقىپ.

قاپ-قارا كۆزىدىن تۇرار نۇر يېغىپ،
خوشاللىق كۈلكىسى قونغان يۈزىگە.
قىز بىزنى ھۆرمەتلەپ قىلىپ ئىلتىجا
باشلىدى شۇ ھامان ئۆينىڭ تۆرىگە.

ئۆيدىكى ئانىسى بىزنى كۆرگەندە،
قىزىدىن ئارتۇغراق كۆرسەتتى ھىممەت.
دېدى ئۇ قىزىغا: «ئەزەلدىن بىزدە
مېھماننى قەدىرلەش ياخشى پەزىلەت.»

سېلىندى داستىخان، قويۇلدى مەزە:
ئېرىمچىك، بوغۇرساق ھەمدە سېرىق ماي.

خىيالىم شوخقارى كېزىپ ھەر ياقنى،
ئۇچۇدۇ، بىر مىنۇت ئالمايدۇ تىنىم.

كەڭ يايلاق بەئەينى ئەڭ گۈزەل سۈرەت،
بىلمىدىم تەگدىشى بارمىدۇ، قېنى؟
يىراقتىن ئات چېپىپ كەلسەم بۇ نۆۋەت
يەنىلا يېقىملىق قوتلىدى مېنى.

بارچىسى كۆيلەيدۇ ئۆز ناخشىسىنى،
گويا كى بەس-بەسكە چۈشكەندەك بۈگۈن.
چاچرىتىپ كۆمۈشتەك سۇ تامچىسىنى،
شوخ دەريا ھەيۋەتلىك سالىدۇ شاۋقۇن.

ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرۇدۇ ئاسمان،
قىزىرىپ بۇ ھالغا قارىدىم ئۇزاق.
بۇلۇتلار ئۈستىگە يازغاندەك داستان،
داۋاملىق يۈگۈرەيدۇ ئوت قەلەم-چاقماق.

قاپتالدا، بۈككىدە قارىغايزار ئارا
ياڭرايدۇ ناخشىسى قەيسەر بورانىنىڭ.
يۇيۇنۇپ-تارىنىپ يامغۇردا مانا
چاقنىدى ھۆسنى گۈل-گىيا، ئورمانىنىڭ.

ئاز ئۆتمەي چىقتى كۈن، پارلىدى ئەتراپ،
ئويۇمىمۇ ئۆزگەردى شۇ قەدەر چاپسان.
ئەمدىلا بىر مەرىكە كەتكەندەك تاراپ،
ئالدىمدا يۈز ئاچتى يېڭى بىر جاھان.

جەننەتكە ئايلاندى يېشىل يايلىغىم،
ئۆسمەكتە قويلىرىم ھەر يىل كۆپىيىپ.
سىغمايدۇ دىلىمغا خوشلۇق - شاتلىغىم،
ئىشلەيمەن، ئىشىمغا جاندىن كۆيۈنۈپ.

ئاتمىشقا كىرسەممۇ بولغۇن، مەن بىراق
يەنىلا ئۆزەمنى سېزىمەن تېمەن.
ئۆيۈمنىڭ تۆرىدە بار «قىزىل بايراق»
ئەل مېنى تەقدىرلەپ مۇكاپات بەرگەن.

4

قوياش ئويغانمىغان سۇبھى پەيتىدە،
سايرايتتى بۇلبۇللار ئۇرۇشۇپ خەندان.
ئاتلىنىپ گۈزەل قىز ئىككىمىز بىللە،
يىلقىنى يىغقىلى بولۇشتۇق راۋان.

ئاقىرىپ كېلەتتى قارامتۇل ئاسمان،
ئاچاتتى تەبىئەت گۈلدەك ھۆسنىنى.
گۈزەل قىز ھۆسنىگە تاڭ نۇرى ھامان
بېرەتتى ئۆزىنىڭ گۈزەللىكىنى.

ئۇچقاندەك ئات چېپىپ چوققىغا چىقتىم،
قايرىدىم يىلقىنى ئاۋۇلغا قاراپ.
ئۇزاقتىن ئۇزاققا قاراپ كۆز تىكتىم،
يامرىغان يىلقىغا لىق تولغان ئەتراپ.

يۇلقۇنۇپ تېپچەكلەر ئاستىمدا ئېتىم،
كۆرگەندە گۈكىرەپ ئاققان يىلقىنى.

بەھۇزۇر ئالدۇق بىر، يىدۇق قانغىچە،
چىقاردى ھاردۇقنى بۇندا ئىچكەن چاي.

مېھماندوست، ئاقكۆڭۈل بۇ ئاددى ئانا
قوزغىدى قەلبىمدە شېئىرىي ھىسسىيات.
ئۇنىڭ خىسلىتىدىن كۆرۈندى ماڭا،
بۈگۈنكى پاراۋان، بەختىيار ھايات.

3

قۇياشمۇ سىلجىدى غەرپكە قاراپ،
شەپەقتە بولۇتلار ئالدى قىزىل رەڭ.
كەچكى شامال ئۇچار ئاستا غۇقىراپ،
چارچىغان يىلچىدەك بولۇپ ھالى تەڭ.

يىلقىلار باردۇ قاپتالنى بويلاپ،
تايلىرى ئويناقلار ئۇنتۇپ ھەممىنى.
تۇرۇمەن يېڭى بىر شېئىرنى ئويلاپ،
كۆزىتىپ ئاۋۇلنىڭ كەچكى پەيتىنى.

ھەيدەپ قويلىرىنى يانغاندا چوپان،
قىزىدى بۇ ئۆيدە باشقىدىن سۆھبەت.
ئۇ بىرگە قىمىزدىن سۇندى ۋە شۇ ئان
سۆزلىدى مۇنداق بىر ئىسىل ھېكايەت:

ئۆتمەكتە تۇرمۇشۇم پاراۋان، خۇشچاغ،
مېھنەتتىن ھاياتىم بارماقتا گۈللەپ.
بەزىدە قېرىلار قىلىشار چاقچاق:
چوپانلىق بىر ئۆمۈر كەسىپىڭ بولدى، دەپ.

**ئابدۇرەقىم شائىباييۋ** 1930 -

يىلى چۆچەكتە تۇغۇلغان. 1953 - يىلدىن باشلاپ شېئىرىيەت سېپىگە قەدەم قويغان. ئۇنىڭ «خوش ئەمىسە» ناملىق شېئىرلار توپلىمى جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشتى.



شائىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى ئىدى، ئۆتكەن يىلى 23 - مارت كۈنى ۋاپات بولدى.

# ئىككى شېئىر

## ئاق تېرەك

يادىمدا يوق، قانچە يىل ئۆتتى
مەن ئورماننى ساناپ كۆرگەنگە.
ئىللىتىدۇ ئوتى يۈرەكنى،
بېغىشلايدۇ راھەت ئادەمگە.

دەريادەك مەۋج ئۇردى قەلبىمدە شېئىرىم،
كۆرگەندە يايلاقنىڭ گۈزەل تۇرقىنى.

## 5

جەلگە① قۇلۇننى باغلىدۇق رەت-رەت،
ئىشىمىز باراتتى شۇ قەدەر ئىلدام.
كۆز يۇمۇپ ئاچقۇدەك شۇ قىسقا پۇرسەت،
قوزغىدى دىلىمدا يالقۇنلۇق ئىلھام.

يەر — دەپتەر، جەلى — سىزىق، قۇلۇن — ھەرپ،
زور چىراق — يازدىكى تاڭنىڭ قۇياشى.
ئۆزىگە دىققىتىم ئەيلىگەن جەلپ
بۇ قىز — ئەسىرىمنىڭ باش قەھرىمانى.

مېھنەتتىن كېلىدۇ ئەقىل-پاراسەت،
مېھنەتتىن ئايرىلماس ئىلھاممۇ ئەسلا.
شېئىرىم فونتانى پارتلاپ كارامەت،
تاشماقتا يۈرىكىم قېتىدىن مانا.

رەخىم قاسىم تەرجىمىسى.

① جەلى — قۇلۇن باغلايدىغان ئاغامچا — (ت).

«كېلىك، جۈپ - جۈپ، قىشاق ئېيتىشقا،
ئولتۇرۇشقا يىگىت - قىز كېرەك.»

بۇ چاقىرىق كۆچ بەردى ئەجەپ،
تۇشمۇ - تۇشتىن كېلىشتى ھەممە.
خۇش يېقىملىق سوقاتتى يۈرەك،
ئەتتەڭ، بۈگۈن تاڭ ئاتمىسا - ھە!

ناخشا پەرۋازىدىن تەۋرىنىپ،
مەخمەل تۈن ۋە ئورمان مۈگدىدى.
تارتتى مېنى يېقىملىق ناخشا،
تۇلپار بولۇپ ھېسسىم چۇلغىدى.

شۇ ناخشىدىن قازاق كۆز ئاچقان،
ۋە يىگىتلىك چاغلىرىم يانا.
بەرق ئۇرار كۆز كۆنى چاقماق،
ئاشۇ ئوتتىن يېقىنلار ماڭا.

ساپ كۆمۈشتەك بۇ تازا دەۋران،
ناخشىلارغا تاقايدۇ قانات.
چاقماق نۇرى ئىچىدە شولاڭ
مېنىڭ ئۈچۈن دەستۇر ۋە ساۋات.

ساپ ھاۋاڭغا بۆلەندىم جاندىن،
مەن ئالىمەن ئەركىن، كەڭ نەپەس.
سەن ناخشىدىن بەرسەڭ ئىللىقلىق،
مېنىڭ تېپ - تېنچ ئۆتمەكلىكىم تەس.

ئەتراپىمدا سانسىز ئاق تېرەك،
كۆي - ناۋاغا تولغان ياش ئورمان.
ماڭا پەقەت بىرسىلا كېرەك،
تۇرار ئۇندا يالقۇنجاپ ئارمان.

تۇرار ئەنە قەد كۆتىرىپ ئۇ،
ياش نەۋقىران — يىگىت چېغىمدەك.
سېغىنىمەن ھەمىشە ئۇنى،
چاچلىرىم بار ئۇندا قۇندۇزدەك.

بەزەن جىمجىت سۈرۈمەن خىيال،
قىيىن ماڭا ئۇنى تاشلىماق.
مەن بېرىمەن ئاڭا ئۆك — چىراي،
ئۇ بېرىدۇ سىرلىق تېپىشماق.

قەدىرلىكتۇر ئۇنىڭ ياپرىغى،
ئورتاق ئۇنىڭ سىرلىرىغا مەن.
ئەتراپىدا قايىنايدۇ چاقچاق،
ناخشا ئېيتار دوستلىرىم خۇرسەنت.

ھىسسىياتىم ئۆسەر بەسلىشىپ،
ئۇنى چىن دىل بىلەن سۆيۈمەن.
سىڭگەن ئاڭا تەر تامچىلىرىم،
ئۇنى ئۆزەم تىكىپ ئۆستۈرگەن.

## ئېيتىشىش

ئاسمان زۇمرەت، ئايدىڭ بىر كېچە،
ئاۋۇلدا توي قىزىپ كەتكەن بەك.



**مادى ئابدىراخمانوۋ** 1934 - يىلى قورغاس ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1950 - يىلدىن باشلاپ شېئىر يېزىشقا كىرىشكەن. ئۇنىڭ «سايرام دولقۇنلىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

شائىر ھازىر «ئىلى گېزىتى» قازاق تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇھەررىرى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.

# ئىككى شېئىر

## سېغىنچى

مارىيە يەڭگە،
ساقچان سۈتۈك
ئاق بۇلاقتەك قۇيۇلدى.
بارمىغىڭدىن تامغان بەخت
تۇرۇشۇڭدىن بىلىندى.
پەسىڭگىندە كۈلۈشلىرىڭ
بىر چىرايلىق — خۇددى ئاي.

چۇپ-چۇپ بولۇپ تاشلىشىپ بېيىت،
قىزىپ كەتسۇن مەشرەپ ۋە ناخشا.
ھەسەتخورلار يىقالسۇن كۆزدىن،
قىزىپ كەتسۇن كەچكى تاماشا.

ئەيتقالى ئوسمان
چاپپار ئەمەت : تەرجىمىسى.

## سىردىشىش

ئايسىز كېچە،
دەرەخ ياپرىقىن
ياتار ئوراپ ئاپپاق كۈمۈش قار.
مەلىلەزنى ئارىلاپ مانا
كېلەر يايراپ بىر جۈپ ياش دوستلار.

گۈل - چېچەككە تولغان باغلارنى
شامال سوقار، باسقان قېلىن قار
«تاڭ ئاتمىسا» دەيمەن جانانىم،
تاڭ ئاتمىسا، ئاتمىسا زىنھار.

جاۋاپ بەرمەي يىگىت سۆزىگە،
قىز تۇرۇدۇ جاۋاپسىز، ئۈنسىز،
ئويناپ رومال چۈچىسىنى جىم،
لېكىن ئۇنىڭ كۆزىدە ئۇچقۇن،
يۈرەكلىرى ئوينار بىتىنىم.

ئولتۇرۇشتى بۇ بىر جۈپ قوشماق،
ئۆتەر ئوتلۇق مىنۇتلار مانا.
يىگى ھۇجرا كۆتەر ئۆلارنى،
تۆتۈنلىرى ئۆرلەپ ساماغا.

ئۇچار خۇددى سانىسىز كېپىنەك،
(ۋاقىت قىشتۇر، ئەمەس ئەتىياز)،

بىر جۇمەكتىن شۇرغىدى سۇت،
بىر جۇمەكتىن ئاقتى ماي.
ئامانمۇ سەن، ئېسەنمۇ سەن،
ماڭا قولۇڭ بەر ئەمدى.

مارىيە يەڭگە،
سەن ئاتاقلىق سېغىنچى،
قەدىمىڭگە بولار قايىل
قىز - كېلىنچەك، تاغ ئىچى.
خۇددى شۇنى تەكرارلايدۇ
كالىلارنىڭ مۆرىشى:
«مارىيە يەڭگە،
ئەڭ ئاتاقلىق سېغىنچى!»

مارىيە يەڭگە،
سېغىن كالاڭ شۇنچە كۆپقۇ، شۇنچە خىل،
دەپ سورسام بەردىڭ جاۋاپ:
«ئۆتكەن ئىدۇق ئىتقىمۇ زار قانچە يىل.
ئۇ چاغلاردا يەر تاتىلاپ،
تومۇز بويى تەر تۆكۈپ،
ئۆتكەن ئىدۇق تەرلىرىمىز
قىيان بولۇپ، سەل بولۇپ.
ھە، بۈگۈنچۇ؟
تەر تۆككەن باي،
مانا بىز باي، باياشات،
سوتسىيالىستىك بۇ زامانلى
ماختايمىز بىز شۇنچە شات!»



**زاداقان مىڭبايېۋ** 1939 - يىلى دۆربىلجىندە تۇغۇلغان. 1958 - يىلى شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكولتېتىنى پۈتتۈرگەن. ئۇ ئوقۇغۇچىلىق يىللىرىدىلا شېئىردىيەتكە ئىشتىياق باغلىغان ئىدى. ئۇنىڭ «ئۈمىت» ناملىق شېئىرلار توپلىمى 1982 - يىلى جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى. شائىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى، ھازىر دۆربىلجىن ناھىيىلىك سوتىنىڭ ئادۋوكاتى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

# ئىككى شېئىر

## پايانسىز ماكان

كەڭلىك بىلەن ئاتىغى چىققان،
ئاتا - بوۋام ئىسىل ماكانى؛
ئوخشار ئۇزۇن چاپانغا گويا،
ئېتىگى كەڭ، يوقتۇر پايانى.

ئۇچار كۆكتە لىپ-لىپ قىلىپ ئۇ،
ئۇچار ئويناپ قىلغان كەبى ناز.

سەزمەيدۇ قىز نىمىشقا بۇنى،
ياغىسمۇ قار ئاپپاق لەپىلدەپ.
سەزمەيدۇ ئۇ سىلاپ تۇرغاچقا،
تەبىئەتنىڭ قولى پەپىلەپ.

هاكىم مۇسا تەرجىمىسى.

ئاشۇ كەڭ يەر بىغىشلاپ مەرتلىك
قازاقلارغا بىرەر مولچىلىق.

*       *

كېلىپ مەزگىل، تۇتۇپ تولغىنى،
يېڭىلاندى مانا يەر بېتى.
كېلەر تولۇپ قونغىلى ئاڭا
ھۆر زاماننىڭ بەخت — دۆلىتى.

مېنىڭ بۇ كەڭ يۇرتۇم - ماكانىم
پارچىسىدۇر ئانا ۋەتەننىڭ.
تاغلىرىنى ئالتۇنغا پۈركەش
ئارزۇسىدۇر ئاتا - بوۋامنىڭ.

*       *

ئوڭدا يېتىپ دىمەيمەن ھەرگىز
«بۇ جاي چەكسىز غەزىنەم، گۈزەل.»
مېنىڭ ئۈچۈن بۇ ئەزىز تۇپراق
قاشقالداقنىڭ قېنىدىن ئەۋزەل.

گەرچە مەن مەرت بولساممۇ داڭلىق،
بۇ زىمىندىن غېرىچ تۇپراقنى
باشقىلارغا بەرمەيمەن ئەسلا.
مەن ھاياتمەن ماكانىم بىلەن،
بۇ يەر ئۈچۈن جېنىمدۇر پىدا!

كۆز چەن بىلەن ئۆلچەنگەن قونۇس①،
تۆت ئەتراپقا تامىمۇ سوقىمىغان،
مۆلچەرلىگەن ئېغىز بىلەنلا،
لېكىن ھېچكىم مولاپ باقىمىغان.

شۇڭا ماختاپ قاتىمىز قوشاق،
بۇ كەڭ زىمىن پايانسىز يۇرتنى.
كۆزلىرىنى قالسۇن قىزارتىپ،
ھەسەتخورلار كۆرەلمەي ئۇنى.

يۇرت يېڭىلاپ، كۆچۈپ مال باققان
ئەلمىساقتىن ھەر يىلى شۇنداق.
ئاياز كەلسە باردۇر كۈنگەيى،
تومۇز كۈنى بار سالقىن يايلاق.

گەر زېرىكسە كەڭ ئېتەكلەردىن،
مول ئۇتلاقلىق، تاغ - سايدا قونار.
ھەر پەسىلدە يايلىغى باشقا:
يازلىق، كۈزلۈك، قىشلىق ۋە باھار.

كۆلدە ئۈزۈپ يۈرگەن ئۆدەكتەك،
كۆچۈپ يۈرسىمۇ، مالچى شۇنچە شات.
ياغ ئىچىدە ياتقان بۆرەكتەك،
راھەتلىنەر گۈلگە ئېغىناپ.

پايانى يوق دېڭىز - ئوكياندا
ئۈزۈپ يۈرگەن كەبى كىت - بېلىق،

① قونۇس — قازاقلارنىڭ چارۋا ماللارنى ھەيدەپ كېلىپ، بىمەرقانچە كۈن قوندۇرۇپ باقىدىغان جايى.

ئۇنىڭ ھەر بىر كاتاڭلىرى زامان - زاماندىن
ھەر تەرەپكە قاتناش بىلەن بولغاندى پەيدا.
بەلكى ئۇنىڭ ئۆرلەپ تۇرغان بوغۇنىغىدا
كۆمۈلگەندۇر، يىللار ئۆتۈپ يوقۇلۇپ ئاستا...

*   *

مانا ئەمدى
ئاشۇ كونا يولدىن يىراقلاپ
ياتار تۈپ - تۈز تاش يول بۈگۈن، سوزۇلۇپ يەراق.
ئۆكۈز ئەمەس، ئات قوشۇلغان پوۋىسكىلارمۇ،
كۆرسە ئۇنى ئىزا تارتىپ قالىدۇ، بىراق...

گەر بولسىمۇ شۇ چىغىر يول (ئەقىلغا سىغماس)،
چىدارمىدى بىزنىڭ بۈگۈن مېڭىشىمىزغا،
قانداق تۈپ - تۈز بۇ زاماننىڭ چىغىر يوللىرى،
ئاداشمايدۇ ماڭسا ئۇندا ھەتتاكى ئەما.

يېڭى يولنى قانچە قېتىم كېسىپمۇ ئۆتتى،
ۋە چاناپمۇ ئۆتتى ئۇنى كۈرمىڭ قېتىملاپ.
تۈزۈمايدۇ تاشتىن پۈتكەچ قامىتى ئۇنىڭ،
قانچە كارۋان كېچە - كۈندۈز تۇرسىمۇ قاتناپ.

قىرلىرىغا كۆز يەتكۈزمەي كۆرۈلدەر ھامان
ماشىنىلار چاپار تەكشى يوللاردا ئۇدۇل.
دەيمەن شۇڭا ئۆزگەرمەيدۇ، ئۆچمەيدۇ ئەسلا،
زامانىمىز داڭلىق يولى — داغدام چىغىر يول.

ئەيتقالى ئوسمان، تەرجىمىسى
چاپپار ئەمەت

# چىغىر يول

ئەلمىساقتىن
بويلىرىدا چاڭ-توزاڭ ئۆرلەپ،
بىر چىغىر يول ياتار ئىدى تاقىغا ياندىشىپ.
ئاۋۇل خەلقى ئاتار ئىدى ئۇنى: «چىغىر يول»،
ئۆتەر ئىدى ئۇندىن پادىشا، پۇخرا ئارىلىشىپ.

بىر ئىلاھى قۇدرەت ئۇنى سىزغاندەك ئەگرى،
«ئازماي يۈرۈش ۋەزىپىمىز مۇشۇ يولدىن» دەپ؛
تاھارەتسىز باسالمايتتى بوۋايلار قەدەم،
بۇ ئۇزۇن ۋە چەكسىز يولنى شۇنچە ھۆرمەتلەپ.

مەن ئويلايتتىم: «باللارنىڭ يۈگرىشى ئۈچۈن
يولنى شۇنداق بوغۇناق قىلىپ ياسىغان بوۋام!»
ئەگرى-بۈگرى بولۇپ يىراق كېتىۋاتقاندەك
كۆرۈنەتتى تاغدىن پەسكە ھەر بىر قارىسام.

ۋاقىت قانداق چىۋەر، ئۇنىڭ ئوي-دۆڭلىرى كۆپ،
بۈگۈن ئاشۇ چىغىر يولنىڭ ئىزناسىمۇ يوق.
قايسى تامنىڭ ئاستىدا ئۇ قالدى بېسىلىپ،
ياكى قايسى ئېتىزغا ئۇ كەتتى قوشۇلۇپ؟

ئىزدىسەكمۇ تېپىلمايدۇ ئۇنىڭدىن دېرەك،
كەڭ بوشلۇقتا كۆرۈنمەيدۇ چاڭ-توزاڭمۇ.
سالار ئەسكە تۈپ-تۈز بولۇپ كەتكەن قەۋرىنى،
ئۇنتۇلۇپتۇ «چىغىر يول» دىگەن نامىمۇ.

سىلىشىپ چوقان - سۈرەن ئۇرمان - ئارا،
كىلىدۇ چاڭ كەلتۈرۈپ ئەكس سادا.

جاڭگالدا بوران چىقىپ ھۆكىرەيدۇ،
ئەزۋەيلەپ بۆلۈت كۆچۈپ، گۈكىرەيدۇ.

پۇشقۇرۇپ قوي پادىسى تۈرلۈلۈدۇ،
سىلكىنىپ قۇلاقلىرى ئۆرۈلۈدۇ.

تىكەر دەپ بۆرى قاچان بايقىماستا،
گۇمانخور ئىتلار قاۋار دەتالاشتا.

ئاق يالقۇن كەڭ ئۇپۇققا شۇنچە يىقىن،
ۋاللىداپ ئىتەك تۈرەر كۆكتە چىقىن.

چۆپ بولۇپ كەتسىمۇ گەر ئۈستى - بىشى،
نىمىشقا ئىسسىق ئۆيگە قايتماس قويچى؟

كۈلگىچە سۈبھى — سادىق تاڭ ئالتۇنى،
نىمىشقا كىرپىك قاقماي، ئۆتەر تۈنى؟

ئوسمانجان ساۋۇت تەرجىمىسى.



**دۇتان ساكەي** 1940 - يىلى ئالتاينىڭ بۇرچىن ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1961 - يىلى شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىنىڭ خەنزۇ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن. شائىر 1952 - يىلدىن باشلاپلا «ئالتاي خەلقى» گېزىتىدە ئۆز قوشاقلىرىنى ئېلان قىلغان ئىدى.

ئۇنىڭ «شېئىر كېمىسى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى 1982 - يىلى نەشر قىلىنىدى، «تالىغا - تالغات» ناملىق شېئىرىي رومانى باسمىغا بېرىلدى. ئۇنىڭ يەنە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن «كۆكلەم كۆرۈنۈشلىرى»، «ئېرتىش شېئىرى» ناملىق شېئىرلىرى بار.

شائىر ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى، ئىلى پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتى تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ لېكتورى.

## قويچى

گوياكى توپان دەۋرەپ، تەۋرەپ ئالەم،
دۆڭلەرنى بۇلۇت قاپلاپ بولدى مالەم.

يالىدى بۇلۇتلارنى يالقۇن ئېقىن،
ۋاللىداپ ئۈنەك تۇرۇپ كۆكتە چېقىن.

قورودا قىيىن قۇرۇت سورىۋالغان،
قويچى ئۇ — تون باتۇرى، ئەر — پەھلىۋان.

كۆيىنگىمۇ تاۋلانغان
چىمەنزارىڭ ئوتـلىغىڭ.

ئىچتىم سۈزۈك سۈيىڭنى.
ئاق سۈتى، دەپ ئانامنىڭ.
ئانام تىككەن كەشتە، دەپ،
بىلدىم گۈلىن دالاڭنىڭ.

ياغلىغىڭمۇ ياش ئورمان،
سىلىۋاپسەن بېشىمغا.
بىردەم سېنى كۆرمىسەم،
بارغۇم كېلۇر قېشىڭغا.

مېھرى ئىسسىق ئانا يۇرت،
سەن ئانامسەن، ئەڭ ئۇلۇغ.
سەن ئانايۇ، مەن بالا،
مۇھەببىتىم يالقۇنلۇق.

## تيانشان

ئالەمگە مەشھۇر نامىڭ، ئەي بۈيۈك تاغ،
تاقاشقان بېشىڭ كۆككە، ھەيۋەتلىك تاغ.
ھۆسنۈڭگە تاپالمىدىم تەڭداش پەقەت،
مەيلىمنى مەپتۇن قىلغان سەۋلەتلىك تاغ.

كىمدۇر ئۇ، نەقىشلىگەن ساۋۇتىڭنى،
بىلمەن پولات بەدەن قامىتىڭنى.



رايخان ئىبىن قىزى 1938 -يىلى ساۋەن ناھيەسىدە تۇغۇلغان. 1956 -يىلى «قاراماي» نامىلىق شېئىرى بىلەن ئەدەبىيات سېپىگە كىرگەن ئىدى. ئۇنىڭ «قار لەيلىسى» نامىلىق شېئىرلار توپلىمى كىتاپخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

شائىرە ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى، ئىلى خەلق نەشرىياتىدا مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىمەكتە.

# ئىككى شېئىر

## ئانا يۇرت

ئۇچقان ئىپار شامىلىڭ
نەپەسىمۇ ئانامنىڭ.
تۇتاش ساڭا ھەرقاچان،
قەلبى سەبى بالاڭنىڭ.

كۆلكىسىمۇ ئانامنىڭ
شىلدىرلىغان بۇلىغىڭ.



**شامەن ئەيسا ئوغلى** 1938 - يىلى ئالتايدا تۇغۇلغان. 1956 - يىلدىن باشلاپ ئىجادىيەتكە كىرىشكەن، 1982 - يىلى ئۇنىڭ «يىل قۇشى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى بېسىلىپ چىقتى. ئۇنىڭ ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن «كۆن فونتانلىرى» شېئىرى ۋە «مارجان — قاسىم» داستانى بار.

شائىر ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى، قابا ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا ئىشلەيدۇ.

# كۆچۈش يولىدا

ئات ئالدىغا بۆشۈك ئېلىپ، كۆچ① ھەيدەپ،
ئۇچراپ قالدى يول ئۈستىدە يەڭگەم ماڭا:
«قانداق گۈزەل بۇ يايلاق ۋە بۇ ئايماق،
جەننەتتىن ھېچ كەم ئەمەستۇر، ئىنىم، قارا.

بېشىڭ سېلىپ يولدا، يالغۇز قىپسەن سەپەر،
بارماقچىمۇ يۇرتقا شۇنداق لاغايلاپ.

① كۆچ ھەيدەپ — يايلاقتىن كۆچكەندە مال ھەيدەش مەنىسىدە.

ئوخشايسەن ئۆتمۈشتىكى پالۋانلارغا،
باغلاپسەن بەلگە ئۈپۈق بەلۋىغىڭنى.

ھىلال ئاي سىنىڭ ئوقيا ـ ساداغىڭمۇ،
ئالتۇن كۈن ئالدىڭدىكى تاۋىغىڭمۇ؟
ئوخشايدۇ تيەنچى كۆلى پاقىرىغان
يۇلتۇزغا، ئۇ سىنىڭ كۆز ـ قارىچۇغىڭمۇ؟

يامغۇرلار تەر تامچاڭمۇ پاقىرىغان،
ئاق بولۇت شارپاڭمىكىن يەلپۈپ تۇرغان.
كۆرۈنگەن ئاشۇ يۇمران يىشىل ئارچا،
ئەمەسمۇ ماڭلاي چىچىڭ، تۈزغۇپ تۇرغان.

قورقۇسنىڭ ① قومۇزىمۇ قولۇڭدىكى،
ئەل قەلبىن ئەسىر قىلغان يولۇڭدىكى.
تيانشان، تاپالمىدىم ساڭا تەڭداش،-
ئىپتسامىمۇ بار سۆزۈمنى كۆڭلۈمدىكى.

هاكىم مۇسا تەرجىمىسى.

① قورقۇس — قازاق خەلق ئەپسانىلىرىدىكى مەشھۇر نەغمىچى.



**جۇمادىل مامان** 1941 - يىلى كۈنەس ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1959 - يىلى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكولتېتىنى پۈتتۈرگەن. ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى ئوقۇغۇچىلىق يىللىرىدا باشلانغان ئىدى. ئۇنىڭ «تاغ يالقۇنى» ناملىق داستانلار توپلىمى، «قاراقات» ناملىق شېئىرلار توپلىمى ۋە «ئاقىلباي ئاتاينىڭ ھېكايىلىرى» دېگەن پوۋېستى جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

شائىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى بولۇپ، ھازىر ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

# بۇرادەر

ئۇزدۇم تىرەن ئاق ئۆستەڭنىڭ سۈيىدە،
يېتىلىپتۇ قىرغاق سۆيۈپ قوش چىنار،
ئون ئىككى مۇقام، ئاتمىش قوڭۇر كۈيى①
قانداق كۆنلەر كەچمىشنى ئىزاھلار،

① ئاتمىش قوڭۇر كۈي – قازاق خەلقىنىڭ ئاتاغلىق كۈيلىرى.

ھەيران بولدۇم سېنىڭ بۇنداق تۇرقۇڭغا،
ئاتنى مىنمەي، يېتىلەپسەن ئاۋايلاپ.

ئۆرۈلەي دەپ قالدى يۈك - تاق ئۆكۈزدىن،
ياردەملىشىپ تۈزەشتۈرۈپ بەرسەڭچۇ.
ئايال دېگەن ئايال ئىكەن، نە ئىلاج،
يىگىتلەرگە قانداقمۇ تەڭ كېلەر ئۇ؟»

دېدى يەڭگەم، قىيا تاشنىڭ ئۈستىگە
بۆشۈكنى قويدى ئاستا ئاۋايلاپ.
شۇنچە چاققان ئىرغىپ چۈشۈپ ئېتىدىن،
يۈك - تاقنى تۈزەشتۈردى چىڭ باغلاپ.

بۆشۈكنى ئېلىپ يەنە ئالدىراش،
ماللىرىنى ھەيدەپ، ئاتنى تېقىمداپ،
يول ئالدى - دە، قاراپ مېنىڭ ھالىمغا،
مازاق قىلىپ كۈلۈپ كەتتى قاقاقلاپ.

بۇ ھەزىلدە قالغاچقا مەن يېڭىلىپ،
خىجىللىقىن كەتتىم شۇنچە قىزىرىپ.
كۆچۈپ يۈرۈپ مال باققان شۇ مالچىنىڭ،
خىسلىتىگە قايىل بولدۇم، تەن بېرىپ.

ھاكىم مۇسا تەرجىمىسى.

ئېيتقان ئىمان، ئەزانىمۇ ئوخشاشتۇر،
بىللە بولغان جىنازا - يەرلىگىمۇ.

ئاتا قىلغاچ تەبىئەت مول پاراسەت،
بىنا قىلغان گۆھەر شەھەر، تاش ئۆينى.
جاھان قايىل فارابىغا، مەخمۇتقا،
تەقدىم قىلغاچ ئۇلار ئورتاق بىر ئوينى.

ئۇسۇل ئويناپ، بورانقۇشتەك ئۇچقان بىز،
بۆركۈت ئۇشلاپ، كەپتەرلەرنى باققان بىز.
قىز جىبەك① ۋە ئامانىسا ② ھەدەمدەك،
ئىككى يۇرتنىڭ چىققى ئەلگە مەشھۇر قىز.

بىر ئەزەلدىن دوست ۋە ئىناق بوپ كەلدۇق،
جۇڭغار - تارىم بىللە نەپەس ئېپكەلدۇق.
گورساي ③ ئاشساق كۆك ئىشەككە توز ئارتىپ،
قومبۇلاقتا يالغۇز ئاتقا مىنگەشتۇق.

تامغا ئويۇپ، تاش ئورناتتۇق تاغلارغا،
بۇنى بىرلىك كۈچى دېمەي بولامدۇ؟
يەر جەننەتتەك، قەلبىمىز پاك بولمىسا،
شىجۇن خېنىم④ ئانا بولۇپ كېلەمدۇ؟

ساداق ئەگسەك، بىللە ياساپ ئوق - يانى،
قاچ - قاچقاچلاردا بىللە كۆچۈپ، قونغان بىز.

---

① قىز جىبەك — قازاق خەلق داستانىدىكى ئادالەتپەرۋەر باتۇر قىز.
② ئامانىسا — ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ ئۇستازى ئامانىساخان.
③ گورساي — ئىلىدىن جەنۇبقا ئۆتىدىغان داۋان.
④ شىبجۇن خېنىم — مەلىكە شىجۇن.

ھس - تۇيغۇمنى ئىلھام يەلپۈپ قوزغايدۇ،
ئەتراپىمدا ناغرا ۋە نەي ياڭرايدۇ.
يىپەك يولىن بويلاپ يىراق قارايمەن،
بەل - بېكەتتە گۈلخان تۈرى پارلايدۇ.

قانداق ئۇنتاي تەڭ - تېكىسلىك بولغاندا
قۇياش كۈلۈپ، ئايمۇ راسا تولغاندا؛
تىكىلىمەن نەزەر تاشلاپ غەزەپلىك،
ئاشۇ سوغۇق، سۈرلۈك مۇردا — قورغانغا.

كەتتىم ئۇچۇپ قالىغاچتەك كەڭ كۆكتە،
چىقتىم ئىگىز خانتەڭرىنىڭ ئۇستىگە.
زوقۇم تېشىپ باقسام بىرەك — بۇياققا،
تيانشاننىڭ ئىككى باغرى گۈل كەشتە.

ئاكا - ئۇكا قازاق — ئۇيغۇر بالىسى،
چېتىلغاندۇر ئۇلار يۈرەك پارىسى.
بىللە ئۆگەتكەن شىرىن تىلنى ئانىسى،
كىندىك قانغا تەڭ بويالغان دالىسى.

سېزىنگىدە ئاچچىق غورا، قۇرت يېگەن،
تال باراڭنىڭ ئاستىدا تەڭ سەكرىگەن.
پىشانىدىن تەرنى بىللە تۆكۈشكەن،
توقاچ چىلاپ سۈتلۈك چاينى تەڭ ئىچكەن.

تەڭ چېچىلغان تىرىكچىلىك رىسقىمۇ،
بىللە تارتقان قايغۇ، ئەلەم، دەرتىنىمۇ،

داستان يېزىپ، قاتساق بولار قوشاققا،
قېنىن تۆككەن باتۇرنى ھەرەمباغقا.
باتۇر سىيىت، ئۇيغۇر قىزى رىزۋانگۈل
ياتار ئەنە بىللە ئانا تۇپراقتا.

*   *

ئاق تاجىلىق دۇبۇلغىمىز بىر قىلىپ،
تاش ئۇرچۇقنى پىقىرىتىپ ئەشتۇق يىپ.
كۆزەك يۇڭدا نەقىشلەنگەن گىلەمگە،
تارىخ يازدۇق يىل شەنىگە شاتلىنىپ.

تارىخ قېرى بولسىمۇ بىر ياش تېخى،
توىغا چاچقۇ قىلىپ قوشاق توقۇيمىز.
ئىتتىپاقلىق — بىزگە بى باھا گۆھەر،
تاكەك ① بىلەن لۇتۇن ② شېئىرىن ئوقۇيمىز.

ۋابا يامراپ كەلگەندىمۇ بىز بىللە،
پىلىسىراتتىن بىللە ئۆتتۇق بىز يەنە.
كۆرسەتكەندە بەخت يولىن گۇڭچەنداڭ،
ئازاتلىققا بىللە قىلدۇق تەنتەنە.

قوشاق يازدىم يىپقا مارجان تىزغاندەك،
بارچە مىللەت پولات قورغان قۇرغاندەك؛
قازاق - ئۇيغۇر دوستلىغىنى قاراڭلار،
گۆشتە مانتا، مايدا پولۇ بولغاندەك.

---

① تاكەك — قازاق شائىرى تائجارىقنىڭ ئەكىلەتمە ئىسمى.
② لۇتۇن — ئۇيغۇر شائىرى لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ئەكىلەتمە ئىسمى.

ئۆتكەللەرنىڭ سىنىغىدىن تەڭ ئۆتتۇپ،
غەم - قايغۇدا بىللە مۇڭداش بولغان بىز.

باسقۇنچىلار، خان - پادىشا، زالىم بەگ
بېشىمىزغا سالسا ملك ھەر جاپانى،
شۇندىمۇ ھەر تالاشمىدۇق ئۆزئارا،
بىللە يىدۇق تاپقان قۇرۇت - زاغرىنى.

كۆرەك بېسىپ بىللە سوقتۇق نەيزىنى،
بىللە سۈردۇق پەن، مەرىپەت پەيزىنى.
قول تۇتۇشۇپ قاراقچىدىن قوغدىدۇق
ئۆمۈر بويى چەكسىز گۈزەل بۇ يۇرتنى.

ئالدى ئاتەش، ئارقىمىزدا مۇڭ - قايغۇ،
قوۋۇرغىمىز تەشتى زىندان تېمىنى.
سادىر پالۋان ناخشىسىنى ۋاقىرىدۇق،
پىسەنت قىلماي دار، ئاغامچا، ھەممىنى.

مۇدھىش زامان ئىلان بولۇپ چاققاندا،
قىلىچ چاپتۇق، خەنجەر ئېلىپ قولغا تەڭ.
ئەزىمەتلەر يەڭ شىمايلاپ قوزغىلىپ،
قان ئاققۇزۇپ، باتۇرانە قىلدى جەڭ.

ياندى يېشىل چاقماق، چېقىن غەزەپتىن،
ئۇلۇغ تەۋرەش توغى قىلدى زەپ جەۋلان.
ئاڭلىغاندا ئۈچ ئايماق①نى ماۋزېدۇڭ،
كۈلدى قازاق ھەم ئۇيغۇرۇم قىپ خەندان.

①ئۈچ ئايماق — ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى كۆزدە تۇتۇلۇدۇ.



بەردىبېك قۇرچىقايېۋ 1940 - يىلى
ئالتاينىڭ جىمۇنەي ناھىيىسىدە تۇغۇلغان.
1950 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرى ئەدەبىيات سېپىگە
كىرگەن. 1980 - يىلى ئۇنىڭ «ماۋجۇشى»،
«بەيگە» قاتارلىق شېئىرلىرى ئاپتونوم رايو-
نىمىز بويىچە مۇكاپاتقا ئېرىشتى.
شائىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى
شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى، كۆكتوقاي ناھى-
يىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا ئىشلەيدۇ.

# پالۋان

سىرغىپ چۈشۈپ مىنگەشكەن ئات ساغرىسىدىن،
دەتالاش قىپ، چاڭگاللاپلا گەجگىسىدىن،
چىرماق سېلىپ قايرىغاندا، چوڭ تىرەكتەك
يىقىلدى ئۇ گويا بوران زەربىسىدىن.

كۆتىرىلدى پۇقىرىغان چاڭ - توزاڭلار،
قالدى قاتتىق كىرىشىپ يوتا - سانلار؛
يوغان بويۇن، تەلۋە كۈچ پالۋانلارغا
دىگەندەك: «جايىڭدا قال، يىقىلغانلار.»

گۈل ئېچىلىپ، ئالدا ئىقبال پارلايدۇ،
خۇشپۇراقلار ھەرتەرەپكە تارايدۇ.
يۇرتىمىزدا توي ئۈستىگە توي بۈگۈن،
ئوت - گۈلخانلار لاۋۇلدايدۇ، ئۆچمەيدۇ!

1984 - يىل، 30 - سېنتەبىر، غۇلجا.

تۇرسۇن مەخسۇت
جاپپار ئەھمەت
تەرجىمىسى.



**ئەيتقالى ئۆسپان ئوغلى** 1937 - يىلى چۆچەكتە تۇغۇلغان. 1958 - يىلى شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ تىل-ئەدەبىيات فاكولتېتىنى پۈتتۈرگەن. ئۇ 50 - يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئەدەبىيات سېپىگە قوشۇلغان ئىدى. ئۇنىڭ «ئاق بۇلۇت» ناملىق شېئىرلار توپلىمى بېسىلىپ چىقتى، «بۇرۇلۇش» ناملىق ھېكايىسى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

شائىر ھازىر «شۇغىلا» ژورنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى بولۇپ ئىشلىمەكتە، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.

# ئىككى شېئىر

## يېزام

ئارىلاپ تاغلارنى، دۆڭلەرنى،
تۇغۇلغان يېزامغا كەلدىم مەن.
قەلبىمدە دولقۇنلاپ كۈي قوشاق،
ھەۋەستە تىكىلىپ قالدىم مەن.

كۆككە ئۇچتى غەيرەت بېرىپ «بارىكاللا!»
كۆك تومۇرلار چىقتى كۆبچۈپ ۋە چىڭقىلىپ.
ئېلىشقان پالۋانلارغا مىڭلىغان كۆز—
ھەۋەس بىلەن قارىشاتتى تىكىلىشىپ.

سىلكىشەتتى بىر - بىرىنى ھەملە قىلىپ،
قارشى تەرەپ قالدى بىردىن ھالدىن كېتىپ.
غەيرەتلىنىپ ۋالىڭ - چۇڭدىن قاۋۇل يىگىت
ئۇردى يەرگە گۆپ قىلىپ، يانپاشقا ئېلىپ.

گۆشىن ئۇزۇپ ئالسىمۇ بىرەر قاداق،
كەلتۈرۈشكە ۋەتەنگە شەرەپ - ئاتاق،
زور كۈچ بىلەن كۆتەردى شىر ئەزىمەت—
چېمپىيون دەپ ئاتالغان باتۇر قازاق.

*　　*

ئۆتمىسىمۇ ئۇستۇرا بۇرۇتۇمغا
قىرىق ياشنىڭ داۋىنىدىن ئاشتىم دىدىل.
بەزىدە ئۇ يېڭىپ ۋە بەزىدە مەن،
ئېلىشتىم شېئىر بىلەن يىگىرمە يىل.

تۇرسۇن مەخسۇت تەرجىمىسى.

ئاشۇ ناخشاڭ مېنى سانسىز
شۇ تەرەپكە بارغۇزغان.
ئاشۇ ناخشاڭ تۈن كېچىلەر
مېنى شېئىر يازدۇرغان.
ئاشۇ ناخشاڭ يۈرەك كۈيىن
يىراقلارغا تاراتقان؛
شۇ يېزىنىڭ، تونۇش ئۆينىڭ
ئىشىگىگە قاراتقان.
ئاشۇ ناخشاڭ ماڭا باغدا
قىزىل گۈلنى ئۈزدۈرگەن.
ئاشۇ ناخشاڭ قېيىق بىلەن
مېنى كۆلدە ئۈزدۈرگەن.
ئېيت ناخشاڭنى، ئۈزۈلدۈرمەي،
تىڭشاي مەن خۇشتار بولۇپ.
ئاق ياغلىقىڭ كۆز ئالدىمدا
تۇرسۇن ھەر چاغ يەلپۈنۈپ.

**چاپپار ئەمەت تەرجىمىسى.**

بىر چاغلار بەگۈۋاش سۇ تاشقىنلاپ،
قىرغاقنى تىنىمسىز چاقاتتى.
ھە، ئەمدى شىددىتى بېسىلىپ،
بويسۇنۇپ، بەك يۇۋاش ئاقاتتى.

يۇگەنسىز ياتقان كەڭ يايلاقنىڭ
قوشۇلغان بىر چېتى ئۆستەڭگە.
يېزامغا سىم تارتىپ، توك كەپتۇ
قۇرۇلغاچ ئېلېكتىر ئىستانسىسە.

توك چىراق كۆز قىسار يىراقتىن،
ئەل ئۇنىڭ نۇرىغا چۆمۈلگەن.
قوينىڭدا ئەكىلەپ ئۆستۈمەن،
ئىخ، يېزام، سەن شۇنچە گۈزەلسەن!

كەلگۈسىڭ چاقىرار شەرەتلەپ،
جىلۋە قىپ ياپ - يېشىل كۆكلىمىڭ.
شېئىرىمغا قاپىيە بولغاندەك،
شۇ گۈزەل مەنزىرەڭ، ئاھ، سېنىڭ!

## ناخشا

شۇ يېزىدا تۇنجى قېتىم
ناخشاڭ مېنى ئويغاتقان.
شۇ قورانىڭ قاپقىسىدا
تاڭ ئاتقىچە ساقلاتقان.

ھۈنەرلىك ئەل كۆكلىدەك ئۆسۈپ تۇرغان،
ئەي گۈزەل كۆل، مەھلىيا قىلدىڭ مېنى.
دولقۇنلىرىڭ قوغلىشىپ، كېلەر چېپىپ،
كۆرسىتىپ كەڭ ئاق كۆڭۈل - ماڭلىيىنى.

دولقۇنلىرىڭ شۇنچىلىك قىزىقارلىق،
بىر - بىرىنى قوغلىشىپ، ئۆركەشلىنىپ؛
كېلەر مانا سەكرىشىپ قوزىچاقتەك،
شىددەت بىلەن قىرغاقنى ئۇرۇپ - چېقىپ.

دولقۇن، دولقۇن، مەن سېنى ماختىسامۇ،
بىئارامەن سىرىڭنى ھېچ ئۇقالماي.
گاھ كۆرۈنسەڭ ئاققۇدەك كۆل يۈزىدە،
بەزەن بولۇپ ئاق بېلىق، ئۈزدۈڭ ھارماي.

قارىسامەن ئايلىنىپ قايسى ياقتىن،
دۈچ كېلىمەن يېڭى بىر مەنزىرىگە.
ئامال قانچە، باسالماي سېغىنىشىم،
كېتىپ قالدىم يېنىڭدىن، ئايدىڭ كېچە.

قىرغاقلارنىڭ غىدىغلاپ قولتۇغىنى،
ئەسىرلەردىن دولقۇنىڭ كەلدى يامراپ.
ئارمانىم شۇ يەنە بىر كۆرۈشكىچە،
ئۆتسە ئۆمرۈم سېنىڭدەك دولقۇن ياساپ.

## تەلكە داۋىنى

كۆڭۈلنىڭ كۆك تۇلپارىنى يېتەكلەپ ئېلىپ،
ئىلھامنىڭ ئۇرۇق ئېتىنى ئىگەرلەپ مىنىپ،



**سالى سادىۋاقاس** 1942-يىلى توقسۇن ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1964 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكولتېتىنى پۈتتۈرگەن. ئۇنىڭ دەسلەپكى شېئىرى 1960- يىلى ئېلان قىلىنغان ئىدى.1981-يىلى «چېچەك» ناملىق شېئىرلار توپلىمى بېسىلىپ چىقتى. ئۇنىڭ يەنە «شاتلىق قوشاقلىرى» «تىك سىزىق» ناملىق شېئىرلىرى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

شائىر ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى، «شۇغىلا» ژورنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلەيدۇ.

# غۇلجىدا يېزىلغان ئىككى شېئىر

## سايرامدىن ئۆتكەندە

تالاي شائىر، ناخشىچى سەيلە قىلغان،
ئۇلۇك يېقىمدا ياپ - يېشىل ياتار سايرام.
چاچقۇ قىلىپ چاچاتتىم چىن دىلىمدىن
ئۇرغۇپ چىققان شېئىرىم بولسا فونتان،



**بايتىك دۆيسەبايېۋ** 1940-يىلى ئالتاي ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. دەسلەپكى شېئىرلىرى 1958-يىلى ئېلان قىلىنغان. 1984-يىلى «ئاق قېيىن» ناملىق شېئىرلار توپلىمى كىتابخانىلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

ئۇ جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى، ئالتاي ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى.

# تارىم غۇنچىلىرى

## قەشقەر سورىسى

تىنىقلىرىم كېلىدۇ تېرىكلىكتىن،
ئىلھام كەلسە، شېئىرغا تولار يۈرەك.
ئۇچۇپ كەلدى قەشقەرنىڭ سەلكىنلىرى
خۇش ھىد بېرىپ جەننەتنىڭ شامىلىدەك.

قايسى شەھەر مۇشۇنداق گۈزەلدۇر-ھە!؟
باپ جاي ئىكەن شائىرلار يۈرسە يايراپ.

ئاخشا ئېيتىپ كېلىمەن تاڭچارىق ھاسقان
شۇ تەلكىننىڭ داۋانىغا مەنمۇ ئىز سېلىپ.

كېيىپ تاشلاپ قېرى زامان توخۇلىسىنى،
ئۆتكەن ئىدى شائىر ئاتام سېغىنىپ يۇرتىنى.
ھايات بولسا ئاچتۇرۇپ ئالماسمىدىم مەن،
شۇ شائىرغا ناخشىلىرىدىم تۇماغىسىنى. ①

قاراقچىدەك يېرىم يولدا يولۇقۇپ قالغان،
ئەجەل بىردىن مەزگىلسىزلا ئۇنى ئايرىغان.
بىلدىمكى مەن شۇنداق ئىگراپ كۆچكەن يۇرت كەبى،
شائىر سۆزىن يادا ئېلىپ شۇ داۋان قالغان.

بۇ داۋانغا دىنەڭ ئەگەر «كۆپ قېتىم كەلدىم،»
يەنە كەلسەڭ بۇزۇلماستىن قالۇرمۇ قەلبىڭ؟
ئىزلەپ يۈرۈپ شائىر باسقان ئىزلارنى مەنمۇ،
ئەتراپىمغا كۆز يۈگۈرتۈپ قارالتۋەردىم.

خوشال قىلار ئىدىم، دوستلار، ھەممىڭلارنى مەن،
تەڭ قاندۇرۇپ سىلەر بىلەن خۇمارىمنى ھەم؛
گەر ئاڭلىسام ئاۋازىنىڭ ياڭراق ئەۋجىنى
شۇ ئاتاقلىق شائىرنىڭ تەلكىگە سىڭگەن.

قەلبىمدىكى سېغىنىشنىڭ يىغىپ كۈچىنى،
ئۇچۇرغانتىم خىيالىمنىڭ ئۈمىت قۇشىنى؛
سۆز قاتمىدىڭ لېكىن تەلكە،
شۇنداق بولسىمۇ،
شائىر ئۆتكەن داۋان بولغاچ سۆيۈمەن سېنى.

1983- يىل، 10- ماي، غۇاجا.

**جاپپار ئەمەت** تەرجىمىسى.

---

① تۇماغا — ئوۋ قۇشلىرىنىڭ كۆزىگە كىيدۈرۈلىدىغان تۇماق.

دىدى ئوغۇل كۆلۈپ ئۇنىڭغا:
«تاغىلىرىم بولۇدۇ بۇلار.»

## شائىر ماكانىدا

(ئىمىن جېلىۇغا بېغىشلايمەن)

ئۇيغۇر بوۋاي ئاتاپ ئېتىڭنى،
سەن توغرىلىق ئېيتتى كۆپ گەپلەر.
ياخشى ھاكىم بولغان ئىكەنسەن،
كۇچار خەلقى تارتقاندا دەرتلەر.

خەلق قىرىلغان ئوت-چۆپ مىسالى،
تېرورلۇقتا قالغاندا ئېلىڭ،
ياۋغا قارشى يازدىڭ شېئىرلار،
نەپرەت بىلەن تولغاندا دىلىڭ.

تۆھمەت تېشى ياققان بېشىڭغا،
قىلىچتىن قان تامغان ئۇ زامان.
يوقسۇل خەلق كەلگەندە ئېزىلەپ،
پانا بولدۇڭ ئۇلارغا ھامان.

خەلقپەرۋەر كوممۇنىست ئىدىڭ،
ئېتىزلاردا بولدۇڭ سەن دېخان.
پەرزەنت كۆردۇڭ قۇربان① ھېيتتا،
قويدۇڭ ئۇنىڭ ئېتىنى قۇربان.

---

① قۇربان — ئىمىن جېلىۇنىڭ ئوغلى، ھازىر داليەندىكى ھاۋا ئارمىيە قىسىملىرىدا خىزمەتتە.

قەدىم قەشقەر كۆلىدۇ ئاپتاپ كەبى،
شەرقىي كۆلدىن كۆرۈنسە ئەكسى چاقناپ.

دوست - يارانىنى كۆرگەندە باغلار ئارا،
ئەسكە چۈشتى كۆكلۈلۈك ياشلىق كۈنۈم.
قىزىل دەريا ۋە تۈمەن بىلەن ئاققان
چىچى ئىكەن قەشقەرنىڭ ئىككى ئۆرۈم.

كۆكلۈل كۈيى ئۆركەشلەپ ئاقار مۇندا،
كۆينەك كىيگەن باغلارنىڭ چىچىگىدىن.
گۈزەل قەشقەر قارايدۇ تيانشانغا،
ئاق قالپاقلىق پامىرنىڭ ئېتىگىدىن.

## قونالغۇ

«ئۆيىمىزنى كۆرۈپ كېتىڭلار!»
دىدى بىر قىز ئالدىراپ كېلىپ.
تەكلىپ قىلدى قازاقلىرىنى،
قالغان ئىكەن بىزنى سېغىنىپ.

ماقۇل بولدۇق بېرىپ كېلىشكە،
ئۆزىمىزنىڭ قىزى ئىكەن ئۇ.
گۈل - گۈلستان تارىم بويىدا
چىقىپ قالدى بىزگە قونالغۇ.

قول قوشتۇرۇپ تۇردى كۈيوغۇل،
كەلگەن چاغدا قېيىنى ئاكىلار.



جۇمان ئەبىش ئوغلى 1943-يىلى بۆرتالا ئوبلاستىنىڭ جىڭ ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1961-يىلى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تىل-ئەدەبىيات فاكولتېتىنى پۈتتۈرگەن ۋە شۇندىن باشلاپ شېئىر يېزىشقا كىرىشكەن. ئۇنىڭ دەسلەپكى ئىجادىيىتى مۇزىكا بىلەن باشلىنىپ، «ئايىيالا»، «گۈزەل بارىكۆل يايلىقىم» قاتارلىق ناخشىلىرى جامائەتچىلىكنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن.

ئۇ ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى، «شۇغىلا» ژورنىلى تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇھەررىرى.

# يۇرت مېھرى

## ئىلى

ھەر يىل يېڭى چېچەك كۆرۈمەن،
ياپراقلىرى ياپ-يېشىل تالدا.
قۇشنەك ئۇچۇپ، مېھمان بولاي دەپ،
كېلىپ قالدىم، ئەي ئىلى، ساڭا!

تومسلارنىڭ ئىسىل ئېشىدىن
قول ئىزلىرىڭ كەتمەپتۇ تېخى.
شۇ مۇنلىك دەرەخ قېشىدىن
ئۆيلىرىڭمۇ كۆچمەپتۇ تېخى.

كۆز قارىچۇغىدەك كۆردۈك كوچارلى،
بۇ يۇرت ساڭا ئاچقاندا قۇچاق.
شۇڭا كوچار مۇھەببەت بىلەن
ئەسلەپ سېنى توقۇيدۇ قوشاق.

ئورۇندۇغىڭ، ئۈستەل، قەلىمىڭ،
كۆرگەزمىدە بار ئىكەن ھازىر.
سۈرىتىڭگە قاراپ، ئىچىمدە
دىدىم: مەڭگۈ ئۆلمەيسەن شائىر!

قۇربان بارات تەرجىمىسى.

يايلىغىڭنى كەڭرى ئېچىلغان
داستىخانغا كەلدى ئوخشاتقۇم.

ئىلىم - پەنگە چىن دىلدىن ئاشىق
ئەرلىرىڭ بار سېنىڭ مۇنەۋۋەر.
قولى ئوچۇق، مېھماندوست خەلقىڭ
ھۆرمىتىگە بولدۇم سازاۋەر.

بوۋايلارنىڭ شەجەرىسىنى
ئاڭلاپ يەنە، قانغۇم بار مېنىڭ.
ماگنىتتەك تارتتىڭ ئۆزەڭگە،
كەڭ قوينىڭدا قالغۇم بار مېنىڭ.

## قاناس كۆلى

قاناس كۆلى دېگەندە،
شېئىر يازغۇم كېلىدۇ.
تەرىپىڭنى كۈيلەشكە،
تىل ئاجىزلىق قىلىدۇ.

ئارتۇق سۆزلەپ نەقىلاي،
ھېسسىياتىم تېشىپتۇ.
مەن ئويلىغان مۆلچەردىن
پەرۋاز قىلىپ ئېشىپتۇ.

كەپتۇ بۇگۈن ئۆلكىدىن
شىرىن سۇخەن شائىرلار.
ئۇلار ماختاپ كۈيلىسە،
پۇ ئېتىپتۇ دىمەڭلار.

ئەگەر ئۆتكەن چاغلىرىمدا مەن
يۈكسەك — ئىگىز چوققىلىرىڭنى،
راۋانلاشتى بوغۇلۇپ قالغان
ھېسسىياتىم، كۆرگەندە سېنى.

ئۆركەشلىگەن دەريالىرىڭدەك،
يەلپۈپ تۇرغان ئورمانلىرىڭدەك،
قۇتلۇق قوينۇڭ ئالدى باغرىغا
مېنى ئەرك سىموۋۇلىدەك.

تاغلىرىڭنى قانداقكىن دېسەم،
تۇرۇدىكەن كۈلۈپ سەندەك شات.
باتۇر خەلقىڭ ئېلىپ ئىنتىقام
تۈت مەرەزنى يوقاتقاچقا پات.

كەڭ دالاڭنى ئايلىنىپ يۈرۈپ،
باغچا، ئېتىز، دانلىرىڭ كۆردۈم.
مەن تۆۋەنگە تاشلىغاندا كۆز،
سەزدى چوڭقۇر مەنانى كۆڭلۈم.

ئايلانغاندا كەڭ ۋادىلارنى
يېڭى خىسلەت، يېڭى شان كۆردۈم.
قويچى سۇنغان سىنچاينى ئىچىپ،
ناخشىلارنىڭ پەيزىنى سۈردۈم.

كۆرگىنىمدە رەڭدار گىلەمدەك
كەڭ دالاڭنى، ئۆرلىدى زوقۇم.



ئەزىلبېك كىنەزبېك ئوغلى 1948-يىلى كۆنەستە تۇغۇلغان. 1960-يىللاردىن باشلاپ ئىجادىيەت سېپىگە كىرگەن. ئۇ ئۆتكەن يىلى «تۆمۈر قانات» ناملىق شېئىرلار توپلىمى بىلەن «ئاققۇلار ئۇچۇپ بارماقتا» دېگەن شېئىرىي رومانىنى نەشرگە تاپشۇردى.

ئۇ ھازىر ئىلى ۋىلايەتلىك 1-دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.

# ئاققۇلار، مەرگەن دەپ قالماڭلار مېنى!

ماموق قاناتلارغا باھار قوندۇرۇپ
ئاققۇلار يىراقتىن ئىلىپ كەلگەندە،
ئۇلارنى ئىزلەپ مەن نۇرغۇن يول يۈرۈپ،
پايانسىز دالادىن كەلدىم شۇ دەمدە.

يۈرۈپتۇ ئاققۇلار ئۈزۈشۈپ مەغرۇر،
ئايدىڭ كۆل ئىچىدە — قەدىم ماكاندا.

بىزنىڭ قوشقان سۆزىمىز:
«قاناس - يىگىت، قاناس - قىز».
ماختاپ - ماختاپ تۈگىمەس
ئېيتقان بىلەن سۆزىمىز.

ئوي - خىيالىم ئورماندا،
باللار ئوينار چىمەندە؛
قويلار تاغدىن چۈشكەندە،
يېتىپ كېتەر ئوت - چۆپكە.

بۇلاق ئۈنى، قۇش ئۈنى،
ئاڭلا مانا، قۇلاق سال.
كۆرۈپ ھەيۋەت قىياپەت،
سوراپ ئۇنى بىلىپ ئال.

كۆلنى سۈرەت - ئاي دىسەم،
سۈيى ئويۇل قوغۇشۇن.
ئىشەنمىسەڭ بېرىپ كۆر،
دىلدا گۇمان قالمىسۇن.

ئەيتقالى ئۇسپان
جاپپار ئەمەت : تەرجىمىسى.

كۆرسىتىپ قويدۇڭلار بىرلا قىممەتلىك
ھەركەتنى:
ئىگىزگە ئۇچۇشنى ئۆرلەپ.

كۆكۈللۈك ئايدىڭدا يۈرگەندە غەمسىز،
مەن كېلىپ بىئارام قىلغاچ سىلەرنى:
جۈپتىدىن ئايرىلماس، گۈزەل ئاققۇلار،
بىر يىرتقۇچ مەرگەن دەپ قالماڭلار مېنى!

ئەيتقالى ئوسپان
جاپپار ئەمەت : تەرجىمىسى.

مەن كەلسەم ھۆركىشىپ، تۇساتتىن ئۇلار،
تارقىشىپ كەتمەكچى بولدى شۇ ئاندا.

كەلدىم مەن مۆكۈنۈپ، كۆلنى ياقىلاپ،
(مەن مۆكۈپ ئۈگەنگەن ياش چېغىمدىلا.)
كەلگەندە مەن يېتىپ،
قانات قېقىشىپ،
توپ بولۇپ كېتىشتى ئۇلار يىراققا.

ئاھ، قۇشلار، ئاسماننىڭ ئەركىسى سىلەر،
كەتتىڭلار،
قالدىڭۇ ماكانىڭلار جىم.
كەلمىگەن ئىدىمغۇ ملتىقنى بەتلەپ،
مەرگەن دەپ ھساپلاپ قالدىڭلارمىكەن؟!

كەلگەنتىم سىلەرنى بىر كۆرۈش ئۈچۈن،
سۆيگەچكە مەن ئاپپاق قامىتىڭلارنى.
كەلگەنتىم سىلەردىن ئۆگىنىش ئۈچۈن،
قەلبىمدەك تاپ - تازا پاكلىغىڭلارنى.

كەلگەنتىم سىلەردىن شىپالىق ئىزلەپ،
دەردىمگە بىر داۋا تېپىشنى كۆزلەپ.
قاتارلىشىپ مەڭگۈ ئۇچۇشۇڭلارنى
جان - دىلدىن قەدىرلەپ،
ۋاپادارلىق دەپ.

كەلگەنتىم ئۆزدە بار بولغان ھەممە
خىسلەتنى ماڭىمۇ بېرەرمىكىن دەپ.

پەيدا بولۇپ ئىنسان، جەمئىيەت،
ياراتقان مول، رەڭدار بىر زامان،

قۇياش نۇرى تۆكۈلمەس - پۈتمەس،
بىھساپ كۈچ - قۇدرەتكە تولغان.
مەۋجۇداتلار ئۇنىڭ بەھرىدە
ياشاپ كەلدى، ياشايدۇ ھامان.

ئۇخچۇپ - ئويناپ بۇلاق سۇلىرى
خوشاللىقتىن ئوقۇيدۇ داستان.
شاخلار ئارا سايرايدۇ قۇشلار
ئاۋازىدىن شاتلىقى ئايان.

قۇياش بولغاچ بەخت - شاتلىققا
يار بولدى كەڭ جاھان ھەم ئىنسان.
قۇياش ئىللىق، قۇياش مېھرىۋان،
كۈچ - قۇدرىتى پۈتمەيدۇ ھامان.

2

جاھان كەڭدۇر، ئۇنىڭ قوينىدا
مەنكى ئاددى، كىچىك بىر ئىنسان.
ھاياتلىقىم، ساغلام ئۆسمىكىم
باغلىق ئىللىق قۇياشقا ھامان.

جاھان مۇزلاپ، ئالغاندا مىنى
ئۆز باغرىغا توڭلىغان تۇپراق؛



ن. لوتا 1935 - يىلى بۆرتالادا تۇغۇلغان. ئىچكى موڭغۇل ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن. ھازىر شىنجاڭ رادىيو ئىشلىرى ئىدارىسى موڭغۇل تىلى بۆلۈمى ئەدەبىيات - سەنئەت گۇرۇپپىسىنىڭ مۇھەررىرى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.

شائىرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى 1956 - يىلىدىن باشلانغان ئىدى. 1983 - يىلى ئۇنىڭ «مىڭخې چېچەكلىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى بېسىلىپ چىقتى. «بۇركۇت»، «مىڭخې چېچەكلىرى» ناملىق شېئىرلىرى ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى باھالاشتا مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

# مەن سۆيىمەن قۇياشنى

1

بۇ كەڭ جاھان — چەكسىز ئالەمدە
قۇياش پارلاپ تۇرغاچقا ھامان.

مەن قۇياشنى كۆيلەيمەن شۇنداق،
هەرگىز ئەمەس بۇ خوشامەتىم.
مەن قۇياشنى سۆيۈەەن دىلدىن،
يوقتۇر بۇندا باشقا مەقسىتىم.

ئۆتسە يىللار، ھەتتا ئەسىرلەر
ئۇ قەلبىمدە يالقۇنجار ھامان.
ئۆچۈرەلمەس ئۇنى ھىچنىمە،
ئۇ مەڭگۈلۈك باھار، گۈلىستان.

مەندە قىزىل يۈرەك - قەلب بار،
ئۆچمەيدىغان يالقۇنلۇق گۈلخان.
مەندە سادىق قىزىل ۋىجدان بار،
ئۇ قۇياشقا تەلپۈنەر ھامان.

بەكمۇ زوردۇر قۇياش تۆھپىسى،
نۇرى بىلەن يورۇيدۇ جاھان.
يۈرەكلەردە ھۆرمىتى ئۇلۇغ،
ئۇ ھەممىنى ساقلايدۇ ھامان.

مېھرىۋانىم — ئالتۇن قۇياشقا
تەقدىم ئەزىز يۈرىگىم مېنىڭ.
تەقدىم بۈيۈك ئىشلىرىمىزغا
ئەزىز ئارمان - تىلىگىم مېنىڭ.

ماخمۇتجان ئىسلام تەرجىمىسى.

شاخلىرىمنى سۇندۇرۇپ بوران،
قاپلانغاندا بۇلۇتقا ھەر ياق؛

جان تالاشتىم سۇلغۇن مايسىدەك
ھايات ـ مامات گىرداۋىدا مەن.
باشقا چۈشتى تەقدىر غەملىرى،
بولدۇم دەرتكە زەپ مۇپتىلا مەن...

ئالتۇن قۇياش پارلىدى يەنە،
چاچتى ھاياتبەخش نۇرىنى.
ئەزىز قۇياش چاچتى سۇ ـ شەبنەم،
ئېچىلدۇرۇپ ھايات گۈلىنى.

ئوڭدىن كەلدى تەلىيىم مېنىڭ،
كۈلدۈم خۇشال ھاياتلىق بىلەن.
خۇشاللىقىم يەتتى پەلەككە،
ناخشا ئېيتتىم زوقلىنىپ بەلەن.

سېھرى كۈچى بىھساپ قۇياش
ۋۇجۇدۇمغا بەردى كۈچ ـ دەرمان.
ئاتەش كەبى ئىللىق كۈن نۇرى
يۈرىكىمگە ئاقتى ھەر زامان.

ھۆرمەتلەيمەن قۇياشنى شۇنچە،
دېيمەن ئۇنى ئانام ۋە دادام.
مەن سۆيۈمەن قۇياشنى شۇنچە،
ئۇ ياشىسۇن، ياشىسۇن داۋام.

كۆكتە يېنىپ تۇرغان يۇلتۇزمەن،
يۇرتۇم مېنىڭ يۇلتۇز دالاسى.
ئەجدادىمدىن ماكان تۇتقان تاغلاردا،
مەن يايلاق ئوغلى — تىپچاق ئوتمەن.
مۇنبەت زېمىن ئانامدۇر مېنىڭ.
تۇپرىغىدۇر ئۆسكەن ماكانىم.
ئاشۇ ئىللىق تۇپراق قوينىدا
تۆرەلدى، ياشاردى مېنىڭ بۇ جانىم.
مەن خۇش پۇراق، يۇمران ئوزۇقمەن،
يىلقا، قويغا، چارۋىلارغا يەم.
ئوزۇق ئېلىپ مەندىن چارۋىلار
ئۆسەر ساغلام، ئەت ئېلىپ تىمەن.

مەن تىپچاق ئوتمەن،
تىپچاق ئوتمەن مەن،
بايىنبۇلاقنىڭ يۇمران گىياسى.
مەن مۇنبەت تۇپراقنىڭ پەرزەندىدۇرمەن،
ۋۇجۇدۇمدا ھايات سىماسى.
چۆمۈپ ئىللىق قۇياش نۇرىغا،
يايرار مېنىڭ ياپراق ۋۇجۇدۇم،
شۇنچە ياخلان بولۇپ چوڭ بولدۇم.
چاڭقىسام، يامغۇرلار مەن ئۈچۈن شەربەت،
كۈنسېرى باراقسان بولۇپ ئاۋۇدۇم.
ئەركىلىتەر مېنى مەيىن شامالار،
يېقىملىق ناخشىلار، جاراڭلىق سازلار،
مەن ئۇنىڭغا ئۇسۇل ئوينۇدۇم.

مەن تىپچاق ئوتمەن،
تىپچاق ئوتمەن مەن،



س. ئارا 1937 ـ يىلى باينغولىن ئوبلاستىنىڭ خېجىڭ ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1963 ـ يىلى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات فاكولتېتىنى پۈتتۈرگەن. ئۇنىڭ شېئىرلىرى 1957 ـ يىلدىن باشلاپ گېزىت ـ ژورناللاردا ئېلان قىلىنغان ئىدى. 1984 ـ يىلى «قارا شەھەر دەرياسى ھەققىدە ناخشا» ناملىق شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىندى. شائىرنىڭ «ياشارغان ئانا»، «ئالتۇن قاچىنىڭ رىۋايىتى»، «يۇلتۇز بىلەن چىراغ» قاتارلىق شېئىرلىرى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

شائىر ھازىر «چولپان» ژورنىلى تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇھەررىرى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.

## مەن تىپچاق① ئوتمەن

مەن تىپچاق ئوتمەن،
تىپچاق ئوتمەن مەن،
باينبۇلاقنىڭ يۇمران گىياسى.

① تىپچاق ـ ئوززۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى بولغان بىر خىل تاغ چۆپى. موڭغۇللار «بېتكە» دەيدۇ.



**سەينا (شىنخۇ)** 1936 - يىلى ئىچكى موڭغۇل زاروتچى چارۋىچىلىق مەيدانىدا تۇغۇلغان. 1957 - يىلى ئىچكى موڭغۇل پىداگوگىكا ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن، ئۇ شىنخۇ تەخەللۇسى بىلەن ئەدەبىياتقا كىرگەن. ھازىر موڭغۇل تىلىدىكى «چولپان» ژورنىلى تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇھەررىرى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.

ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى 1957 - يىلىدىن باشلانغان. ئۇنىڭ «پەرۋاز قىل ئاققۇ»، «پادىچى قىز»، «يىپەك يولىدا ئىتتىپاقلىق رىشتىسى»، «شادىيانە ئۇيغۇر ئۇسۇلى» قاتارلىق شېئىرلىرى كىتابخانىلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن. «گۈل ياسىغۇچىلار» شېئىرى دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىغا سوغا قىلىنغان ئەسەر سۈپىتىدە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

# يايلاق خاتىرىلىرى

(سىكل)

## گۈدۈك

موڭغۇلنىڭ قاردەك ئاپپاق ئاۋۇلىدىن
ياش يىگىت چىقىپ كەلدى موتوتسىكلىت مىنىپ.

بايسبۇلاقنىڭ يۇمران گىياسى.
جۇدۇنلار ئۇشقۇتۇپ سۇلدۇرسا،
بورانلار قاخشىتىپ، قومۇرۇپ تاشلىسا،
بار مىنىڭ رەنجىمنىڭ شىپاسى.
چۈنكى مەندە بار ھاياتىي كۈچ،
كار قىلالماس جۇدۇن ۋە بوران؛
يىلتىزىمدىن ياشىرىپ يەنە،
قەد كۆتىرىپ، سۇرۇمەن دەۋران.
مەن خالىس، پىداكار گىيامەن،
ئۆزەمنى بېغىشلىغان چارۋا ـ ماللارغا.
قەلبىمدە يايلاققا مۇھەببەت،
كۆكلەيمەن، ئاۋۇيمەن تائەبەت؛
بارلىغىمنى قىلىپ تەسەددۇق،
بۇ بەختىيار يېڭى زامانغا!

س. مەدىر
ج. ئەمەت
: تەرجىمىسى.

توپ ـ توپ بولۇپ يۈگۈرسە ئاتلار،
ئوخشاپ كېتەر چەكسىز ۋادىدا
ئۆركەشلىنىپ ئاققان ئېقىنغا.
يايلىلىرىنى يەلپۈتسە شامال،
ئوخشاپ كېتەر گويا يالقۇنغا.

شۇ چاغ يايلاق بىردىن جانلىنىپ،
چۆمەر جوشقۇن ھايات پەيزىگە.
يايلاق، ئىخ گۈزەل، بىپايان مەيدان،
چولپانلار غەيرىتى نامايەن سەندە.
باغرىڭنى قاپلىغان تۇياق ئاۋازى،
ناخشىدۇر ياڭرىغان سېنىڭ كۆكسۈڭدە.

## «ئازات بولغان» كالا

پادىچى قوتاننىڭ ئىشىگىن ئېچىپ،
كالىنىڭ بۇرنىدىن چۇلۇكنى ئالدى.
بۇرۇختۇم بولغان شۇ يۇۋاش مەخلۇقنى
قويۇپ بەردى ـ دە، يولىغا سالدى.
ئاھ، جاپاكەش، مېھنەتكەش كالا،
كەلدىڭسەن چوپانغا غەمگۈزار بولۇپ،
ئىزلىرىڭ قالدى سوقماق يوللاردا،
كەلدىڭسەن ئەۋلادتىن ـ ئەۋلاد قۇل بولۇپ.
سەن قالدىڭ بەزى ئاچ، بەزىدە سۇسىز،
بىراق ماڭدىڭسەن توختىماي ھامان.
ئېغىر يۈك دۈمبەڭدىن چۈشمىگەچ ھەر كۈن،
يېغىردىن قۇتۇلالماي ئۆتتىڭ كۆپ زامان.

ماگدى ئۇ جىلغا تامان، يېڭى زاۋۇت
قۇرۇلغان تاغ باغرىغا خوشال بېقىپ.

تىلىمسىز گۈرلدەيدۇ سايراپ موتور،
بارىدۇ ئارقىسىدىن قۇياش قوغلاپ.
دەرەختە شاختىن - شاخقا قونۇپ قۇشقاچ،
جۆر بولار ئاڭا يولدا خوشال سايراپ.

ياپ - يېشىل ھەممە تەرەپ، يېشىل ئاسمان،
كۆكۈش ئىس توپ - توپ بولۇپ ئۈزەر لەيلەپ.
چېتىلغاچ چىن دوستلۇقنىڭ رىشتى مەھكەم،
ئۆتمەكتە بۈگۈن ئەتە بوپ قوشكىزەك.

جىلغىدا ھەيۋەت بىلەن ياڭراپ گۈدۈك،
چېلىندى زامانلىشىش سىگناللىرى.
ئويغاندى غەپلەت بېسىپ ياتقان يايلاق،
ماڭماقتا قۇشتەك ئۇچۇپ مەنزىل بويلاپ،
قوغلىشىپ موتورتسىكىلىت ئىزلىرىنى.

## يەلقا

يايلاق ئەھلى ئاتىنىڭ ئۈستىدە،
بېسىپ ئۆتتى قانچە تاغ - داۋان،
قانچە تارىخ، قانچە ئۆتكەلنى.
گۈزەل، قاۋۇل، ئۇچقۇر شۇ ئاتلار،
غۇرۇزىدۇر يايلاق خەلقىنىڭ،
ۋە ياشىنتار ئۇندىكى ئەلنى.



**ن. سەرە** 1940-يىلى بۆرتالا ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1961-يىلى ئىچكى موڭغۇل پىداگوگىكا ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن. شىنجاڭ گېزىتى موڭغۇل تەھرىر بۆلۈمى ۋە بۆرتالا گېزىتلىرىدە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن، ھازىر بۆرتالا ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى بولۇپ ئىشلىمەكتە؛ جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.

ئۇنىڭ ئەسەرلىرى 1958-يىللاردىن باشلاپ مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنغان. «ئىككى مەرگەن»، «ئاتىباشلىق غۇنچەككە مەدھىيە»، «ۋەتىنىم — ئانام» قاتارلىق شېئىرلىرى جامائەتچىلىكنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن. «يازايلى، ئاكا-ئۇكىلار» ناملىق شېئىرى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ 30 يىللىق مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى باھالاشتا مۇكاپاتلانغان.

# ئۆسمۈرلەر

ئاپپاق قارغا كۆمۈلگەن دالا،
كۆزنى چېقىپ يەنە چۈشەر قار.
ۋىژىلدايدۇ ئاچچىق سوغ شامال،
يۈز-كۆزلەرنى ھەرىدەك چاقار.

ماگدىڭسەن توختىماي ھەتتا كېچىلەپ،
ماغدۇرىڭ قۇرۇدى داۋان ئاشقىچە.
ئاھ، زېرىكىشلىك تۈگىمەس يوللار،
باراتتىڭ شۇندىمۇ تا مەنزىلگىچە.

كالىنىڭ قەدىمى توختىدى ئاستا،
ئۇ باقتى سىنچىلاپ بويىنىنى سوزۇپ،
خوجايىنى مىنگەن تۆمۈر كالىغا.
نەقەدەر كۈچلۈك ئۇ،
نەقەدەر جۇشقۇن،
قۇدرەتتە تەڭشىلىپ بولامدۇ ئاڭا.
ھاردۇغى چىققاندەك بولۇپ كالىنىڭ
پۇت ـ قولى، بېلىنى رۇسلىدى بىردىن،
بۇرۇلۇپ ماڭدى ئۆز توپىغا يانا.
لېكىن كۆزى قىيماي بويىنىنى بۇراپ
مۆرىدى: «خوش، باتۇر تىراكتور،
خوش قېرىنداشىم، تەشەككۇر ساڭا.
ئىشىڭغا ھەر دائىم تىلەيمەن ئۇتۇق
ئىشەنگىن، ھەسەتخور ئەمەسمەن ئەسلا.
خوش قال قېرىنداش، ئامان بولغىن، خوش،
تىلىگىم شۇ مېنىڭ، كېلەر قېتىمدا
خوجايىنىمىزنى ئولتۇرغۇزۇپ كەل،
كۆمۈش قاناتلىق ئايرۇپىلانغا...»

ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر تەرجىمىسى.

كىچىك دىمەك،
ئۇلارنىڭ قەلبى
ئەلگە ئىشلەش ئىشقىدا يانار.
كىچىك دىمەك،
ئىشەنچى زوردۇر،
كەلگۈسىنىڭ ئىگىسى بولار.

ئۇلار نازۇك، جانسىز گۈل ئەمەس،
باغلار ئارا يازدا ئېچىلغان.
ئۇلار مېيخۇا قەھرىتان قىشتا،
خۇش بۇي ھىدى ھەريان چېچىلغان.

قىلالمايدۇ جۇت-شۇۋرغان كار،
يايىراپ كېتەر ياغسا كۆپلەپ قار.
ئۆزى كىچىك، ئىرادىسى تاغ،
جىلۇە قىلار قەلبىدە باھار.

مەخمۇتجان ئىسلام تەرجىمىسى.

بىراق شۇ دەم قويۇق ئورماندا،
بىر يېقىملىق ناخشا ياڭرايدۇ.
قاردا چوڭقۇر ئىزلارنى كۆرۈپ،
زوقلىنىشتىن كۆڭۈل يايرايدۇ.

يىراق تۇرۇپ قارىساڭ، كۆزگە
ئۇز ئېچىلغان گۈللەر كۆرۈنەر.
ئەسلى بىر توپ ئۆسمۈردۇر ئۇلار،
ئىشلىرىدىن كۆڭۈل سۆيۈنەر.

پاھ،
ئۇلارنىڭ ئوماق يۈزلىرى،
يانار چوغلۇق گۈلخانغا ئوخشاش.
بويىنىدىكى يەلپۈنۈپ تۇرغان
گالىستۇكى قىپ-قىزىل ئوتقاش.

يۈدۈپ يېڭى قوزا-پاخلاننى،
بارار دۆڭلەر-بەللەردىن ئېشىپ.
ئۇلار قەيسەر،
تىز پۈكمەس كارۋان،
بارار ئالغا شۇئىرغان يېرىپ.

غەزەپ بىلەن ھۇۋلار شۇئىرغان،
قۇرۇق ئوت-چۆپ ئۇچۇدۇ ھەر يان.
تەرگە چۆمگەن ئۆسمۈرلەر ئەمما،
قىلار كۆكلەم يۈزىدە جەۋلان.

ئۆسكەن زېمىن ۋە ئانا خەلقىم
خاتىرەمدە قالار ئۆمۈرلۈك!

سارى تېغى ئولتۇرار ئۆردە
بىر مويسىپىت ئاتىدەك گويا؛
غەيرەت بېرىپ پەرزەنتلىرىگە
ۋە بېغىشلاپ جۇشقۇن روھ ئاڭا.

ئېتەك يايغان ئارغالتى تېغى،
ئۆز ئانامدۇر غەمخور، مېھرىبان.
زېمىستاندا ئىللىقتۇر باغرى،
يازدا سالقىن، راھەت ئالار جان.

خاتىن تېغى مەغرۇر قەد كېرىپ،
گويا قاۋۇل ئاكامدەك باقار؛
ئوتلىغىدا سان-ساناقسىز مال،
ۋادىلىرى گۈزەل چىمەنزار.

سارى، خاتىن، ئارغالتى — ئۈچ تاغ
جىلۋە قىلىپ تۇرغان ئۈچ سەنەم.
كەڭ باغرىدا قاينايدۇ هايات،
قۇچاق ئېچىپ ياپ-يېشىل كۆكلەم.

ئاتا-بوۋام ياشىغان جايلار-
قۇرۇق تىزەك يۇرتى بىپايان.
ئۇلار يېقىپ تىزەكتىن گۈلخان
ئىس چىقارغان تارىختىن بۇيان.



ب. لەمجاپ 1944 - يىلى بۆرتالا ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1966- يىلى ئىچكى موڭغۇل پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن. ھازىر شىنجاڭ رادىيو ئىشلىرى ئىدارىسىدا مۇھەررىر، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.

شائىر 1960 - يىلى ئەدەبىيات سېپىگە قەدەم قويغان ئىدى. ئۇنىڭ «گۈلزارغا زىيارەت خاتىرىسى» ناملىق شېئىرى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىغا بېغىشلاپ ئۇيۇشتۇرۇلغان ئەسەر ئىچىدە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. 1982 - يىلى «باھار مايىسىسى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىندى.

## يۇرتۇم

ئۇلۇغ زېمىن، ئۆمرۈم باھارى
قۇلۇن كەبى سەندە باشلانغان.
بېسىپ خەلقىم يۈرگەن ئىزلارنى،
مەن بۇ ئۇزاق يولغا ئاتلانغان.

ئۇستازلىرىم، دوستلىرىم مېنى،
يېتىشتۈردى قىلىپ سۆيۈملۈك.

١

سېنىڭ ئۈچۈن چەكسەممۇ جاپا،
سېنى كۈيلەپ ئېيتىمەن غەزەل.

قوي شاراپنى، ئىچەي قانغۇچە،
دوستلىرىمغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ.
چەچەكلىسۇن بۇندا ئىناقلىق،
دوستلىغىمىز دىلنى كۈلدۈرۈپ.

ئانا يۇرتۇم، تۇغۇلدۇم سەندە،
ئۆستۈم يەنە مېھرىڭنى ئىچىپ.
پەرزەنتىڭمەن، سۆيۈمەن سېنى
ۋە قوغدايمەن جېنىمدىن كېچىپ.

مېنىڭ سۆيگۈم — پەرزەنت سۆيگۈسى،
ئاق سۈتىڭدەك ئۇندا پاكلىق بار.
سېنىڭ گۈزەل خىسلەتلىرىڭدىن
ۋۇجۇدۇمدا كۈچ ۋە ئىپتىخار!

ئۇ. باسىك
ج. ئەمەت :تەرجىمىسى.

ھېچ ئۈچمىدى ئۇلار ياققان ئوت،
دۈشمەن ئاياق ئاستى قىلىنمۇ.
پەرۋاز قىلىپ كەلدى كۆك تۇتۇن
چەكسىز كۆكتە، چوققىدا مەڭگۇ!

گۈزەللەشتى بۈگۈن تېخىمۇ
بوۋىلارنىڭ بۇ قەدىم جايى.
تارىخ چاقى ئالغا ئىلگىرىلەپ،
ئالتۇن كەبى چاقناپ چىرايى.

قىشتا ئىللىق ئاپتاپقا بېقىپ،
يازدا سالقىن دالاغا قانماي؛
چارۋا-ماللار مىغىلداپ، يايراپ،
كۆز كۆنلىرى بېرەر گۆش ۋە ماي.

ئانا يۇرتۇم، باھار ماكانىم،
بايرىمىڭدۇر، تويۇڭدۇر بۈگۈن.
دولقۇن ياساپ دەۋرىم شاتلىقى
مەۋج ئۇرۇپ، سالىدۇ شاۋقۇن.

رازى ئىدىم ئاشۇ دولقۇنغا
بولسام ئەنمۇ قېتىلغان تامچە؛
رازى ئىدىم ئۇچاقلىرىدا
تىزەك بولۇپ يانسام ھەرقانچە!

سەن جەننەتكە ئوخشايسەن، يۇرتۇم،
دەريالىرىڭ سۈيىدۇر ھەسەل.

ئۆتۈپ كەتتى چوققىلاردىن ئاتلاپ،
ئاق پاختىدەك بۇلۇت توختىماي.
كۆرگىنىم يوق تېخىچە سېنىڭ
كەڭ باغرىڭدا يېشىل قارىغاي.

ھادا تاشمۇ كۆرۈپ باقمىدىم
ئۆشكە-ئوغلاق سەكرەپ يۈرگىدەك.
باغرىڭدا يوق ئوت-چۆپ، گىيامۇ،
چارۋا-ماللار يەپ سەمرىگىدەك.

بولغان بىلەن سەن قۇرۇق بىر تاغ،
سىرلىرىڭ بار تېخى يوشۇرۇن.
ئۈستى-بېشىڭ بولسىمۇ يالاڭ،
تەكتىڭدە بار بايلىقىڭ نۇرغۇن.

كەڭ زېمىننىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا
قەد كۆتەرگەن، ئەي سۆيۈملۈك تاغ.
ساڭا ھەرگىز ئوخشىمايدىغان
ئىقبالىڭ بار گۈزەل ۋە پارلاق.

ئۇ. باسىك
ج. ئەمەت : تەرجىمىسى.



دۇ. نادە 1943 - يىلى خېجىڭ ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. ھازىر بايىنغۇلىن ئوبلاستىدا چىقىدىغان «خىزمەت خەۋىرى» دە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلەيدۇ. جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.

ئۇ 1960 - يىلدىن باشلاپ، ھېكايە ۋە شېئىر ئىجادىيىتىگە كىرىشكەن ئىدى. ئۇنىڭ «بۇرۇلۇش» ناملىق ھېكايىسى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ 30 يىللىق مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى باھالاشتا مۇكاپاتقا ئېرىشتى، 1984 - يىلى «قۇياش ۋە ھاياتلىق» ناملىق شېئىرلار توپلىمى بېسىلىپ چىقتى.

## ئاقتاغ

ئۇ ياقتىن قارىسامۇ ئاپپاق،
بۇ ياقتىن قارىسامۇ ئاپپاق؛
سەن تۇرۇسەن چاقماق ئاقتېغى
كۈن نۇرىدا يالتىراپ، چاقناپ.

ئۇزاق يىللار ھەمرا بولدۇڭ، قالغىنچىم،
ھاڭ ئۆيۈمگە سەرپا بولدۇڭ، قالغىنچىم.
تۆت زىياندىش ھۆكۈم سۈرگەن كۈنلەردە
ماڭا ئوخشاش سەپرا بولدۇڭ، قالغىنچىم.

ئۆي دىگۇدەك ئۆيۈم يوقتى، قالغىنچىم،
ئاشلىغۇدەك كۈيۈم يوقتى، قالغىنچىم.
جۇت - شىۋىرغان ئۇرۇپ تۇرغان كەپەمدە
ساڭا بىرەر سۈيۈم يوقتى، قالغىنچىم.

ئۇۋاڭ ئىچرە سۆكۈت قىلىپ ياتاتتىڭ،
بەزى چاغدا مۆڭلۈق قانات قاقاتتىڭ.
كۆزلىرىمگە تەلمۈرەتتىڭ، قارايتتىڭ،
بالىلىرىڭ «دان!» دىگەندە، قالغىنچىم.

مەنمۇ ئىڭراپ ياتار ئىدىم بۇلۇڭدا،
بار بىساتىم — چولاق كەتمەن قولۇمدا،
ھەر پىشكەللىك توساق ئىدى يولۇمدا،
بالىلىرىم «نان!» دىگەندە، قالغىنچىم.

كۈلدۈم بۈگۈن، سەنمۇ كۈلدۈڭ، قالغىنچىم،
خوشاللىقنى سەنمۇ بىلدىڭ، قالغىنچىم.
قارا بۇلۇت كەتتى، يورۇپ بۇ جاھان،
كۆك سامادا پەرۋاز قىلدىڭ، قالغىنچىم.

سالدىم بۇ يىل بەش ئىغىز ئۆي ۋاسا - جۈپ،
ئەمدى چاڭگاڭ ئۆرۈلمەيدۇ قىلىپ كۈپ،



خەلىم سالىخ 1938 - يىلى 11 - ئاينىڭ 24 - كۈنى غۇلجىدا تۇغۇلغان. ھازىر شىنجاڭ ئىجتىمائى پەنلەر ئاكادېمىيىسى تىل تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ تەتقىقاتچىسى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

شائىر خەلىم سالىخنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا يازغان بىر قاتار شېئىرلىرى «تارىم»، «شىنجاڭ گېزىتى» قاتارلىق مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنىپ كەلمەكتە. ئۇ تەرجىمە قىلغان ماخمۇت تەيمۇرنىڭ «ھېكايىلار» توپلىمى، كىرىشان چاندارنىڭ «بىر قىزغا مىڭ كۆز» قاتارلىق ئەسەرلەر جامائەتچىلىكنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا ئېرىشتى.

# شېئىرلار

## قالغىنچىم

(بىر دېھقاننىڭ ئاغزىدىن)

مۇڭلىرىمغا مۇڭداش ئىدىڭ، قالغىنچىم،
دەرتلىرىمگە دەرتداش ئىدىڭ، قالغىنچىم.
ھەر بالالار ياققان چاغدا بېشىمغا
ماڭا ھامان سەپداش ئىدىڭ، قالغىنچىم.

## كەپتەر

كۆك ئاسماندا پەرۋاز قىلىپ ئۇچسەن،
چۈنكى ساڭا تەھدىت سالار لاچىن يوق.
ئازات ۋەتەن كۆكى سېنىڭ ماكانىڭ،
ئەركىن ئۇينا، ئىگىز ئۆرلە، غېمىڭ يوق.

## يەر ئانا

ئىنسانلار نىمىنى يەردىن ئالمايدۇ؟!
قۇشلارمۇ يېمىنى يەردىن ئىزلەيدۇ.
بىزلەرگە مېھرىبان ئۇلۇغ يەر ئانا،
ئۆلسەكمۇ «قېنى، كەل قوينۇمغا!» دەيدۇ.

## ئۆزگىرىش

مايمۇنلار ئۆزگىرىپ ئادەم بولغىچە،
بەش مىلىيون يىل كەتتى، بۇ بىر ھەقىقەت.
ئەپسۇسكى، ئادەمنىڭ مايمۇن بولۇشى،
بىر شىشە ھاراققۇ، ئۇنۇتما پەقەت...

## تىل ۋە جاغ

تىل دەيدۇ:
«ھەر سادا چىقىدۇ مەندىن،
كۆلۈشمۇ، يىغلاشمۇ مېنىڭسىز بولماس».

تاغارلاردا ئاشلىق تولغان لىپمۇ - لىپ،
ياشا سەنمۇ خوشال - خورام، قالغىنچىم.

ئۆي - ئىچىمگە نەزەر سالغىن، قالغىنچىم،
تۇرمۇشىمدىن لەززەت ئالغىن، قالغىنچىم.
ساڭا مەلۇم ئۆزگە يۇرتنىڭ هال - كۈنى،
بۇ يىل يەنە قىشلاپ قالغىن، قالغىنچىم.

1983 - يىل.

## ئۇرۇق

تۈلۈكۈنكى تۈپ - تۈز، ئېتىز بۈگۈن بارسام،
دۈمچەك - دۈمچەك بولۇپ قاپتۇ، بولدۇم هەيران.
يېقىن بېرىپ، دىققەت بىلەن نەزەر سالسام،
بىخ سۈرۈپتۇ ئۇرۇق يەرنى قىلىپ ۋەيران.

نەدىكى كۈچ ئۇنىڭدىكى؟! تاڭ قالدىم مەن،
يەلكىسىدىن باسقان يۈكنى سىلكىپ ئاتقان؟
ئەمەسمىدى يېقىندىلا غەمكىن بولۇپ،
ئامبار ئىچرە ئۈن - تىن قىلماي جىمجىت ياتقان؟

هايات كۈچى — ئۇنىڭدىكى ياشاش كۈچى،
شۇ ئاغدۇرغان ئۈستىدىكى ئېغىر دۆڭنى.
ئاز كۈن ئۆتمەي خوشال قىلار دېخاننى ئۇ،
چىلۋە قىلىپ، كىيىپ يېڭى سېرىق توننى...

1982 - يىل، ۋۇخەن.

## ئامانتۇر بايزاق



قىرغىز خەلقىنىڭ پېشقەدەم شائىرى ئامانتۇر بايزاق 1919 - يىلى موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىنىڭ چىگىرتى يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1983 - يىلى 29 - ماي كۈنى ۋاپات بولدى.

شائىر ئازاتلىقتىن ئىلگىرى 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋىغا قاتناشقان. مىللىي قىسىمدا مۇھىم خىزمەتلەردە بولغان ئىدى. ئۇنىڭ دەسلەپكى ئىجادىيىتى 1950 - يىللىرى باشلانغان. 81 - يىللىق مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى باھالاشتا «يىلقىچىغا سالام» شېئىرى مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ئۇنىڭ «ھاياتلىق يولى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى 1984 - يىلى نەشر قىلىندى.

# شېئىرلار

## چوغدەك قىزىل شىردىغىم

چوغدەك قىزىل ئىسسىق شىردىغىم،
سەن تارتىسەن ئوتلۇق مېھرىمنى.

جاغ دەيدۇ:
«ئالدىراپ كەتمىگىن ئانچە،
مېنىڭسىز سايراپ باق، قېنى قېرىنداش!»

## ئىككى ماقال

دەرەخنىڭ غولىدا كۆكلەپ يوپۇرماق،
باغ - باغ قىپ شاتلىقتا ئاچىدۇ قۇچاق.
شاماللار پىچىرلاپ تارتىسىمۇ چەتكە،
يوپۇرماق تۆكۈلەر تۈۋىگە يىراق...

* *

ئوغلان ئىمىپ ئانىسىنىڭ سۈتىنى،
ئۆز ئېلىدە ھىكمەت سىرىن ئاچىدۇ.
ئالتۇن يۈگەن، كۈمۈش ئىگەر دىمەستىن،
ئات ئايلىنىپ ئوقۇرىنى تاپىدۇ.

1984 - يىل.



چۈشەر ئىدى ئەمگەكچى ئانالىق،
بولغىن سادىق ئەنئەنىسىگە.
يېڭىنەڭ ئۇچى بولسۇن قۇرۇچتىن،
ئىشچانلىقنىڭ قىلسۇن تەنتەنە.

1980 - يىل، ئاپرېل.

## ئاپپاق قار

لەپ - لەپ قىلىپ چۈشكەن ئاپپاق قار،
توختاپ تۇرغىن، ساڭا گېپىم بار:
ھەممە ياقنى قاپلىغىن، تەكشى،
راھەت ئالسۇن كۆزلۈك مايسىلار.

يەر - جاھانغا تەپ - تەكشى يەتكەن
ئاق كىمخابىڭ شۇنچىلىك بەلەن؛
سۆكە① سېلىپ تال - تېرەك سەندىن،
ئۆت - چۆپمۇ ئاق رەڭگە پۈركەنگەن.

كېتىسە شەرق قىشلىق ئۇيقىغا،
كۆنگەي چۆكەر قارلار قوينىغا.
كىرت - كىرت كۆشەپ تۇرار ئاق ساغلىق
دالدا جايدىن تاپقاچقا پانا.

سەن تىنىمسىز ياغساڭ، ئاپپاق قار،
كىمخاپ كىيىپ، كېلەر گۈل باھار.

① سۆكە — قۇلاقچا سېلىنىدىغان زىننەت بۇيۇمى.

كەشتە قىلىپ تىكىلگەن گۈلگە
بېغىشلىدىم ماختاپ شېئىرىمنى.

قوچقار مۈڭگۈز، قوشقانات گۈللەر
كېلىشتۈرۈپ ئويۇلغان شۇنداق.
قورالدۇركى ئويماق ۋە قايچا،
ئۇلۇغ مېھنەت گۈلسەن شىرداق.

قىزىل، يېشىل، سېرىق، كۆك بوياق
بىر - بىرىدىن چىراي تالىشار.
يۈك يىپ بىلەن- تىككەن جىيەككە
ھەر قارىسام، كۆزۈم قامىشار.

ساڭا رەڭدار ئىسكەت كىرگۈزۈپ،
تىكەر سېنى قىزلار بارمىغى.
ئاھ، قولىغا كىرىپتۇ يىڭنە،
يوقمىدىكىن قولدا ئويمىغى؟

تەكتىڭ ئاددى كىگىز بولسىمۇ،
ئۈستۈڭ چاقنار بەرقۇتتەك كۆركەم.
شۇنچە ئىللىق، شۇنچە نەپىس سەن،
پىششىقلىغىڭ گوياكى گىلەم.

تومۇغىدەك① ئۆيۈم ئاق مېنىڭ
تۆرگە سېلىپ قويدۇم گۈل شىرداق.
كەلسە ئەگەر ئەزىز مېھمىنىم
بولار مېنىڭ كۆڭلۈم شۇنچە شات.

① تومۇغا — بۈركۈتنىڭ بېشىغا كىيگۈزۈلىدىغان تۇماق. بۇ يەردە ئاق ئۆينىڭ شەكلى تومۇغىغا ئوخشىتىلغان.

سوقچاق ئاق مۇناقا ھەيۋەت يالتىراپ،
خۇددى كالا ئەمچىكىدەك تۇرار ساڭگىلاپ.

قانداق ياخشى كۆك شاپتۇل، بال تېمىپ تۇرارە
ئۇسسۇلۇقنى قاندۇرۇپ ھوزۇر بېغىشلار.

شاخ ـ شېخىدا مەي بولغان مۇۋلەر سانسىز،
تەرىپىگە تىل يەتمەس، شۇنچە تەڭداشسىز.

غوللىرى چوڭ، بويى ئۇزۇن، تارالغان شېخى،
سانسام ھېچ تۈگىمەيدۇ ئۇنىڭ ياڭىغى.

ھەربىر تامچە تېرىدىن بال تېمىپ تۇرغان،
ئەي ھۆرمەتلىك، قەدىردان، ئەزىمەت دىخان.

رەھمەت! دەيمەن چىن دىلدىن سېنى ئالقىشلاپ،
يۈرەك سۆزۈم قالدۇردۇم ساڭا بېغىشلاپ.

1976 - يىل.

## ئاخىرقى شېئىر

جان ئانام ئاق بۆشۈكتە ئەركىلەتكەن،
ئىلىم ئېلىپ مەقسەتكە مەنمۇ يەتكەن.
قان كېچىپ ئازاتلىقنىڭ يوللىرىدا
ئىزدىم بار مۇز داۋاندا تاشلاپ كەتكەن.
تىيانشان، ئالتاي، پامىر تاشلىرىنى
مەن دەسسەپ، سەپەر قىلىپ بېسىپ ئۆتكەن.

1983 - يىل، يانۋار.

ئاق قار دېمەك ــ بەرىكەت دېمەك،
مالچى، دېخان شاتلىققا تولار.

ئېگىز ئاپپاق قار، ئۆتكۈر قېلىچلىك،
مالچىلارغا ئايان ئىچ سىرىڭ.
ئېغىل ئىللىق، چارۋا - ماللار تىنچ،
قورقىتالماس زىمىستان قىشىڭ.

1980 - يىل، دېكابىر

## خوتەندە كۈز

كۈزنىڭ ياخشى بىر كۈنى، قۇتلۇق يەكشەنبە،
چىقىپ قالدىم خوتەندىن بوزاق گۇڭشېگە.

يول بويىدا قاتار تېرەك، شۇنچە كېلىشكەن،
سايە تاشلاپ يولغا قويۇق، سۆلەت بېرىشكەن.

شاخ - شېخىدا يەل - يېمىشلەر مەي بولۇپ پىشقان،
ئالساڭ بۇنى كىنوغا بولماسمۇ ئوبدان.

كۆتىرەلمەي مېۋىسىنى شاخلار ئېگىلگەن،
غولىلىرىغا نەچچە يەردىن ئاچا تىرەلگەن.

شىرىن - شېكەر ئەنجۈرلىرى پىشىپ ئېزىلگەن،
جانغا راھەت قوغۇنلىرى، يېگى ئۈزۈلگەن.

خۇددى تىنىق ئەينەكتەك ياتار قىزىلساي،
بىدىشلەردە مۇنچاقتەك ئۈزۈملەر، ئاي - هاي!

يامغۇر يۇسا سۇ قويۇپ
ئاشۇ ئارچا بېشىغا،
كۈمۈش تەڭگە ئاساتتى،
قار - قىرولار شېخىغا.

قار بورانىدا، يامغۇردا
تۇراتتى ئۇ كۆكرەپ.
يېشىل قەيسەر بەستىنى
تاغدىن ئىگىز كۆتىرىپ.

كەلدىم ئۇزاق يىل ئۆتۈپ،
بۈگۈن ئارچا قېشىغا،
ئۇ تۇرۇپتۇ ياپ - يېشىل،
قىرو قونۇپ بېشىغا.

ئاشۇ ئارچا، ياش ئارچا،
شۇنداق مەزمۇت تۇرۇپتۇ.
ۋۇجۇدىدا گۈزەللىك
ئاجايىپ جۇش ئۇرۇپتۇ.

قاراپ ئاشۇ ئارچىغا،
نەزەر سالدىم ھاياتقا.
بىر خىل ئارزۇ ئىلكىدە
چۆكتۈم ئىرەن خىيالغا.

مەنمۇ بىر كۈن كېتەرمەن
پىشىپ چۈشكەن ئالمىدەك.
قالسا دەيمەن ئىجادىم.
ياشناپ يېشىل ئارچىدەك.

1983 - يىل، مارت، ئاتۇش.



**ئوشۇر مامبەت** 1935 - يىلى ئاقتۇ ئاھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1956 - يىلى قەشقەر دارىلمۇئەللىمىنىنى پۈتتۈرگەن. 1956 - يىلدىن باشلاپ قىرغىز تىلىدىكى گېزىت - ژورناللاردا شېئىرلىرى ئېلان قىلىنغان. ئۇنىڭ «گۈگۈشپ قىزى» شېئىرى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 30 يىللىق مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

ئۇ ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى، قىزىلسۇ گېزىتى قىرغىز تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى.

# يېشىل ئارچا

ئۇ چاغلاردا مەن تېخى
گۆدەك ئىدىم، ياش ئىدىم.
يېشىل ئارچا تۈۋىدە
ئويىنار ئىدىم ھەر قېتىم.

يامغۇر ياغسا شاقىراپ،
قار ياغاتتى بەزىدە؛
بىردەمدىلا يايلاقتا
ئۆزگىرەتتى مەنزىرە.

ئۇلۇغ جۇڭخۇا دەپ ئاتالغان نامىڭ بار،
سۆيۈملۈكسەن مېنىڭ ئەزىز ۋەتىنىم.

تۇتاشقاندۇر كۆككە ئېگىز تاغلىرىڭ،
كەڭ باغرىدا ئۇتلار يىلقا ـماللىرىم.
قەست قىلالماس كۆز ئالايتقان ياۋ ساڭا،
مۇستەھكەمسەن ئالتۇن بۆشۈك قورغىنىم.

پاقىرايدۇ كۆپكۆك ئاسمان ئۈستىڭدە،
قوينۇڭ باھار قىشمۇ ـ ياز، يوق زىمىستان.
بارچە مىللەت تەكشى گۈللەپ ياشنايدۇ
بولۇپ ئىناق سەندە مەڭگۈ تىنچ ـ ئامان.

چاقناپ تۇرغان قۇياش كەبى شەرقتىن
تۇغۇلدۇڭ سەن، ئۇلۇغ جۇڭخۇا، گۈل ماكان.
مىڭ ياشىسۇن كوممۇنىستىك پارتىيە،
ساڭا بەخت ئاتا قىلغان، ھۆر قىلغان.

1974 ـ يىل، ئاپرېل.

## شېئىرىيەت ئۇستازىغا باش ئېگىمەن

(چېڭدۇ شەھىرىدىكى دۇفۇ باغچىسىنى كۆرۈپ)

ئارىدىن مىڭ يىللار ئۆتسىمۇ،
يىلتىزىڭ ئەل بىلەن بىر تۇتاش.
نامىڭغا ياسىتىپ چوڭ باغچا
ئەسلەيدۇ ئەجرىڭنى قېرى ـ ياش.



**تۇرغانباي قىلىچبېك** 1940 - يىلى تېكەس ناھىيىسىنىڭ كۆكتېرەك يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1962 - يىلى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكولتېتىنى پۈتتۈرگەن. ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى، «شىنجاڭ قىرغىز ئەدەبىياتى» ژورنىلىنىڭ مۇھەررىرى.

شائىرنىڭ دەسلەپكى ئەسەرلىرى 1959- يىلدىن باشلاپ ئېلان قىلىنغان ئىدى. «قاشقاتاي» شېئىرى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بالىلار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى باھالاشتا 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئۇنىڭ «ئۆزەم ئۆسكەن يېزىدا» داستانى، «تاغ سۆيىنىڭ شاۋقۇنى» ناملىق پوۋېستى بار. «پەلەككە يەتكەن تاغلاردا» ناملىق ھېكايىلار توپلىمى 1982 - يىلى نەشر قىلىندى.

# شېئىرلار

## ئۇلۇغ ۋەتىنىم

بېغىشلىدىم ساڭا يۈرەك ناخشامنى،
ئېچىلغاچقا سەندە بەخت - تەلىيىم.

ئۇن قوينىدا چېقىلسا چاقماق،
ئۆلىنىڭ نۇرى شۇنچىلىك پارلار.

چاقماق كەبى ئۆتكۈر كىشىلەر
قانداقتۇر، بەك ئاز كۆرۈلدۇ.
شۇڭا ئەرك شۇڭقارلىرىنى
خەلق ئەسكە ئالىدۇ مەڭگۈ!

1983 - يىل، 8- ئىيۇن.

## يېزۇ كېلەن

جىلۋە قىلىپ يېزۇ كېلىنى
«بىزلەر دوستىمىز» دىدى، ئېگىلدى.
جىسمىم شۇندا كەتتى يالقۇنجاپ،
بۇ سۆزىدىن قەلبىم سۆيۈندى.

تال - تال قىلىپ كىرپىكلىرىنى
قارىغاندا تىكىلىپ ماڭا:
مەن ئۇيلىدىم «دوست» دىگەن سۆزنى
يەنە بىر دەپ، كۈلىسىچۇ ماڭا.

يۈرگىنىم يوق ئېزىلەپ بىر ھەمرا،
ئۆيدە قالغان گۈزىلىم مېنىڭ.
دوستلۇق كۈچىن مەدھىيىلەپ شۇڭا
شېئىر يازدىم چىن يۈرىكىمدىن.

شېئىرنىڭ يېڭىلىق ۋە ئۆتكۈر،
ھەر قۇرى چىنلىقنى ئەكس ئېتەر،
داغلانغان شۇ ھالسىز يۈرەككە
سۆزلىرىنىڭ يالقۇنلۇق دەم بېرەر.

شۇڭلاشقا ھۆرمەتلەپ ئەل - يۇرتۇڭ
نامىڭنى مەڭگۈگە يادلايدۇ.
دۇفۇدەك بىر شائىر چىققان دەپ،
ئۆزىنى پەخىرلىك ئاتايدۇ.

مىللىتىم باشقىدۇر، يۇرتۇم بىر،
ئۇستاز سەن، ساڭا باش ئېگىمەن.
مەن سېنىڭ ھەۋەسكار پەرزەنتىڭ،
قوللىساڭ مېنى دەپ تىلەيمەن.

سېنىڭدەك مەنىلىك يازسام دەپ،
جەنۇپقا يول ئالدىم سەپەرگە.
روھىڭدىن ئىلھامىم ئالسا نەپ،
ياندىشام ئەيچىڭدەك زەپەرگە.

1983 - يىل، 8 - ماي.

## ئەسلەيدۇ مەڭگۈ

(ئەلشەن شەھرىدە ۋاڭ رۇفېي ① ياشىغان ئۆينى كۆرۈپ)

شۇنچە ئېلىق ئۆمۈر قاتۇنى،
ئۆلمەيمەن دەپ كىممۇ ئېيتالار؟

① ۋاڭ رۇفېي — جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنى قۇرغۇچىلاردىن بىرى.



مەھەت ئاسان ئېرگى 1939 - يىلى تۇغۇلغان. 1958 - يىلى شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكولتېتىنى پۈتتۈرگەن.

ئۇنىڭ دەسلەپكى ئىجادىيىتى 1956- يىلى باشلانغان ئىدى. شۇندىن بۇيان ئۇنىڭ شېئىر ۋە داستانلىرى قىرغىز تىلىدىكى گېزىت- ژورناللاردا ئېلان قىلىنىپ كەلمەكتە. 81 - يىلى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى باھالاشتا «قۇلمىرزا ئاقساتقىنى» ناملىق تىراگېدىيىسى 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

ئۇ ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى بولۇپ، جۇڭگو خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ «ماناس» ئېپوسىنى نەشرگە تەييارلاش گۇرۇپپىسىدا ئىشلەيدۇ.

## غايە

غايە — ئۇ بەيگىنىڭ يىراق پەللىسى،  
ئادەم ئاڭا قاراپ چاپار تۇلپاردەك.  
ئۇنىڭ ئىشقى

قارشىڭدىن، خوشال كۈلكەڭدىن
ھوزۇمىنىڭنى بايقىدىم سېنىڭ.
«دوستلۇق» دېگەن ئاشۇ سۆزىڭدىن
مۇشۇ شېئىرىم يارالدى مېنىڭ.

جىلۋە قىلىپ يېزىۋ كېلىنى
شات ـ بەختىيار كۈلىۋەر دائىم.
نىيىتىڭدىن شېئىر ياغدۇرۇپ،
ئىزلىگەنگە بېرىۋەر دائىم.

1983 - يىل، 31 - ماي.

غايىسىزدۇر كوممۇنىزىم گۈزەل باھارى،
نۇرلىنار ئەل،
گۈللىنەر يەر.
كۆلەر ئىقبالى.
زىلزىلىگە كېلىپ تاغلار چۈشسىمۇ غۇلاپ،
ياكى دېڭىز - دەريا سۈيى كەتسە تاشقىنلاپ،
يېڭەر غايە،
ھېچ بىر كۈچ يوق
غايىدەك ئۇلۇغ!

غايە، ئۇندا ئۇلۇق ئەلنىڭ
قەھرى - ئۈنى بار؛
غايە، ئۇندا تاشقىنلىغان تارىخ كۈچى بار،
غايە، ئۇندا كېلىچەكنىڭ زور ئۈمىدى بار.
غايىلىك بول،
ھېچ بىر كۈچ يوق
غايىدەك ئۇلۇغ.

غايە كۈچى گۇمران قىلغان زۇلمەت تەختىنى،
غايە كۈچى ئاچقان قارا قۇللار بەختىنى.
غايە كۈچى يۈكسەلدۈرگەن ئىنسان قەدرىنى.
غايىلىك بول،
ھېچ بىر كۈچ يوق
غايىدەك ئۇلۇغ:

غايە بىلەن ئىلىم - پەننىڭ سىرى ئېچىلغان؛
غايە بىلەن ئاتوملارمۇ ئىزلەپ تېپىلغان؛

بىرەر ساڭا چەكسىز كۈچ - غەيرەت.
بىراق ئاڭا قان - تەر تۆكمەي يەتمىگىڭ قىيىن،
قولىغا كەلمەس باش بەيگە ھېچ
چەكمەي مۇشەققەت.
غايىلىك بول،
ھېچ بىر كۈچ يوق
غايىدەك ئۇلۇغ!

غايە گويا پارلاق ئاپتاپ،
باھار كۈنىدەك؛
كۆلەر ئۇنىڭ نۇرلىرىدا ئارزۇ ۋە ئىستەك
باھار گۈلىدەك.
ياشاي دىسەڭ جەۋلان قىلىپ مەڭگۈ قۇياشتەك،
غايىلىك بول،
ھېچ بىر كۈچ يوق
غايىدەك ئۇلۇغ!

غايىلىك ئادەم
ھەپىرىدە نىشانىدىن ئازمايدۇ ھەرگىز،
ئالدىنىپ ئۇ
مەنسەپكە، پۇلغا، ئابرويغا
ۋىجدانىنى — قەلبىنى ساتمايدۇ ھەرگىز.
مەيلى چاپسۇن بويىنىنى ئۆتكۈر قىلىچتا
ئۆز يولىدا ئۆلۈمدىنمۇ قايتمايدۇ ھەرگىز.
غايىلىك بول،
ھېچ بىر كۈچ يوق
غايىدەك ئۇلۇغ!

**ئاسانباي ماتىلى**



1936 - يىلى ئاتۇشنىڭ قارجول يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1957 - يىلى شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن. ئۇ 1956 - يىلدىن باشلاپ شېئىرىيەت ساھەسىگە كىرگەن، 1983 - يىلى «دېڭىزدا قالدى يۈرىكىم» ناملىق داستانى ئېلان قىلىندى، شېئىرلىرى قىرغىز تىلىدىكى گېزىت - ژۇرناللاردا داۋاملىق بېسىلىپ كەلمەكتە. 83 - يىللىق مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى باھالاشتا «ئۇلۇغ جۇڭگو» شېئىرى 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

ئۇ ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى بولۇپ، جۇڭگو خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىدە ئىشلەيدۇ.

# ئۆمۈر تاخشىلىرى

## ياشلىغىم

سوقۇپ پولاتتىن قورغان
تۇسسام، تۇرماس ياشلىغىم؛

غايه بىلەن يەر يۈلدۈزى ئايغا ئېتىلغان.
غايىلىك بول،
هېچ بىر كۈچ يوق
غايىدەك ئۇلۇغ!

بىزنىڭ غايە
ئالتۇن تاڭدەك كۈلەر هەر زامان،
بىزنىڭ غايە
يېڭىش بىلەن تاپار شەرەپ - شان،
زامانلاشقان ئۇلۇق جۇڭخۇا قىلىندۇ جەۋلان.
غايىلىك بول،
هېچ بىر كۈچ يوق
غايىدەك ئۇلۇغ!

كۆك ئاسمانغا كۆتىرىلگەن ھورمۇ سەن،
يا تۈگۈلگەن ئالقاندىكى سىماپمۇ؟
ياكى يېنىك شامال تەگسە لەپىلدەپ،
مەزگىلسىزلا ئۆچۈپ كەتكەن چىراقمۇ؟

تاتلىقلىغىڭ شىكەرمىدۇر، بالمىدۇر؟
ياكى مېغىز قوشقان ئىسسىل ياغمىدۇر؟
تەڭلەشتۈرەي قىممىتىڭنى نىمىگە،
مىنۇتىڭغا مىڭ سوم بەرسەم ئازمىدۇر؟

بىر كارۋانسەن، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە —
يولدىن ئۆتۈپ كەتكەن، ئىزى كۆمۈلگەن.
يوپۇرماقسەن باھار كۈنى بىخ يېرىپ،
كۈز كەلگەندە غازاڭ بولۇپ تۆكۈلگەن.

سىنىڭ مېھرىڭ شۇنچە ئىسسىق، ئوت گويا،
قايسى يۈرەك چىدار سەندىن يىراقلاپ؟
ئويلىغاندا سىنىڭ قەدىر - قىممىتىڭ
خىيال قۇشۇم كەتتى بىردىن ئۇزاقلاپ.

1984 - يىل.

## سېلىشتۇرما

بوز ساغلىقنى بايلىق دەيدۇ،
ئۆمۈرچىلىك ئەمەستۇ.
ئاققان سۇنى ھەيۋەت دەيدۇ

قۇيرۇق ماي ۋە ئىلىكتە
باقسام، تۇرماس ياشلىغىم؛
ئاق يوتقاندا توشقاندەك
ياتسام، تۇرماس ياشلىغىم؛
قارشىلىشىپ ئوق بىلەن
ئاتسام، تۇرماس ياشلىغىم.
كۆز ياشلىرىم دەريا بولۇپ
ئاقسا، تۇرماس ياشلىغىم.
ياساپ يىپەك ئاغامچا،
باغلاپ بولماس ياشلىغىم.
قانچە قىلسام توسۇشقا
توختاپ تۇرماس ياشلىغىم.

شۇڭا بولۇپ بىر بۈركۈت،
كۆكتە قانات قاقسام مەن؛
ياساپ قىيان ئىلھامدىن
دەريا بولۇپ ئاقسام مەن؛
داۋان ياساپ ئەجرىمدىن
ئۇنى توسۇپ قالسام مەن.

## ئۆمۈر

بىر قارىسام، قىزىپ پۈتمەس بىر كانسەن،
بىر قارىسام، سوقۇپ ئۆتكەن شامالسەن.
ئۆتۈپ كەتسە تىنىق ۋاقتىڭ بىكارغا،
شەرەت قىلىپ چاقىرغانغا كېلەمسەن؟

شۋە شائىرى گوجىنەن 1922 - يىلى 12 - ئايدا چاپچالدا تۇغۇلغان. 1940 - يىلى ماۋدۇن ئەپەندى رىياسەتچىلىكىدە ئېچىلغان شىنجاڭ مەدەنىيەت كادىرلىرى مەكتىۋىدە ئوقۇغان. ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى ئەنە شۇ يىللاردا باشلانغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئىچىدە «دالىدا»، «چاپچال» قاتارلىق درامىلىرى، «مېيىخوا گۈلى ئېچىلدى»، «ياش تۆكۈپ ئۇستازنى ئەسلەش» ناملىق نەسرىي ئەسەرلىرى



مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. 1983 - يىلى شائىرنىڭ شىۋە يېزىقىدىكى «يۈرەك ساداسى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى، خەنزۇ يېزىقىدىكى «ئۈيسۈن تېغى ئېتىكىدىكى ناخشا» ناملىق شېئىرلار توپلىمى ۋە شىۋە يېزىقىدا، «جۇڭغارنىڭ يېڭى قىياپىتى» ناملىق نەسرىي ئەسەرلەر توپلىمى نەشر قىلىندى.

گوجىنەن ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

## تۇيۇقتا زىيارەت

مەن بۇ يەرگە كەلمىدىم مازار تاۋاپ قىلغىلى،
يەتتە ئەۋلىيا ھەققىدە ئاڭلىساممۇ ھېكايەت.

كۆكۈلچىلىك ئەمەستۇ.
بال - شېرىنىنى تاتلىق دەيدۇ
مۇھەببەتتەك ئەمەستۇ،
ئالماسنى بەك قاتتىق دەيدۇ،
ئىرادىدەك ئەمەستۇ.
ئالتۇننى بەك قىممەت دەيدۇ،
ئەمگەكچىلىك ئەمەستۇ.
بۇلاقلارنى قاينام دەيدۇ
ئىلھامچىلىك ئەمەستۇ.
ئۇپرىمايدۇ تۆمۈر دەيدۇ
غەيرەتچىلىك ئەمەستۇ.

قىرغىز شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىنى
جاپپار ئەمەت تەرجىمە قىلغان.

بىر چاغلاردا بار ئىدى بۇندا مەشھۇر «بورانلىق»،
قۇم ـ شېغىلنى دۈۋىلەپ يەتكۈزگەن كۆپ تالاپەت.
مەھرۇم قىلغان تالاينى ياشاش ئەركى، بەختىدىن،
دەقىيانۇس تىرىنغى قانغا سېزىنىڭ قاباھەت.

ھوقۇق بەردى خەلققە قەدىردانىم گۇڭچەنداڭ،
دەقىيانۇس قامچىسى سالالمايدۇ جاراھەت.
خەلق بىلدى بورانلىق، قۇملۇقلارنى يېڭىشنى،
يارالدى بۇ زېمىندە كۆپ مۆجىزە كارامەت.

يېشىل بوستان كۆكىدە پەرۋاز قىلار قالغاچلار،
دەيدۇ: ئاڭلا خۇش خەۋەر، مول ھوسۇلدىن، جامائەت.
يەتتە قىزلار چىرقىسى تىكىلىدۇ ھۆسنۈڭگە،
تاڭ نۇرىدا يۇيۇنۇپ تاپقىن، تۇيۇق، كامالەت!

1983 ـ يىل، 7 ـ ئاي.

ئۇسمانجان ساۋۇت تەرجىمىسى.

كۆرمەك ئىستەپ كەلدىم مەن يالقۇنتاغنىڭ باغرىدا
تۈيۈقلۇقلار ياراتقان دۇر - زۇمرەتنى، نىهايەت.

ئەنە قارا، زىلال سۇ تەپچىپ چىقار جىلغىدىن،
بەخش ئېتىپ قىرغاقتا مۇنبەت يەرگە كۈچ - قۇۋۋەت.
يېڭى دەۋر دېغىنى توقار جانىنىڭ رىشتىدىن
يىپەك يولى كەنتىگە رەڭدار كەشتە - قىياپەت.

رەتلىك، قاتار ياپ - يېشىل سەپتىن قالسۇن قايسىسى؟
ئېگىزلىققا يېنىشلاپ تەرگەن كۆزگى زىرائەت.
كۆەزلەرنىڭ شېخىدا شاپتۇلسىمان غوزەكلەر،
كۈمۈش دېگىز — توپ - توپ ئاق بۇلۇتلاردىن بىشارەت.

قوغۇنلۇققا باشلىدى مېنى هەسەل هەرىلەر،
بۇ يەردىكى هەممە جاي قوغۇنلاردىن ئىبارەت.
دىماقلارنى ياردىۇ قويۇق شېرىن پۇراقلار،
يىسەڭ ئەگەر تەمىدىن ناۋات بولار خىجالەت.

دۇتار - تەمبۇر ساداسى — يېڭى هايات ناۋاسى،
سادا چىققان تەرەپتە قاتار - قاتار ئىمارەت.
مەيلى قايسى خانىگە قەدەم تەشرىپ قىلسىڭىز،
ئالدىڭىزدا تەيياردۇر نازۇ - نېمەت - زىياپەت.

قاپتاللاردا سوزۇلۇپ يېشىل شۇئىلار مىنگەشكەن،
غۇژمەكلەشكەن ئۈزۈمەلەر،
رەڭدار سۈزۈك ئالامەت.
تېتىماستىن تاتلىغى بىلىنىدۇ يۈرەككە،
بۇ يەر ئۈچۈن مىسرلىق چەككەن هەسرەت - نادامەت.

يۈگرەيدۇ يىلقىلار،
يانار گۈلخانىلار،
مالچىلار ناخشىسى تۇرۇدۇ ياڭراپ.

ئانامنىڭ قولىدا يەلپۈنسە ياغلىق،
تۇيۇلار كۆك ئاسمان دولقۇنلىغاندەك؛
قەلبىمدە جۇش ئۇرۇپ قاينار ھاياجان،
ھىسسىيات ئوتلىرىم يالقۇنلىغاندەك.

ئاقىدۇ ئاسماندا كۆكۈش بۇلۇتلار،
ئاقىدۇ كۆكۈشرەك تاغلارغا قاراپ.
سىلكىنگەن چېغىدا ئانام ياغلىقنى،
كېتىدۇ بۇلۇتتا، تاغلارغا ئوخشاپ.

گەر ئىگىز كۆتەرسە ياغلىقنى ئانام،
تۇيۇلار بەئەينى كۆپ-كۆك ئاسماندەك؛
شۇ كۆپ-كۆك ئاسماندا ئۈزۈپ تولۇنئاي،
ئۇنىڭغا ئەگىشىپ قۇياش چىققاندەك.

ئانام بۇ كۆك رەڭلىك قولياغلىقنى
ئەتىۋالاپ تۇتاتتى بەك ياخشى كۆرۈپ.
ۋە لېكىن قانداقتۇ بىر كۈن ئاخشىمى
تۇيۇقسىز ياغلىقنى قويدى يىرتىپ،
قاغىدى شۇ كەچتە چىققان بورانىنى،
يىغلىدى ئەلەمدە ئۇزاق ياش تۆكۈپ.

ئاتامدۇ بۇ ئىشقا بولدى بەك خاپا،
دەرىزە تۈۋىگە يېقىنلاپ باردى.



**ئەن خۇڭيى** 1962 - يىلى چاپچال ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1979 - يىلى دارىلمۇئەللىمىن مەكتىۋىنى پۈتتۈرگەن. ئۇ ئەدەبىيات سېپىگە شۇ يىللاردا قەدەم قويغان ئىدى. ھازىرغا قەدەر ئۇنىڭ 30 پارچىدىن كۆپرەك شېئىر ۋە ھېكايىلىرى ئېلان قىلىندى. ئۇ ھازىر شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا ئىشلەيدۇ.

# يايلاقتا مۇھەببەت

## يايلاق مېنىڭ قەلبىمدە

مانا كۆز ئالدىمدا ياپ - يېشىل يايلاق،
ئۇ گويا ئاسماندەك چەكسىز - بىپايان.
ئانامنىڭ كەشتىلىك كۆك ياغلىقىدەك،
رەڭمۇ - رەڭ تاۋلىنىپ چاقنايدۇ ھامان.
گۈل - گىيا شامالدا چۈشەر ئۇسۇلغا،
خۇشئاۋاز بۇلبۇللار تىنمايدۇ سايراپ.

# يايلاق مەنزىرىسى

1

يايلاقتا تىكىلگەن بۇ كىگىز ئۆيىنى
تەۋرىتىپ تۇرۇدۇ يامغۇر ھەم شامال.
گويا كى ياتقاندەك بۆشۈكتە بۇ دەم
مالچىلار ئۇخلايدۇ ئۆيدە بىمالال.

مايسىلار سىلايدۇ بۇ كىگىز ئۆينى،
كۆتىرىپ ئۆزىنىڭ نازۇك قولىنى؛
ھە ئۇلار تۇتماقچى بولۇدۇ ھازىر،
بۇندىكى مالچىنىڭ شىرىن چۈشىنى.

2

بىردىنلا قاراسلاپ چېقىلدى چاقماق،
شۇ ھامان شاقىراپ يامغۇر قۇيۇلدى.
ئادەملەر ياپ - يېشىل تاغلار ئىچىدە،
يامغۇردا ياپ - يېشىل تاغلار يۇيۇندى.

ئادەملەر تامامەن تاتلىق ئۇيقۇدا،
بېغىشلار تەبىئەت ھەر دىلغا راھەت.
بۇ يەردە ياپ - يېشىل تاغنى قاپلىغان
توپ - توپ ئاق بۇلۇتلار ئويغاقتۇر پەقەت.

رەخىم قاسىم تەرجىمىسى.

ئۈن ـ تىنسىز قارىدى يىراق ياقىلارغا،
ئەڭ يىراق ياقىلارغا خىيالچان باقتى...
تۇيۇقسىز سۆزلىدى ھاياجان بىلەن،
چاقنىدى شاتلىقتا ئۇنىڭ جۇپ كۆزى.
دېدى ئۇ: «يېيىغلىق تۇرمامدۇ ئەنە،
دەرىزە سىرتىدا ياغلىقنىڭ ئۆزى...»

## تۇلپارغا باغلىغان ئاغامچا

قۇياشقا ئۇلانغان ئۇنىڭ بىر ئۇچى،
تۇرۇدۇ بىر ئۇچى ئايغا ئۇلىنىپ؛
يېنىك بىر تەۋرەنسە ئاشۇ ئاغامچا،
تارايدۇ ھەريانغا ئالتۇن شولىلار،
ئۇ گويا شەپەقتەك تۇرار نۇرلىنىپ.

ناخشىغا تۇتاشقان ئۇنىڭ بىر ئۇچى،
بىر ئۇچى گۈلخانغا تۇرار تۇتىشىپ.
يېنىك بىر سىلكىنسە ئاشۇ ئاغامچا،
كېيىنەك ئۇچىدۇ ناخشىلار ئارا،
بۇلبۇللار سايرايدۇ خەندان ئۇرۇشۇپ.

تۇلپارغا باغلانغان ئۇنىڭ بىر ئۇچى،
بىر ئۇچى باغلىنىپ تۇرار يايلاقتا.
مۇبادا يېشىلسە ئاشۇ ئاغامچا،
كەڭ يايلاق دولقۇنلاپ تولار شاتلىققا،
ئۇچۇدۇ تۇلپار ئات يىراق ـ يىراقتا...

ۋەتەنگە پاسۋان قەيسەر قاراۋۇل
بولۇشچۇن مەندە بار ئىرادە ـ غەيرەت.

لېۋىمگە چىلىڭ تىرەپ سۆگەك نېيىمنى،
قىش ۋە ياز ياڭرىتىپ شاتلىق كۈيۈمنى،
باقىمەن شات ـ خۇرام يايلاقتا مالنى،
ئەل ئۈچۈن بېغىشلاپ بارۇ ـ يوقۇمنى.

1979 ـ يىل، ئۆكتەبىر.

## بەختىيارمەن

بەختىيارمەن، بەخت قۇشى قونغان بېشىمغا،
بۇلبۇللارنىڭ ئۈنى تەڭكەش خوشال سازىمغا.
ياڭرىماقتا ۋەتىنىمدە ھەر ياندا كۈلكە،
زەپ ياراشقان توي لىباسى باھار ـ يازىمغا.

تاغ ئوغلىمەن، تاغدا ياشاپ، تاغقا تەلپۈنگەن،
تاغقا ئاشىق لاچىن كەبى شوخ — ئەركىن ئۆسكەن.
جۇڭخۇا ئېلىم قۇچىغىدا يېتىلدىم ئۈسۈپ،
قاناتلىقمەن، گويا بېشىم پەلەككە يەتكەن.

ناخشا ئېيتسام، ئۇرغۇپ چىقار قەلبىم ساداسى،
بەخت بىلەن تولغان ئۇنىڭ ھەربىر مىسراسى.
بۈگۈن تويدا سايرىمسام، قاچان سايرايمەن؟
تۆشمۇ ـ تۆشتە ياڭراۋاتسا غەلبە ساداسى.

1980 ـ يىل، فېۋرال.



**مۇنى تابىلدى** 1950 - يىلى تاشقورغان ناھىيىسىدە تاجىك ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1974 - يىلى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن.

شائىر ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدىلا ئەدەبىي ئىجادىيەتكە ھەۋەس باغلىغان ئىدى. شۇندىن بېرى 40 پارچىغا يېقىن شېئىرلىرى ئۇيغۇر تىلىدىكى گېزىت - ژورناللاردا ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭ «پامىر شاتلىقى» شېئىرى مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى باھالاشتا مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئۇ ھازىر تاشقورغان ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدە ئىشلەيدۇ.

# پامىر شاتلىقى

## پادىچى ناخشىسى

يېتىلدىم سائادەت باغچىسىدا مەن،
(ھەيۋەتلىك پامىرنىڭ گۈلزار قوينىدا.)
شۇدىرغان سوقسىمۇ، ئوتلۇق يۈرىكىم
گۈلخاندەك ياندۇ ۋەتەن ئىشقىدا.

قەلبىمنىڭ يالقۇنى ئۆچمەيدۇ ئەبەت،
تۇرۇمەن چوققىدا قارىغاي سۈپەت.

تاغ تېشى بەستىم، ئۇنىڭ كىيالىرى گۈلتاج ماڭا،
تاغ دىسە بۇلبۇل سۆپەت قەھ-قەھ ئۇرۇپ نازىشمەن①.

## يايلىغىم

«مۇز تاغ ئاتا» نىڭ باغرىدا زەپمۇ ياراشقان يايلىغىم،
يايلىغىمنىڭ ھەر گىياسى لەئلى-مارجان بايلىغىم.
يايلىغىمنىڭ جارچىسىدەن، بايلىغىمنىڭ كۆيچىسى،
ئىشقىدىن دولقۇن ياسايدۇ دىلدا تاشقان شاتلىغىم.

مايسا بوپ يايلاقتا ئۈسمەك ئارزۇ-ئارمان تىلىگىم،
بەرگى گۈل ياپراقلىرى ھەر يانغا يايغان قانىتىم.
كاشكى مەن بىر گۈل بولۇپ يايلاقتا چاچسام خۇش پۇراق،
بولسىكەن ئۈچمەس يورۇق چاچقۇچى گۈلخان ياشلىغىم.

1980-يىل، ماي، تاشقورغان.

① نازىش — تەنتەنە مەنىسىدە.

# تاغ مۇھەببىتى

تاغ ئىگىز — ئاسمان پەلەك، كۆك قەرىگە سىنان① گويا،
مەن شۇ تاغنىڭ باغرىدا ئات چاپتۇرۇپ بارماقتىمەن.
تاغ يولى ئەتراپى گۈلزار خۇددى ئەتلەس-شايىدەك،
مەن بۇ گۈلشەن ئىشقىدا شەيدايىمەن، مەستانىمەن.

تولغىنىپ ئىلان كەبى ئاقماقتا تاغ-قار سۇلىرى،
قاندۇرۇپ تەشنالىغىمنى، شاتلىنىپ بارماقتىمەن.
ئېتىگى بەكمۇ گۈزەل گوياكى توز يايغان قانات،
تېخىمۇ ھەيۋەت كۆرۈندى سەيلى قىپ ماڭغاندا مەن.

تاغ گۈزەل، يايلاق گۈزەل، يايلاقتا ئۆسكەن ئەل گۈزەل،
شۇ گۈزەللىك ھۆسنىگە ئاشىقى پەرۋانىمەن.
مايسىلارنى تەۋرىتەر سالقىن شامال قىز زۇلپىدەك،
دىلدا ئىلھام تۇرسا قايناپ، ئۇنى مەن يازمامدىمەن!

تاغدىكى تاشقا قاراپ، دىمەڭ مېنى تاشچى يىگىت،
تاش ئەمەس، ئۇ بايلىغىم، شول تاش بىلەن ھەمدەمدىمەن.
تاغۇ-تاشلارنى سۆيۈش سۆيگەن ئېلىمنىڭ ھۆرمىتى،
تاش ئەزىز چۈشكەن يېرىدە، قەدرىنى بىلمەمدىمەن.

تاغ بىلەن تاپتىم كامال، قەددىم مېنىڭ تاغدىن ئىگىز،
گەر گۆھەر تاج تاقسامۇ، پادىچى تاغ ئوغلىمەن.

---

① سىنان — نەيزە.

يېگىچە شوخ پەدىلەرنى چالسىز كۈچكە تولۇپ.
قىلدى جەۋلان، خۇش تەبەسسۇم ئەيلىدى ياسىر تېغى،
خۇش پۇراق مەرۋى گۈلىگە تولدى قىر ۋە يايلىغى.
يايلىغىدا يايلىماقتا قوزىچاق ھەم تايلىغى،
چارۋىچىنىڭ كەپىسىدە كۆپ بۈگۈن سۈت-قايمىغى.
ۋەدىسىز شۇ: تاغ ئېشىپ، دەريا كېچىپ زەپەر قۇچۇش،
ئالغا ئۆرلەش يولىدا پەرۋاز قىلىپ ئىگىز ئۇچۇش.

1981 - يىل، يانۋار، قەشقەر.

## سېغىنچى قىز

يۇرت ئىچىدە ئۆزەڭ بىرلا سېغىنچى قىز،
كۆيۈنۈسەن ئەل ئىشىغا پەرۋانىدەك.
سېنى سۆيەر تالاي يىگىت بەيگە چېپىپ،
جان تەسەددۇق پەرھات كەبى مەردانىدەك.

سەن قىرلاردا چاڭ كەلتۈرۈپ ناخشا ئېيتساڭ،
شوخ يىگىتلەر نەي چالىدۇ ھاياجاندا.
غەيرىتىڭدىن ئىلھام ئېلىپ، بەس-بەس بىلەن
ئۆستەڭ چېپىپ سۇ باشلايدۇ باياۋاندا.

سېغىنچى قىز ئىشىڭ گۈزەل، قەلبىڭ گۈزەل،
سېنىڭ ئەلگە يەتكۈزگىنىڭ ھەسەل شاراپ.
ھاياتنى ئۆتكۈزۈشچۈن سېنىڭ بىلەن
يىگىتلەرنىڭ يۈرەكلىرى ئاتەش-كاۋاپ.

بەختى كۈلگەي سېنىڭ بىلەن بىرگە بولسا،
تەشنا يۈرەك يىگىتلەرنىڭ قايسى بىرى.

5



ئاتىكە زەمىر 1943 - يىلى قەشقەر شەھرىدە تاجىك ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. و 1959 - يىلى شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىنىڭ سەنئەت فاكولتېتىدا ئوقۇغان. ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ۋاقتى 1962 - يىلى بولۇپ، شۇندىن ئېتىۋارەن 4 پارچە ھېكايىسى، بىرمۇنچە شېئىر، ئەدەبىي ئوبزورلىرى گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان. ئۇ تاجىك شائىرلىرىنىڭ «خۇش ئامەدى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى نەشرگە تەييارلىغان.

ئاتىكە زەمىر ھازىر قەشقەر ۋىلايەتلىك ئاممىۋى مەدەنىيەت سارىيىدا ئىشلەيدۇ.

# شېئىرلار

## خۇش ئامەدى ①

مەرھابا ئەي يېڭى يىل، خۇش ئامەدى بىزگە بۆگۈن،
غەلىبىگە ئۈندەپ، يېڭى ئىلھام ئېلىپ كەلدىڭ بۆگۈن.
يېڭى ئىستەك ياندى بىزدە، كۆلدى دىللار شات بولۇپ،

① خۇش ئامەدى — خۇش كېلىپسىز.



**شېرىن قۇربان** 1951-يىلى تاشقورغان ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1982-يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل فاكولتېتىنى پۈتتۈرگەن. ھازىر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

ئۇ 1980-يىلدىن باشلاپ شېئىر ئىجادىيىتى ۋە تىل-ئەدەبىيات تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتىدۇ.

# سەرىكوي

قوينى كەڭرى، باغرى ئىللىق لالىزارىم سەرىكوي①،
كۆھى گۈلشەن، تەكتى گۆھەر، سەيلىگاھىم سەرىكوي،
ئابى شېرىن، يارقىن ھاۋا، ئارامگاھىم سەرىكوي،
پەرۋاز ئەيلە بۈركۈت كەبى، زىندىگاھىم سەرىكوي.

چېھرىڭدىن چاقناپ تۇرار بەخت-سائادەت نۇرلىرى،
ياشىنىماقتا بەھۇزۇر قوينۇڭدا جەننەت ھۆرلىرى،

① سەرىكوي — تاشقورغان رايونىنىڭ ئەنئەنىۋى نامى.

ئىشچانلاردىن تاللا بىرنى جۈرە قىلىپ،
ساداقەتلىك مۇھەببەتنىڭ بولار قەدرى.

1976 - يىل.

## گۈلدەستە تىزدىم

باھار شاملى ئەركىلەتكەندەك،
يەلپۈپ ئۆتتى ئۇ سىكىلەكلەرنى.
خۇش پۇراق چېچىپ زەڭمۇ - رەڭ گۈللەر،
قارشى ئالار شوخ كېپىنەكلەرنى.

يىلنىڭ ئەركىسى — گۈل پەسلى باھار،
كەلدىڭ رەڭگا - رەڭ گۈلدەستە تىزىپ.
كەلدىڭ دالىنى كۆركەم بىزەكلەپ،
يېشىل مەخمەلدىن پاياندار سىلىپ.

شۇ گۈللەر ئارا سەيرى ئېتىپ مەنمۇ
ھايات بېغىمغا گۈللەرنى تېردىم.
بېغىشلاپ ئىشقىم يېڭى ھاياتقا،
گۈللەرگە ئوراپ مېھرىمنى بەردىم.

1980 - يىل، ماي، قەشقەر.



پىشقەدەم ئۆزبېك شائىرى نەسرۇللا قارى نىغمەتۇللا ئوغلى (پەرھەتى) 1906 - يىلى تۆمۈرچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ياش چېغىدا دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ كىلاسسىك ئەدەبىيات بىلەن تونۇشقان، ئەرەپ. پارس تىللىرىنى ئۆگەنگەن.

شائىرنىڭ دەسلەپكى ئەسەرلىرى 1934 - يىلدىن باشلاپ «توقماق» تەخەللۇسى بىلەن ئېلان قىلىنغان. ئۇنىڭ «هاراقخورنىڭ ھەسرىتى» قاتارلىق ھەجۋى شېئىرلىرى، «ئاناجان»، «ياخشى» قاتارلىق ناخشا تېكىستلىرى ئامما ئىچىگە كەڭ تارقالغان. ئۇ ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.

## ئاپىرىن

غەيرىتىڭگە، ئىشچى - دېھقان، ئاپىرىن،
بولدى چۆللەر باغۇ - بوستان، ئاپىرىن،
جانلىنىپ فابرىكا ۋە كان، ئاپىرىن،
بەختىيار تۇرمۇش، پاراۋان ئاپىرىن،
كۆلدى خەلقىم شادۇ - خەندان، ئاپىرىن.

ياغرىماقتا گۈل ـ چىمەن، باغلاردا شاتلىق كۈيلىرى،
سەن ئانامسەن مېھرىبان، پۇشتى پاناھىم سەرىكوي.

سەن ئەزەلدىن بىر گۈزەل يۇرت، ئەلگە مەشھۇر تەرىپىڭ،
تىلدا داستان بولغۇدەك تارىختا بار شان ـ شەرىپىڭ،
ھاپىزى شىرازىنىڭ ① كۈي، نەغمىسىدە بار ئىتىڭ،
تۇپرىقىڭ كۆزۈمگە سۈرمە، تۇتىيايىم سەرىكوي.

ياپلىقىڭ مەخمەل گوياكى تاغلىرىڭدۇر خۇش ھاۋا،
تەۋسىڭنى كۈيلەبان ئەيلەيدۇ بۇلبۇل خۇش ناۋا،
قانچە قۇلچاق ②سەن ئۈچۈن قىلغان ئەزىز جانىنى پىدا،
سەن مېنىڭ گۈلزار دىيارىم پاناگاھىم سەرىكوي.

نۇج ③ سەرىكوي قۇرغىلى مەنزىلگە ئات سالدۇق بۈگۈن،
مىنىپ تۇلپار ئارغىماق سەپەرگە يول ئالدۇق بۈگۈن،
غەلىبە ــ زەپەر شەنىگە شادىيانىنى چالدۇق بۈگۈن،
ياشنىغىن گۈللەپ يەنە، ئانا ماكانىم سەرىكوي.

1984 - يىل، ئۈرۈمچى.

① ھاپىز شىرازى ــ تاجىك خەلقىنىڭ مەشھۇر كىلاسسىك شائىرى.
② قۇلچاق ــ تاجىك خەلقىنىڭ ئاتاقلىق مىللى قەھرىمانى.
③ نۇج ــ تاجىكچە يېڭى دېگەن مەنىدە.



**نۇر مۇھەممەت ئېركى** 1927- يىلى قەشقەردە ئۆزبېك ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1983-يىلى 16- ئاپرېل كۈنى ۋاپات بولدى. ئۇ ۋاپات بولۇش ئالدىدا قەشقەر گېزىتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە ئەدەبىي ئەسەرلەر مۇھەررىرى ئىدى.

شائىر 1944- يىلى ئىجادىيەت سېپىگە كىرگەن. ئازاتلىقتىن ئىلگىرى قەشقەر گېزىتىدە «ياشاش ئۈچۈن كۈرەش» قاتارلىق نۇرغۇن شېئىرلارنى يېزىپ، خەلقىمىزنىڭ يۈرەك ساداسىنى ئىپادىلىگەن ئىدى. ئۇنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرى 1983-يىلى نەشر قىلىنغان «بۇلبۇل ۋە باھار» ناملىق توپلىمى ئارقىلىق كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى. ئۇ يەنە ھايات ۋاقتىدا پارس شائىرى ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، نەشر قىلدۇردى. «قۇياشتىن زەررە»، «مۇھەببەت لىرىكىلىرى» قاتارلىق شېئىر توپلاملىرىنى نەشرگە تەييارلاپ بىرگە قالدۇرۇپ كەتتى.

# غەزەللەر

## بۇلبۇل

نەۋ باھار بولدى، ئېچىلدى بۇ ۋەتەندە گۈل يەنە،
سايرىماقتا گۈل ئۈچۈن شەيدا بولۇپ بۇلبۇل يەنە.

كۆرسىتىپ كومپارتىيە ئازادە يول،
ھەممە ئىشتا قولغا كەلدى مول - ھوسۇل،
توغرا بولغاچ يېڭى رەھبەرلىك ئۇسۇل،
چوڭ زەپەرگە تاپتۇق ئىمكان، ئاپىرىن،
يۇرتىمىز گۈللەندى ئوبدان، ئاپىرىن.

ھۆر ۋەتەنگە چىن ۋاپادارلىق بىلەن،
تەر تۆكۈپ نۇرغۇن پىداكارلىق بىلەن،
ئىشلىدىڭ غەيرەتتە ئىلغارلىق بىلەن،
قويمىدىڭ دىللاردا ئارمان، ئاپىرىن،
ھەممە ياق ئاۋات، گۈلىستان، ئاپىرىن.

بىرلىشىپ جۇڭخۇا ئېلى بىر جانۇ - تەن،
يۈكسىلىپ ئىلمۇ - ھۈنەر، تېخنىكا، پەن،
گۈلگە تولدى نۇرلىنىپ ئانا ۋەتەن،
تاپتى چەكسىز زور شەرەپ - شان، ئاپىرىن،
مەرت - باھادىر بارچە ئىنسان، ئاپىرىن.

قالمىدى بىچارە ئۇ مىسكىنلىكىم،
نەچچە خىل كۈلپەت ئارا غەمكىنلىكىم،
قولغا كەلدى تەڭ ھوقۇق، ئەركىنلىكىم،
راھەت ئىچىدە يايرىدى جان، ئاپىرىن،
كەلدى بىزگە كەڭرى ئىمكان، ئاپىرىن.

باشىمىزغا نۇر چېچىپ بولقا - ئوغاق،
يېڭى جۇڭگودا ياشايمىز ئىتتىپاق،
بارچە مىللەت بىرلىشىپ مەڭگۈ - ئىناق،
بولۇمىز دوست ۋە قەدىردان، ئاپىرىن،
بىزگە ئېيتۇر يەرۇ - ئاسمان، ئاپىرىن.

1980 - يىلى، سېنتەبىر

# يەن دەيمەن يەنە

كىم جاھاننى قىلدى بۇنداق...؟ دىسە، يەن دەيمەن يەنە،
ھەممىدىن كىم يەنگە ئامىراق؟ دىسە، «مەن»دەيمەن يەنە.

قايسىبىر دۆلەت قالاق، تەكشۈر ئۇنى ئۇ يەنگە سۇس،
قايسى ئەل يەنگە قىزىق، بولدى چىمەن دەيمەن يەنە.

دەل تەرەققىيات كۆكىگە قىلدى شاھ ئادەمنى يەن،
ئەگدى باشنى ھەر دېڭىز، ھەر تاغ دىگەن، دەيمەن يەنە.

سالدى يەن «ئەلنەغمە»لىككە سىم-تۆمۈرنى شۇ بۇگۈن،
ئەتە چىققاي چوڭ كارامەت... كۆرۈسەن، دەيمەن يەنە.

سەن بارالامسەن بىيىجىڭغا ئالتى سائەت يول بىسىپ؟
قىل تەيەككۈر... يەن كۈچى قانداق ئىكەن؟ دەيمەن يەنە.

ياشلىغىڭدا ياش كۈچۈڭنى يەنگە تەقدىم قىل يىگىت!
يەننى سۆيگەنلەر جاھاندا يەيدۇ قەن دەيمەن يەنە.

بولما شەيدا قاشۇ-كۆزگە، قىل نىگار يەن يارىنى،
باشقا يارلار ئەگمەر، بولساڭ ئىسەن دەيمەن يەنە.

ئۆسسە دۇنيا، بىلمىسەڭ يەن، ئارتتا قالساڭ، ئويلىغىن،
يار توگۇل، بىر «خەس» سىنى قىلماس يىسەن دەيمەن يەنە.

قىلدى جىلۋە، بېزىدى تاڭ نۇرلىرى باغ ھۆسنىنى،
قايتىدىن كىردى ساھادا پەيجىگاھ مەرغۇل يەنە.

باغدا مەشرەپ، باغدا سەيلە، باغدا قىزلار شۇنچە ساز،
قاشلىرى مىسران قېلىچتەك، چاچلىرى سۇمبۇل يەنە.

ئەسىرلەشمەك ئەھدى بىرلە ئىچتى جام ئوتقاش بولۇپ،
بەزمىدە ئۇيغۇر، قازاق، خەنزۇ بىلەن موڭغۇل...يەنە.

بىر مەھەل قاغا قاقاقلاپ، بولدى بۇلبۇل ئاغزى بەنت،
كىم ھەقىقەت دىسە، قىلدى ئىت تالاپ غۇلغۇل يەنە...

تۆرگە چىققان ئەردى مايمۇن، قىپ - قىزىل يۈزىن بوياپ،
كىم زۇلۇمغا ئۇستا بولسا، بولدى شۇ مەقبۇل يەنە.

كۈلدى ھۇقۇش باغدا يايراپ، چاينىدى ئاق نانچى ماي،
كۆرمىدى ئەمما بۇنى، قانۇنىيەت ماقۇل يەنە.

شەيئىلەرگە تاڭ يورۇپ، چۆشكەچ ھەقىقەت مەشئىلى،
ئېشكى چىقتى ئېشەك، دۇلدۇل بولۇپ دۇلدۇل يەنە.

بۇ جاھان شۇنداق جاھانكىم، ھۆكۈمران قانۇنىيەت!
ئۇ، ھامان ئىنسانىيەت تەقدىرىگە مەسئۇل يەنە.

قىلدى بۇلبۇل پىكرى غەلىبە، گۈلگە چىن ئاشىق ئىدى،
توغرىنى بوغقان بوغاۋلار بولدىغۇ چۇل - چۇل يەنە!

كەل قەلەم، سەن ئېركى بىرلە ئىشلىگىن ھەمكارلىشىپ،
ۋەتىنىڭنى قىل بۈگۈن زامانىۋى بىر گۈل يەنە.

1980-يىل، ئىيۇل.

قولدا قايچا، قايچىلار ئۆتسەڭ ئۇنىڭدىن سەل ئۆسۈپ،
يىرتىغىڭنى مازىغاي، ساق يەرنى كۆرمەسلەر يەنە.

ھەجىبىپ ئالدىڭدا ماختار، قۇيرۇغىنى ئوينىتىپ،
ئارقىدىن قالماس قاۋاپ... ئەمما يېتەلمەسلەر يەنە.

ياخشى دوستلار، ئىشلە ياخشى يولدا پۇتلاشلارنى تەپ!
يېڭى دەۋراننىڭ تىغى كىم پۇتلىشار كەسلەر يەنە.

دەۋرىمىز، دەۋرانىمىزغا ئىقتىدار ۋە ئىش كېرەك!
ئۇ قۇرۇق گەپنى ياراتماس كەيسە ئەتلەسلەر يەنە.

پارتىيەم، ئەي باغۋىنىم، ياش مايسىلارنى ئاسرىغىن!
چۈنكى بار تېخى جاھالەت مېيىدىن مەسلەر يەنە.

1980- يىل، نويابىر.

بۇ زامان قىلدى نىدا دەس تۇر، دىدى ئەھلى ۋەتەن،
ئەسرىمىزچە ئۆزلىگىن دەپ پەن بىلەن... دەيمەن يەنە.

تۇتتى پەنگە چىن كۆڭۈل بۆلگەنلەر يۇلتۇزدىن ئورۇن...
ئاچىمەن دەپ كان، نېفت... سالدى سۈرەن دەيمەن يەنە.

ئېركى خۇشتار پەن قىزىغا، چۈنكى پەن ـ ھېكمەت بىلەن،
گۈل بولار ئاخىر چىرايلىق بۇ ۋەتەن دەيمەن يەنە.

1980 - يىل، ئۆكتەبىر.

## سەزمەسلەر يەنە

بىزدە مەۋجۇت يازۇ ـ قىشنى تېخى سەزمەسلەر يەنە.
كونا قاتمال پىكرىدىن ئۈمىت ئۈزەلمەسلەر يەنە.

«دەۋرى ئۆزگەردى» دىسەڭ، ئۆزگەردى دەپ باش لىڭشىتار،
ئاڭا لايىق ئۆزگىرىشنى ئۆزى بىلمەسلەر يەنە.

دەيدۇ دەۋران، ئىشلىگىن دەپ دەل زامانلاشماق ئۈچۈن،
شۇ نىيەتتە قىزىدى ھەر جايدا بەس ـ بەسلەر يەنە.

دەۋرى پەرمانىچە تۇرساڭ، ئىشقا ئۇتتەك قىزىقىپ،
ئۇتتۇغىڭدىن يىغلىغاي قىسمەن كۆرەلمەسلەر يەنە.

بىر كۆچەت ئەردىم خازان... ئالسام باھاردىن بىر نەپەس،
ئاغزى كۆلدى سەت رەقىبىڭ، دىلى كۈلمەسلەر يەنە.

ھەتتا ئارقار، جەرەن، كىيىكلەر
تىترەپ ئۆتكەن قىيا تاشلاردا؛
ئۇچرىتىسەن تولئۇش ئىزلارنى
چوقـقىلاردا، مۇزلۇق قارلاردا.

ھەر كۆڭلىڭگى يېڭى ـ يېڭى ئىز
قار ـ مۇزلارغا مەڭگۈدەك ياراشقان.
ئوت يۈرەكلەر مۇز چوققىلارنى
غەيرىتىدە يەرگە قاراتقان.


ئاشۇ ئىزلار نامسىز تامغىدەك،
تۇرار ئۆچمەي تاغلار بەستىدە.
چېكرا قوغداپ يول ئاچقان مەرتلەر
ياشار مەڭگۈ ئەلنىڭ قەلبىدە.

## بەخت قۇشى

تۇرار مەزمۇت بىر ئېغىر گەۋدە
مۇزنى دەسسەپ تاغ سالمىقىدا.
كۈچ ـ غەيرىتى جۇغلانغان ئۇنىڭ
قولىدىكى گاڭ قورالغا.

لەرزان ئۆزگەن رەڭدار شەپەقلەر
گويا ئاڭا چارچىماس قانات.
ئۇنىڭ قەلبى ئەيلىسە پەرۋاز،
تارلىق قىلار بارچە كائىنات.

لاچىن دەمسەن ياكى بۈركۈتمۇ،
ھەممىسىنىڭ جۈرئىتى ئاندا.



**تەلئەت ناسىرى 1940- يىلى** غۇلجىدا تۇغۇلغان. 1957- يىلى غۇلجا شەھەرلىك ئۆزبېك «نەمۇنە» مەكتىۋىنى پۈتتۈرگەن. ھازىر ئۈرۈمچى قىسملىرى سىياسى باشقارمىسىنىڭ ئەدەبىيات كەسپى خادىمى بولۇپ ئىشلىمەكتە؛ جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.

شائىرنىڭ دەسلەپكى ئەدەبىي پائالىيىتى 1958- يىلى باشلانغان ئىدى. ئۇنىڭ جەڭچىلەر تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈدىغان «جەڭچى ناخشىسى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى 1981-يىلى كىتابخانىلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى. «ئايدىڭ كېچە» ناملىق شېئىرى مەملىكەتلىك باھالاشتا مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

# شېئىرلار

## نامسىز تامغا

تيانشاننىڭ مەغرۇر بەستىدىن
ئۆتسەڭ ئەگەر ئاققۇدەك ئۇچۇپ؛
كۆرەر ئىدىڭ تاغ بويىنىدىكى
«مارجان»لارنى زوق - شوققا تولۇپ.

دېمىگىن: «ئاقباش يىگىت» قەلبىمدە يوقتۇر زەررە داغ،
ئەلگە ئاق كوڭلۇم مېنىڭ، ئاپپاق چېچىمدەك پاقىراق.

1982-يىل، مارت.

## ئاھ! ياشلىقىم

(بىر زىيالى تىلىدىن)

ھەي، ئىسسىت! كەتتىڭ يىراققا خۇددى قۇرغۇيدەك ئۇچۇپ
بى رەھىم يىللار مېنىڭدىن سېنى ئېپكەتتى يۇلۇپ.
سەن بىلەن ئۆتكەن ئۆمۈرنى ئەسلىسەم تەن شۈركىنەر،
تۆھمىتى بېشىمدا تاغ قالپاق سېرى يىلەكىم قۇرۇپ.
«راستىنى سۆزلەش ھەقىقەت، يالغىنى ۋىجدانغا يات»،
ئېيتقىنىم ئىككى ئېغىز سۆز چۈشتى ئاغزىمغا قۇلۇپ.
«ئوك» بولۇپ تارتماي ئىشىم ئوڭغا، سۆرەلدىم قانچە يىل،
ۋەتىنىم، دەپ ئۆز ۋەتەنگە قالغىنىم راس يات بولۇپ.
قىلغى ئېسىمگە يات ئۆتكەن ئاشۇ ئون يىلدىمەن،
«ھايت!» دىسە سەھنىگە چىقتىم ئىشقى يوق «ئارتىست» بولۇپ.
كەتتى يار تاشلاپ مېنى، ئانام باسالماي باغرىدا،
«نە گۇنا قىلغاندىمەن؟!» دەيتتىم، گۇناسىز ئاھ ئۇرۇپ.
سىر بولۇپ كەلگەن ئىدى ئۆتكەن رەزىللىكلەر ماڭا،
چۈنكى ئۆسكەچكە قىزىل تۇغ ئاستىدا دەۋران سۈرۈپ.
ياشلىقىم ئەسلەپ سېنى تاپتىم بۈگۈن ئالتۇن پىكىر،
تاۋلىنىپ چىققان ئىكەنمەن مۇز ئىچىدە چوغلىنىپ.
بولمىسا گەر ئاشۇ كۈنلەر يەتمىگىم مۇمكىنمىدى،
گۈل باھارىم قەدرىگە بۇلبۇل كەبى خەندان ئۇرۇپ.
مەيلى كەت، ئۇ ياشلىقىم ئەمدى ساڭا يوق ھاجىتىم،
ھۆر زامان بەردى يۈرەك قايتا ياشاردىم روھلىنىپ.

1978-يىل، دېكابىر.

بۆرە، تۈلكە، ھوقۇش قوزغۇلنى
قەھرى كەلسە مىلەيدۇ قانغا.

بولۇپ قالغان ئانا ۋەتەنگە،
ئۇ تۇرغاچقا چېگرىدا - گاڭدا...
خەلقى ياشار خوشال، خاتىرجەم،
بەخت قۇشى قونغاندەك باشقا.

1981-يىل، ئاۋغۇست.

## چاچتا ئاق

خەيرىيەت، ئالدى بېشىم تۇرمۇش كىتاۋىدىن ساۋاق،
ئالدىراپ قالدى يېشىم كىرگەچ ۋاقتىسىز چاچقا ئاق.

چاچتى يىل، كەتتى ئۆمۈر، قالدىم ئەقىلگە يار بولۇپ،
ئەلۋىدا، تەنتەكلىكىم كەتتى مېنىڭدىن كۆپ يىراق.

چاپلىشىپ ئاپەت - بالا سالغاندا شۇمپەنلەر ماڭا
ئاچتى گۈل خەلقىم ئۈچۈن بەختىمگە تەككەن ھەر تاياق.

تەنلىرىم كۆلپەت ئىزى، دىلدا ئۈمىتىنىڭ يۇلتۇزى،
كۆيمىدىم شۇڭلاشقا مەن، كار قىلمىدى ھەتتا دوزاق.

ياغسا قار ئاپپاق ئېرۇر، رەڭدار تەبىئەت، نۇر يۈزى،
نەۋ باھار كەلسە يەنە پارچە گىيا تاپقاي روناق.

ئاق بېشىم ئەگرى توقاي يولنى كېزىپ تاپقاچ ئەقىل،
يايرىغان قەلبىم دىدى: ئەمدى خوشال ئەركىنگە باق.

**喜庆花雨**（诗集）（维吾尔文）

中国作家协会新疆分会编

---

新疆人民出版社出版

（乌鲁木齐市解放路306号）

新疆新华书店发行　新疆新华印刷厂印刷

850×1198毫米　32开本17.5印张 8 插页

1985年 2 月第 1 版　1985年 7 月第 1 次印刷

印数：1——5,000

---

统一书号：M10098·996　定价：1.37元